ئىسلامجان شېرىپ

# كرىزىس ۋە بەرپاچىلىق

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K)

ئىسلامجان شېرىپ

# كرىزىس ۋە بەرپاچىلىق

تەھرىرى: ئابدۇقادىر جالالىدىن

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K)

图书在版编目(CIP)数据

危机与创新/斯拉木江·谢里甫著. —乌鲁木齐:新疆科技卫生出版社(K),2001.1
ISBN 7-5372-2649-0

Ⅰ.危… Ⅱ.斯… Ⅲ.企业管理—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.F270

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 04604 号

مەسئۇل مۇھەررىرى: رىزۋانگۈل قادىر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# كرىزىس ۋە بەرپاچىلىق

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №21 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ MORTOM مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —3000
ISBN 7—5372—2649—0/Z·130
باھاسى: 15.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ...... 1
بىرىنچى قىسىم ...... 1
ئىجادىيەت دەۋرى ۋە بەرپاچىلىق دولقۇنى ...... 1
I پاراسەت ۋە ئۆگىنىش ئىنقىلابى ...... 2
II بەرپاچىلىق ئاساسىدىكى ئىگىلىك، ئىگىلىك تەلىپىدىكى ئىجادىي مائارىپ ...... 29
III زامان تەلىپى بويىچە نادانلىقتىن قول ئۈزۈش ... 39
IV بەرپاچىلىققا يۈزلىنىش ...... 49
ئىككىنچى قىسىم ...... 84
دەۋرنىڭ مەۋقەسى ۋە ئىجادىي مۇھىت يارىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ...... 84
I ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەۋقە ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى تونۇش ...... 87
II دەۋرىمىزنىڭ ئەقىل چەمبىرىكىگە ھۆرمەت قىلىش ... 97
III ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ جارى بولۇشىغا پايدىلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تونۇش ...... 107
IV ئىجادىي مائارىپ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ...... 127
ئۈچىنچى قىسىم ...... 186
سەرخىللار ۋە ئۇتۇق قازانغۇچىلاردىن ئۆلگە ئېلىش ...... 186
I سۆز بېشى ...... 187
II سەرخىللار ياكى ئالاھىدە تالانتلار ...... 190

Ⅲ ئالىملار ياكى ئوتتۇق قازانغۇچىلارنىڭ ئۇلگىلىك پەزىلەتلىرى ................................. 230
ئۈچىنچى قىسىم ................................. 292
ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىش ................................. 292
I ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ مۇھىملىقى ... 293
Ⅱ تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇپ، ئوتتۇقنىڭ مېخانىزمىنى ئىگىلەش ................................. 300
Ⅲ ئەنسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىككە توغرا قاراش ... 313
Ⅳ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى يېڭىش ... 325
V روھىيەتتىن چۈشكۈنلۈكنى ھەيدەش ......... 341

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، يېڭى ئەسىردە ئاجايىپ زور ئۈمىد
ۋە ئۈمىدنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا توسقۇن بولۇۋاتقان كىرـ
زىسلەر ئالدىدا بىز بىلىم ئىگىلىكىنى باشلىدۇق. ئەمما، بۇ
ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بىلىم كامالىتىمىزنىڭ يېتەرـ
سىزلىكىدىن زامانغا لايىقلىشىش ئىستىكىدە جىددىي تەقەززالىق
تۇيغۇسىغا كىرىپ قالدۇق. كىرىزىس بىزدىلا ئەمەس، تەرەققىي
تاپقانلاردىمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ يۇكـ
سەك چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن دۇنيانىڭ قالاق رايونلىرىدىن
يۇلۇپ ئېلىش پىلانلىرىنى يولغا قويدى. ئېلىمىزدە «ئارقىدا
قالساق تاياق يەيمىز» دېگەن شوئار ئاستىدا كۆتۈرۈلگەن زامانىـ
ۋىلىشىش دولقۇنى ئەنە شۇ دۇنيانىڭ نوچىلىرىمۇ كىرىزىستا
قېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە مىللەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
كۆتۈرۈلدى. بىزنىڭ ساپا قايغۇسىدا قاتمۇقات چوڭقۇر پىلانلار
بىلەن توختاپ قالماي، مائارىپنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، پۈتـ
كۈل جەمئىيەتنى گويا يېڭى تەپەككۇر ئۇپۇقىغا تۇتىشىپ تۇرىدىـ
غان مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش بويىچە ئىلگىرىلىشىمىز، ئىجادىي
مائارىپنى بارلىق تەلىم ـ تەربىيىنىڭ سەركىسى قىلىشىمىز ئەنە
شۇ دولقۇن ھارپىسىدىكى ئىجادچانلىققا بېسىلغان غالىب قەدەمـ
لەردۇر. بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر بىز ئۇزاق مەدەنىيلىك تارىخىـ
مىزنى زامانىمىزغا ئۇلاپ بىزنى مەدەنىي مىللەتلەر قاتارىدا ساقـ
لاپ قالىدىغان ئىجادچانلىققا سۇس قاراپ، يەنىلا ئاددىي ھېسسىـ
ياتپەرەسلىك كوچىسىغا مېڭىپ، باشقىلار دۇنيا بويىچە يۈكسەك

ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مائارىپقا، پەن - تېخنىكىغا، ئىجادچانلىققا جان ۋە قېنىمىز بىلەن پەرۋانە بولمايدىكەنمىز، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا ئارقىدا قالغىنىمىز قالغان.

توغرا، ئارقىدا قېلىش، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادتا گادايلىشىپ كېتىش دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ بېشىغا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان بىر خىل ئەرۋاھ، لېكىن پەلەكنىڭ گەردىشى يالغۇز بىزنىڭ بېشىمىزدىلا تەتۈر چۆرگىلەمەيدۇ. ئۇنى توغرا ھەل قىلىپ كۈچەيگەن مىللەتلەرلا بەختلىك تارىخنى ئۇزارتىدۇ. تەجرىبە ۋە ساۋاقلار بويىچە تارىخنى ئەسلىگەندە، مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئىجادىيەت بىلەن مەدەنىيەت روھىنى ئۇلاشتۇر. چۈنكى «مەدەنىيەت بىر خىل روھ سۈپىتىدە پايانسىز زېمىننى ئارىلاپ يۈرىدۇ. ئەگەر ھەربىر مەدەنىيەت تېپىنى بىر يېگانە ئارالغا ئوخشاتساق، مەدەنىيەت قوتۇپلىرىنىڭ تۈرلۈك بۇرجەكلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ‹يېگانە ئارال› لارنى دەل مەدەنىيەت روھى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، مەدەنىيەت روھى ئەقىلنى سەگەكلەشتۈرىدىغان يارقىن نۇر قۇيۇنى بولۇپ، بەزىدە كىرىت ئارىلىنى، بەزىدە ۋىزانتىيە، مىسوپوتامىيىلەرنى، بەزىدە نىل دەريا ۋادىلىرىنى، بەزىدە تارىم تۈزلەڭلىكىنى ئارىلاپ يۈرىدۇ. بۇ خۇددى كۈچلۈك بىر دولقۇن چەمبىرى پۈتۈن سۇ يۈزىنى ئارىلاپ قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ، يەنە لەرزە قايتۇرغاندەك بىر ئىش. تارىم ئېتەكلىرىدە تۈرلۈك تىل - يېزىق، دىن، مەدەنىيەت ۋە قانلار ئۇچرىشىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، تەكلىماكاننىڭ قەدىمىي باغرى زارا ئاستىر، ساكيامۇنى، ئېيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرىپەتلىرى ئوغۇزخان، بىلگە قاغانلارنىڭ باھادىر چوقانلىرى بىلەن جۇشقۇن بىر ئېقىنغا ئايلاندى. بۇ ئېقىندىن ھاسىل بولغان لاتقىلار بىھېساپ يوشۇرۇن بايلىقلارنى ئۆزى

بىلەن يۇغۇرۇپ مۇنەججىم سۇپەت كەيپىيات بىلەن يۇلتۇزغا قاراپ قاغجىراپ ياتماقتا. بىزدە «ئاۋىستا»، «بۇددا نوملىرى»، «ئىنجىل»، «تەۋرات» لارنىڭ ئۆزىمىزگە لايىقلاشقان ۋارىيانتلىرى بار. تەپەككۇرىمىزنىڭ ھالقىلىرى سوقرات، ئەپلاتۇن، ئارستوتېللارنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن مۇناسىپ سۇغۇرۇلغان. چۆچەكلىرىمىزدىكى قەھرىمانلار ئەرەپ، ھىندى، پارس، گرېك، رىم دالالىرىنى كېزىپ يۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجدادىمىز تۇتاشتۇرغان مەدەنىيەت رىشتىلىرىنىڭ نەقەدەر ئۇزۇن، كەڭلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، بىز باشقىلارنى چۈشىنىش، ئۆزىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش، ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرىنى دەل ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ قۇدرەت تېپىش جەھەتتە ئۆزگىچە ئەنئەنىگە ئىگە خەلق، بىراق بۇنداق ئەنئەنە يىللار سىرى ھەيۋەتلىك تۇسىنى يوقىتىپ، تارجىلغا سۇيىگە ئوخشاپ قالدى»①. بۇ ھال بىزنىڭ دۇنيادا تېخىچە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان خىسلەتلەرگە ئىگە تارىخىمىزنىڭ سۇپىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن تار جىلغىدىن زامان تەلىپىدىكى ئەزىم دەرياغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخى بويىچە مەدەنىيەت روھىنى ئۇلاش ئىجادىيىتىنى زامان تەلىپىدە ئورۇنداش بىزگە ۋىجدانىي بۇرچتۇر.

ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيلىك تارىخىمىزنى ئۈزۈپ قويماي تۇتاشتۇرۇپ مېڭىشتا گادايلىق ياكى جەڭ ئەرۋاھلىرى بېشىمىزغا قارا بالا قىلىپ قويغان مەسىلىلەر بىلەن ئىللەتلەرنى توغرا ھەل قىلدى، دەۋر ئېتىبارىدىكى ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرگە مەردانىلىك قىلىشتىن باشقا، ئىجادچانلىق كۆزقارىشى بىلەن پائالىيىتىنى خۇددى نامايىشچى قوشۇننىڭ ئالدىدا

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «بىزنىڭ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى» ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى، 1998 - يىل 21 - سان 166 - بەت.

بىر سەپكە مەشئەل كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئۆز-
ىنىڭ خاسلىقىنى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدەك ئەۋلاد-
تىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇردى، ھەربىر دەۋردە مىللىي خاسلىق-
نى دۇنياۋى سەۋىيىدە ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىگە قوشىدىغان
سەپ - سەپ ئالىم - ئۆلىمالىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىزنى
دۇنيانىڭ كاتتا مىللەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى، بىز مەۋجۇد
بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بۈگۈنكى مىللىي خاسلىقىمىزنى يەنە شۇ
مەدەنىيەت داۋامچانلىقى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى ئورنىدىكى «بىلىك»
«بىلگە» گېنىنىڭ يىلتىزى بىلەن ئۇلاپ يېڭى نوتىلارنى كۆكلە-
تىشىمىز كېرەك. بۇ نوتىلارنىڭ مېۋىلىشى ئېلىمىز جۇڭگو-
نىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خاسىيەتلىك
دورا: ئارقىدا قېلىش، گادايلىشىش ياكى چىرىپ چېكىنىپ
كېتىشلەر مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ مەدەنىيەت روھىغا
زامان تەلىپىدە ۋارىسلىق قىلالمىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان.
مەدەنىيەت ئۇلىنىشىدىكى بۇنداق ئىزچىللىقتىن كۆرۈلىدۇكى،
بىزدىكى ئىجادچانلىق خۇددى ئۇلۇغ بۇزرۇكۋارلىرىمىزنىڭ قەب-
رىسى ئالدىدىكى بۇلۇقلىما ھاسىل قىلغان مۇھەببەتلىك كۆز
يېشى بىلەن قىلغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىمىزدەك مۇقەددەس،
بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئەگىشىپ ئۇچۇۋاتقان لاچىنلار توپىدەك
ھەيۋەتلىك ھەرىكەت. بىز پەقەت ئىجاد قىلغاندىلا، باشقىلار
خۇددى ناغرا - سۇنايلىرىمىزنى ئاڭلاپ بىزنىڭ يىراق مەدەنىيەت
گېنىمىزنىڭ سەنئەتلىك ئۇلىنىشىنى كۆرگەندەك، بىزنىڭ ماد-
دىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ساھەسىدە مىللەت تارىخىمىزنى
ئۇلاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرىدۇ، ئىجادىيەت سەۋىيىمىزگە
قاراپ مەدەنىيەت بويىمىزنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى ئۆلچەپ ئېتى-
راپ قىلىدۇ. ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش، ھۆرمەت قىلىش،
باشقىلارغا ھەم ئېتىراپ قىلدۇرۇش دېگىنىمىزنىڭ مېغىزلىق
مەزمۇنى ئەنە شۇ خاسلىق — ئىجادچانلىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقىدا قالساق تاياق يەيمىز دېگەن نېمە؟ — دەيدۇ پروفېسسور فاڭ نىڭ «جۇڭگونىڭ چىقىش يولى» دېگەن كىتابىدا مېنىڭچە، ماددىي قالاقلىقتىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغىنى مىللىي روھنىڭ يوقىلىشىدۇر. «بىر مىللەتنىڭ روھىي جەھەتتە يىلىگدەپ كېتىشى ئېلىپ كەلگەن ئاجىزلىق نوقۇل ئىقتىسادىي قالاقلىقتا قارىغاندا يەڭمەك تېخىمۇ تەس بولغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقىدۇر». مەن بۇ سۆزنى بىزدىكى زامانىۋىلىشىشقا لايىقلىشىش ئىستىكىدە يۈرىكىمىزدە پەيدا بولغان ئىجادىيەت تەقەززالىقىنى قاندۇرۇشقا بېرىلگەن دەلمۇ دەل جاۋاب دەپ قارايمەن. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «بەرپاچىلىق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى جېنى» دېگەن سۆزىنى بولسا، ئاشۇ بۈيۈك ئالىملار مەسلىھەتىدىكى «بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقى» نى تۈگىتىشتىكى ئاچقۇچ دەپ قارايمەن.

ئۇنداق بولسا، بىز مۇشۇ يەكۈن بويىچە ئۆتكەن ئەسىرنى ۋە ھازىرقى خەلقئارا ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى: XX ئەسىردە ئىنتىرا، ئىجادىيەتنى بايراق قىلغان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇردى. پەن - تېخنىكا ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن قۇياش، پەن - تېخنىكىدىكى تەرەققىيات ئىنسان مېڭىسى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئىنسانلار مېڭىسى توختىماستىن مەدەنىي روھلارنى دۇنياۋى تۇتاشتۇرۇپ ماڭغانلىقتىن يۈز بەردى. بۇ تەرەققىيات ئىنسانلارنىڭ بىلىپ ئېلىنغان بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز جۇغلاش ۋە بىلىپ ئېلىنمىغان دۇنيا ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى. شۇ ۋەجىدىن بىز XX ئەسىرنىڭ ئىجادىيەت قاتلىمى بويىچە قۇچاق ئېچىۋاتقان XXI ئەسىرنى مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىش ئۇچۇن تالانتنىڭ يېڭى گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدىغان ئىجادىيەت ئەسىرى دېگەن يەرگە كېلەلەيمىز. ھازىرقى دۇنيا مانا مۇشۇنداق قاراشقا

ئورتاقلاشقانلىقتىن، ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە ئادەم ئازادلىقىنى كونا مۇقامدىن تامامەن پەرقلىق هالدا بىر پۈتۈن چۈشىنىشكە باشلىدى. يەنى ئادەم ئازادلىقىنى سىياسىي ئازادلىق، ئىقتىسادىي ئازادلىق، ئىدىيىۋى ئازادلىق ۋە پاراسەت ئازادلىقىدىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ بىرلىكىدە چۈشىنىپ، يېڭى ئەسىردە ئىدىيە ۋە پاراسەت ئازادلىقى ئارقىلىق ئالدىنقى ئىككى تەلەپنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تالانت جېڭگە چۈشتى.

پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ جەڭدە ئىكەن، ئۇنداقتا، قايسى ئادەم، قايسى جاي، قايسى خەلق ئىجادچانلىقنى قوزغاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى هازىرلاپ، كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆرۈنمەيدىغان تۈرلۈك ئىدىيىۋى ئاسارەتلەرنى پاچاقلاپ تاشلىيالىسا، ئادەم ئازادلىقىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولغان تالانت ـ پاراسەت ئازادلىقىنى ئورۇنداپ، ئادەمدە يوشۇرۇن تۇرغان ئەقلىي ئىقتىدار بايلىقىنى ئېچىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىش بويىچە جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالايدۇ. زامان تەلىپىدە مەدەنىيەت روهىنى ئۇلاش دېگەن ئەنە شۇدۇر.

راست، هازىرقى كۈندە ئادەمدىكى مەنىۋى دۇنيادىن باشقا بايلىقلار ئاساسەن ئاشكارا بولۇپ بولدى، باشقىلارغا سىرلىق تۇيغۇ بېرىدىغان پەقەت ئەقىل ـ پاراسەت بولۇپ قالدى. بۇ بايلىق تېخىچە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە يوشۇرۇن ئۇخلىماقتا، شۇڭا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەللىرىدىكى تەسىرى كۈچلۈك ئالىملار دۇنيانىڭ يېڭى ئىش، يېڭى شەيئىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى، بولۇپمۇ ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش هەققىدە ئىزدىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. پەننىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، هەربىرىمىزدە خىيالىمىزدىكى بارلىق شېرىن چۈشلەرنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا قادىر تالانت ۋە پاراسەت بار. بىز پەقەت ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى كۆز بىلەن كۆرگىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىدىغان نەتىجىلەرگە ئايلاندۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇتۇق قازانغان سەر خىللار قاتارىغا كىرەلمىدۇق. بىز گەرچە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، پەقەت ئەقلىمىزدىكى پاراسەتنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنىلا ئىشقا سالدۇق، بىزدە يەنىلا ناھايىتى يۈكسەك قىممەتكە ئىگە بايلىقلار يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ.
بىزدىكى مېڭە بايلىقى شۇنداق زوركى، ئەگەر بىز مېڭىمىزنىڭ يېرىمىنى ئىشقا سالغان تەقدىردە 40 خىل چەت ئەل تىلىنى بىمالال ئۆگىنىۋالالايمىز، چوڭ قامۇسلارنى يادلاپ چىقالايمىز، 12 تۈرلۈك پەندە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالالايمىز. دېمەك، بىزدە-كى پاراسەت يېڭى ئەسىردىكى ئىگىلىكىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈشكە كاپالەت بېرىدىغان غايەت زور خەزىنە. ئۇ بىزنىڭ ئېچىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئۇ ھەربىر ئادەم ۋە مىللەتنىڭ مېڭىسىگە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئېچىش ئاللىقانداق سىرتقى كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە ئەمەس، ھەربىر ئادەم ۋە خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى-گە باغلىق. مەدەنىيەت تارىخى بىزگە ئېچىپ بەرگەن ھەقىقەت بويىچە قارىغاندا، تالانتلىق دەپ ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى، دۇنيا تەرەققىياتىدا باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق تالانتى بىلەن ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ چولپان بولغانلاردۇر. تالانت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلغانلىقىنىڭ، ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەقلىدە سۇس تەرەپلىرىنى يېڭىپ، تۆۋەن ھالەتتىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى؛ ئۆزىنىڭ ئەقلىنى بۇلغايدىغان ناچار تەرەپلىرىنى تېپىپ تۈزىتىپ، سەرخىل ئادەملەر توپىغا كىرگەنلىكىنىڭ نە-تىجىسى. بۇنداق ئىكەن، بۇ تەرەققىيات جەريانى بىزگە تالانت ئازادلىقىنى ئادەم ئازادلىقى، ئىقتىدار ئازادلىقى ۋە قەلب ئازاد-لىقىنىڭ يۈكسەك بىرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈشنى، زامانىۋى مىل-لەت بولۇش ئۈچۈن بەرپاچىلىق يولىغا مېڭىپ، ئۈمىدنى مىللەت-

تە يېتىلىۋاتقان ئىجادچان ئەۋلادقا باغلاشنى شەرت قىلىدۇ.
بىزدىكى بىھېساپ يوشۇرۇن بايلىق ئەنە شۇ چاغدا — ئاشۇ ياش
ئالىملىرىمىز يېتىلگەندە، خەلقىمىز ئۆزىدىكى ئىجادىي قۇدرەتكە
ئىشەنگەندە ئېچىلىدۇ.

تەرەققىي تاپقان دۆلەت، مىللەت دېگەنلەر نېمە؟ ئەنە شۇ
ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەنلەردۇر. ئەمەلىيەتكە قارىساق، ئۇلار
ئۆز ئەللىرىدە تالانت ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن توختى-
ماي، دۇنيا بويىچە تالانت كۈرىشىدىمۇ سەزگۈر ئىنسانلار بول-
دى. ئىشسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، نامراتلىقنى ئەنە شۇ تالانت
بايلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئىككى يول بىلەن ھەل قىلدى.
ئەنە، ئامېرىكا تالانت تالىشىش بويىچە بىرىگە تونۇشلۇق دۆلەت.
ئۇ XX ئەسىردە دۇنيا بويىچە تالانتنى قەدىرلەش ۋە ئىجادچانلىق-
نى قوزغاش بىلەن ئۇتتۇپ چىقتى. ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە-
لەرنىڭ 10 يىل بۇرۇنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى
ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە، كومپيۇتېر يۇم-
شاق دېتاللىرى، بىئو تېخنىكا ۋە ئالاقە تورى بولغان ئىنتېرنېت
ساھەسىدە نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا شىركەتلىرى دۇنيا بازىرىنىڭ
خوجايىنى بولۇپ قالدى؟ ياۋروپا بىلەن ياپونىيە تالانت ئازادلىقى-
نى ئۆز ئەللىرىدە ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلغان
بولسا، ئامېرىكا پۈتۈن دۇنياغا تور سېلىپ، تالانت بىلىقلىرىنى
تۇتۇش بىلەن شىركەتلىرىنى دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى دانىش-
مەنلەر بىلەن تولدۇرۇۋالدى. ئامېرىكىنىڭ تالانت ئازادلىقىغا
ئېرىشكەن يەرلىك خەلق بىلەن چەتتىن كەلگەن دانىشمەنلەر
بىرلىكتە ئۇنىڭ ئىقتىسادىنى مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۈستۈرۈپلا
قالماي، ئۇنىڭ يۇقىرى پەن - تېخنىكا سانائىتىدىكى دۇنياۋى
ئۈستۈنلۈكىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. دېمەك، دۇنيا XX ئەسىردە
ئىجادچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئۇلاپ، شۇنچە

كۆچلۈك باي دۆلەتلەرنى، ئىلغار مەدەنىي مىللەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنداق ئىلگىرىلەش قانۇنى دۇنيانىڭ بارلىق مىللەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ! بىز ئۇنداق ئۇلاشنىڭ نۇرغۇن ھالقىلىرىدا بىمار تۇرۇپلا قالماي، يەنە بىرمۇنچە تارىخىي مىراس سۈپىتىدىكى ساناۋەت، تېبابەت ۋە تېخنىكا تۈرلىرىنى دەۋر تەلىپىدە زامانىۋىلاشتۇرماي يوقىتىپ قويدۇق. يوقىتىپ قويۇش بىزدىكى ئىجادچانلىقنىڭ كەملىكىدىندۇر. بۇنى تونۇپ يەتمىسەك، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويىمىز، مەنىۋىلىكتە يوقىتىش ئاخىرلاشمايدىكەن، يوقىلىپ كېتىش ئۇستىبدىكى ئەنسىزلىكمۇ تۈگىمەيدۇ.

ئەنە، ھەقىقەت شۇنداق يورۇق. ئارقىدا قېلىپ تاياق يېمەسلىك ئۈچۈن بىزگە تالانت ۋە ئىجادىيەت بويىچە ئىلگىرىلەپ، بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىشتىن باشقا يول يوق. ئىجادىيەت قۇدرىتى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد قالاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەرۋاھنى قوغلايدىغان كۈچ. كەمىنە «كىرىزىس ۋە بەرپاچىلىق» نى تەقدىم قىلىشتا ئەنە شۇنداق دۇنيا ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھەمدە ساپايىمىزدىكى ئەيىبنى كۆرۈشتىن ئەيىبنى تۈزىتىدىغان چارىلەرنى ئىزدەش ئەلا دېگەن ئەقىدىدە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىپ، رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىي قۇرۇلۇش سىستېمىسى — بەرپاچىلىقنى يېزىپ چىقىپ، زامانىۋىلىششىنىڭ بەرپاچىلىق ـ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى زەنجىرىدىكى جەمئىيەت زىممىسىگە ئالىدىغان ماكرولۇق نۇقتىلارنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم پىكىرلەرنىلا ھۆزۈرۇڭلارغا سۇندۇم. بۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ تالانت ۋە ئىجادىي-روھنى جارى قىلدۇرۇشقا ئائىت ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى نۇقتىلىق ئىگىلىۋېلىشىغا مەسلىھەت پىكرى بولالايدۇ ياكى ئوقۇرمەنلىرىمىنىڭ بەرپاچىلىق

بىر پۈتۈن ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى بىلىملىرىگە زاماسكىلىق رولىنى ئالالايدۇ، دەپ قارايمەن. ئەڭ مۇھىم سۆز شۇكى، بىلىم ئىگىلىكى مىسلىسىز بىر ئىنقىلاب، بۇ يەردە بىر مۇنچە ئادەملەر توپى يوقىلىپ، بىر مۇنچە يېڭى جامائەتلەر باش كۆتۈرىدۇ. ئەمما جەڭ قوراللىرى كۆپ ئىشلىمەيدۇ، بىلىم قورالى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئىجادچانلىق بىلىم قورالىنى ئاخىرغىچە مۇستەقىل تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسىدۇر. بىلىم جېڭى قورال - ياراغ جېڭى بىلەن ئوخشاش، بەلكىم قورال - ياراغ جېڭىدىن يامان. جەڭ بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئۆتكۈر قورال كېرەك بولىدۇ. مەن بۇ قورالنى ئالىم، دوكتور فاڭ نىڭنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئىپادىلەيمەن. «جۇڭگولۇقلار يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بوران - چاپقۇنلاردىن قورقماسلىقى ياكى كەينىگە چېكىنمەسلىكى كېرەك. ئىستىبلاچىلار ئالدىدا ياشاپ قېلىش ياكى ئۆلۈپ تۈگىشىپ كېتىش بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مەسىلە؛ ئۆزىنى دالدىغا ئالغىلى بولمايدىغان چېلىش ئالدىدا كىشىلەر ئۈمىدلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن نۇرغۇن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بىز ئۈمىدۋار بولىمىز، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن بولۇش، تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىش، ھەربىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرۇش قاتارلىق ئامىللار مۇھىم، لېكىن ئۇ ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئارىلىقنى قىسقارتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە غەربنىڭ ئىدىيە ھەم سۆز - چۆچەك زومىگەرلىكىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشتۇر. مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشاپ قېلىش ماھىيەتتىن ئالدىدا تۇرىدۇ، ياشاپ قېلىشقا جۈرئەت قىلغانىكەنمىز، ياشاپ قېلىشنىڭ ھەقىقىتىنى تاپالايمىز، ياشاپ قېلىشنىڭ يولىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاپالايمىز. ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ يۈرەك قېتىدىكى مىللىي ئاڭ-
نى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەننى پەرۋاز
قىلدۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن يېڭى ئەسىر بورانلىرىنى
كۈتۈۋالايلى!»[①]. روشەنكى، مىللەتتىكى ئىجادچانلىقنى قوز-
غاش بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قالاقلىقىنى يېڭىپ ھەقىقەت ۋە
چىقىش يولىغا يېتىپ بېرىشنىڭ تۈگۈنىدۇر. ھازىرقى كۈندە،
ئەگەر بىر زىيالىيدا، ھەتتا بىر تىجارەتچىدىمۇ مۇشۇنداق بۇرچ
تۇيغۇسى، خەلقى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمايدىكەن،
ئۇ ھېچقانداق ئىجابىي رول ئوينىيالمايدۇ. بىر مىللەتتە بۇنداق
تۇيغۇلار كۈچلۈك بولمايدىكەن، زامان رىقابىتىنى ئەۋج ئالدۇ-
رۇۋاتقان جاھان بازىرىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھاياتىمىزغا تاقىشىدى-
غان بۇ ئەنسىزلىكلەر ئالدىدا داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن، بىز
ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت ھەقىقىتىگە
سەممىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك، ئەجدادلىرىمىز ئۆز
تارىخىدا ئىجادچانلىق بىلەن بىزنى ھازىرقى كۈنگە ئۇلىدى،
بىزمۇ بۇ ھەقىقەتكە بولغان ساداقەتلىك ۋە ئىززەتلەش ھېسسىيا-
تى بىلەن ئۇلارغا ئۇلىنىشىمىز كېرەك. بىر ئادەم، بىر مىللەت
ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەردىن نۇرغۇن خاتالىقلارنى
ئۆتكۈزىدۇ، تۈزىتىدۇ. بۇ خاتالىقلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ئۆز
كاللىسى بىلەن ئويلاش، ئۆز پۇتى بىلەن يول مېڭىش، ئۆز
قولى بىلەن ئىشلەش روھىدىن يېنىۋېلىش، بىر ئېغىز گەپ
بىلەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ھاياتلىقىنىڭ بۆلىقى بولغان ئىجادى-
يەت قۇدرىتىگە سەل قاراشتۇر. بۇنداق خاتالىقنى تۈزىتىش
توغرىسىدا «ئەتە» دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنى «بۈگۈن»لا تۈزى-
تىش كېرەك. چۈنكى پەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىجادىي روھ-

① «جۇڭگونىڭ چىقىش يولى» خەنزۇچە نەشرى، 8 - بەت.

نىڭ ئۆلۈشى مىللىي روھنىڭ يېرىم ئۆلۈشى، مىللىي غۇرۇر-
نىڭ يەرگە ئۇرۇلىشىدۇر.
يېقىرنىڭ تۆۋەندىكى پىكىرلىرى ئەنە شۇنداق خاتالىقلار ۋە
ئۇلارنى تۈزىتىشنىڭ ئومۇمىي بايانى ئەمەس، بەلكى، دۇنيانىڭ
ھازىرقى ئىگىلىك ۋەزىيىتى ۋە ھەربىر خەلقنىڭ ئىجادچانلىقىنى
ئۆزلىرىدە يېتىلدۈرۈشكە زۆرۈر بولغان، «بۈگۈن» لا قىلىندى-
غان ھەرىكەت — مۇھىت تەييارلىقى ھەققىدىكى دەسلەپكى
قاراشلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

## ئىجادىيەت دەۋرى ۋە بەرپاچىلىق دولقۇنى

بەرپاچىلىق ـــ گۈللىنىش، كونىلىقنى ساقلاش ئۆلۈشتۇر.[①]

① «جۇڭگو بەرپاچىلىق خىتابنامىسى» دىن.

# I پاراسەت ۋە ئۆگىنىش ئىنقىلابى

رىقابەتچىلىكتىن تېز ئۆگىنىش قابىلىيىتىڭ
ئېھتىمال سەن ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر
رىقابەت ئۈستۈنلۈكى.

— ج. ۋاس

خىيالىمدىن شۇ نەرسە تەكرار كېچىپ ئۆتىدۇ: بوۋاقلاردا
دوراشنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقى ئېھتىمال ئادەمدە ئۆگىـ
نىش قابىلىيىتى يېتىلمىگەندە ئۇنىڭ ھايۋانغا يېقىن ھالەتتە
تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىزنىڭ ئۆگىنىشتىكى يادلامچىـ
لىقىمىزنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى ئىلمىي مۇكاپات دەرىجىلىرىـ
نىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا چىقالماسلىقى ئېھتىمال ئىنسان كامالىـ
تىنىڭ نوقۇل بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىقلا يېتىلمەيدىغانلىقىدىن
بولسا كېرەك. ئالايلۇق، بىز تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىمىز تۈپەيلى
ئۆگىنىمىز، ئەمما، ئۆگىنىش بىلەن توختاپ قالمايمىز. ئەجـ
دادلىرىمىزنى دورايمىز، ئەمما دەۋرىمىزنىڭ تەلەپلىرى بويىچە
يېڭىچە تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن يېڭىلىق يارىتىمىز. ئىنساندىـ
كى كامالەت ئىزدەش ئادىتى بەلكىم ئۆگىنىش بىلەن يېڭىلاش
بىرلەشكەن ئۈزلۈكسىز مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنـ
گەن. بۇ يەردە پاراسەت ئىككى تەرەپنى ئۇلايدىغان ئاساسلىق
رولچى بولغان.

راست، ئەنئەنىمىزدە ساقلانغان بىلىملەر بىرخەزىنە بولسا،
ئىجاد قىلىنغان بىلىملەر دەل بۈگۈنكى كۈندە ئۈنۈم بېرىدىغان
ئىستېمال بولۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ بىلىملەرمۇ

خەزىنىلىشىپ، يەنە يېڭى بىلىملەر بەرپا بولىدۇ. دېمەك، پارا-سەت بىلەن بەرپاچىلىق ئىنسانلار ھاياتى بىلەن تەڭ باشلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىزچىل پائالىيىتىگە كېپىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكىدە بىزنى ياشارتىدىغان بىلىم ئىجاد قىلىشنى كونا بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىمىز. توغرا، تارىختا ھاسىل بولغان بىلىملەر خەزىنىسى تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بىلىم ئىگىلىكىدە پەقەت ھازىرقى كۈندە جانغا ئەسقاتىدىغان تېخنىكا، تۇرمۇشنى گۈزەل-لەشتۈرىدىغان ھۈنەر، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، قىيىننى ئا-سان قىلىدىغان ماھارەتلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، بىلىم ئىگىلىكى دېگىنىمىزدە، كونا بىلىملەرنى ساتىدىغان ئەس-كى بازارنى نەزەردە تۇتمايمىز، بەلكى بۈگۈنكى ھاياتىمىزنى بەدىئىي گۈزەللىك دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدىغان يېڭىدىن ئىجاد بولۇۋاتقان بىلىملەرنىڭ بازارلىشىشى، يېڭىدىن ئىختىرا قىلى-نىۋاتقان تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ مەھسۇلاتلاشتۇرۇلۇشى ۋە تا-ۋارلاشتۇرۇلۇشىنى نەزەردە تۇتىمىز. بۇ بىلىملەرنىڭ كۆپچىلى-كى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ بازارغا كىرىدۇ. بەزىلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تى-لى، قەلىمى ئارقىلىق گېزىت ــ ژۇرنال، رادىئو ــ تېلېۋىزى-يە، پۇتوكچە ــ ئوكيانۇسلار ئارقىلىق بىۋاسىتە جامائەتكە تارقى-تىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق يېڭى قىممەتلەر يارىتىلمايدىكەن، ئۇنى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ بازارلىرى كونا ماللار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ ــ دە، بۇنداق كونا ماللارنىڭ ئىگىلىرى تېزلىكتە نامراتلىششقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. يېڭىدىن ئىجاد قىلى-ۋاتقانلارنىڭ بىلىملىرى مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ كەڭ بازار تاپقانلى-قى ئۈچۈن، ئۇلار تېزلىكتە باي بولىدۇ. ئەڭ كەمبەغەل، ئەمما كۆز ئالدىمىزدىكى تۇرمۇشتىن كىلەچەككىچە تەرەققىيات ئىس-

تىقبالى بار مەھسۇلاتلارنى ئەمەلىي بازارنى نەزەردە تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىلايدىغان، ئۇنى ياساشقا قوماندانلىق قىلالايدىغان بىر ئىختىراچى بىلەن يېڭىدىن ئىش تەۋرىتىش قولىدىن كېلىدىغان بىر كارخانىچى ساداقەت بىلەن ھەمكارلىشىدىكەن، ئۇلار تېزلىكتە باي بولۇپ كېتىدۇ. ئىجادكار دانىشمەنگە، چېۋەر ئىختىراچىغا دىمىغىدا كۈلىدىغان بىر باي ياكى ئۇلارنى چەتكە قاقىدىغان قاتمال بىر زاۋۇت ئىگىسى تېزلىكتە نامراتلىشىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى بۇ مۇقەررەرلىك پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدا ئىزچىل ئۆگىنىش بىلەن بەرپا قىلىش بىرلىكىنىڭ داۋامى بولۇپ، بۇ ئەجدادلىرىمىزدىن ئۆگەنگەندە ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۈزلۈك بىلەن قالدۇرغان ئۆچمەس ئىزلىرىنى قەدىرلەپ ئۆگىنىشىمىز لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

تارىختىكى مەڭگۈ ئابىدىلەر ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن تارىخىمىزدىكى ئىنسانىيەت ۋە مىللەتنىڭ مەڭگۈلۈك ياشاش ئۇچۇن يول ئېچىپ ماڭىدىغان روھىي دۇنياسىنى بىزگە ئۇلايدۇ، بىزگە ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىدىغان غۇرۇر، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەيدىغان جاسارەت، ھەققانىيەت ئۈچۈن پىداكار بولىدىغان باتۇرلۇق ئاتا قىلىپلا قالماي، ھەر زاماندا ياشىغان ئەۋلادلارنى دەۋر ئېتىبارىدىكى ئىجادىي ئۆگىنىش دولقۇنىدا تارىخىي شەرەپلىرىنى تەكرار ئۈستۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بەزى خەلقلەر تارىختا ئىنسانىيەت ئەقلىنى ئويغىتىدىغان ئۇلۇغ چوققىلارنى سېلىپ ئۆتكەن باتۇر ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ھەربىر دىغان ئىجادىيەت پۇرسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تەلەپلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىجادىيەت پۇرسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىسە، ئۇلارنىڭ تارىخىدىكى بۈيۈك مەدەنىيەت ئابىدىلىرى تەبىئەتنىڭ ئۇزاق ئۆزگىرىشى بىلەن دېڭىزلار قۇمغا، زىمىستان سوغۇقلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تاغلار قارىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندەك يىمىرىلىپ كېتىدۇ - دە، تارىخنىڭ داۋامىدىكى كەنجىلەر غۇرۇرلىنىپ تۇرۇپ باتۇرلۇق قىلىدىغان مەنۋى تۈۋرۈكلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۈگۈن بىزدە شۇنچە كۆپ زىيالىي، يۈكسەك ئوقۇل ۋە ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى تۇرۇپ زىيالىيلىقنى باشقىلارنىڭ مودىلىرىنى دوراش بىلەن ئۆلچەيدىغانلارنىڭ لاغايلاپ يۈرۈشىگە شۇنداق خەۋپ يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق دورامچۇق بولۇپ قېلىشى پەۋقۇلئاددە جان ئالار ھادىسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەرنىڭ بارلىق ئۈستۈنلۈكلىرىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمىگەنلىكىدۇر.

چۈنكى، ئادەم ئالەمدىكى جىمى مەخلۇقلار ئىچىدە مەنۋى زەرەتلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى تەكرار يارىتىدىغان يېگانە مەخلۇق. ئۇنىڭ تۇرمۇشى خۇشلۇق ۋە خاپىلىق، ئاسايىشلىق ۋە خېيىمخەتەر، كۈرەش ۋە ئەمىنلىك، يۈكسەك ماھارەت چېنىقتۇرىدىغان سەنئەتلىك پائالىيەت ۋە چىرىكلىشىپ كېتىدىغان رەزىللىك. . . لەرگە تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ، تارىخىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ياشاش ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئىجاد قىلىدىغان بىر خىل سەنئەتلىك پائالىيەت. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىك تارىخى ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن قىلغان ئىجادىيەتلىرىدىن ھاسىل بولغان تارىخ بولۇپ، بۇ تارىخ ئادەملەرنىڭ ئەجدادلاردىن ئۆگىنىش ئاساسىدىكى بىلىملىرى بىلەن يېڭى غايىلەرنى قوغلىشىشى، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن تۇرمۇش سەھىپىلىرىنى ئېچىشى — ئۆزلىرىنىڭ دەۋرلەر ئېتىبارىدىكى قىممەتلىرىنى يارىتىشى ئارقىسىدا بەرپا قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق بىر خەلق ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ھايات ياشاۋاتقان جەمئىيەت قوينىدا ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇلۇغ ئىجادىيەت

مەيداندا تۇراتتىم، ژۇرنالغا بېسىلغان شۇ ماقالىنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلغان Altair—8800 تىپلىق كومپيۇتېرنىڭ سۈرىتى، بولۇپمۇ ئۇ سۈرەت ئۈستىگە بېسىلغان «بۇ شەخسىي ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېر (PC)»، دېگەن سۆز يۈرىكىمنى جۇلغۇۋالدى، شۇ ھامانلا مېڭەمدە ئىلھاملار ئۇچقۇنداپ، كۆڭلۈم ۋال - ۋۇل يورۇپ كەتتى: ئاھ، بۇ دېگەن شەخسلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان كومپيۇتېر ئەمەسمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن قالتىس ئىش ـ ھە! ھازىرقى كومپيۇتېرلار شۇنچە يوغان، ئېغىر، قوپال، باھاسى قىممەت، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ. بۇنداق كىچىك كومپيۇتېرنىڭ كېلەچەكتىكى باھاسى جەزمەن ئەرزان بولىدۇ، ئۇ مىڭلاپ، مىليونلاپ ئادەملەرنىڭ قۇرالىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ سېتىلىش سانى شۇنچە كۆپ بولىدۇكى، بۇنى ھازىر مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. دېمەك، شەخسىي كومپيۇتېر جەزمەن يۈز مىليونلىغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، مۇقەررەر يوسۇندا پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ. مەن ئاشۇلارنى خىيالىمدىن كەچۈرگەندە شۇنداق چوڭقۇر ھاياجانلاندىمكى، تۈن بويى كىرپىك قاقماي تاڭ ئېتىپ كەتتى.» بىرگېتىز ئەنە شۇنداق خىياللار دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ يۈرۈپ، تازا پۇختا ئويلاپ بىر يەرگە كەلگەن ۋە ئېلىن بىلەن جىددىي ھەرىكەت قىلىپ ئىنتايىن تېزلىكتە Basic ناملىق يۇمشاق دېتالنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ پۇرسەت ئالدىغا كىرىۋالغان، ھەمدە Altair—8800 تىپىدىكى كومپيۇتېرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سودىگەر روبېرتس بىلەن Basic تىل پاتېنت ھوقۇقىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان. كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە گېتىز بىلەن ئايرىن ھەر يىلى 180 مىڭ دوللار پاتېنت ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى ئېلىپ، دۇنيانىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بېيى كۇرسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا Altair—8800 تىپىدىكى كومپيۇتېر ئېلىپ كەلگەن تولىمۇ قىممەتلىك سودا پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن كەسكىنلىك بىلەن ئوقۇشنى توختىتىپ كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى ئېچىشتىن ئىبارەت يېڭى كەسىپكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، دۇنيانىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك زىيالىي بېيىغا ئايلانغان.

قاراڭلار، پاراسەتنىڭ قىممەتلىكلىكىنى، قاراڭلار، ئۇنىڭ پاراسەتتىن پۈتكەن ھېكمەتلىك سۆزدىن كەچكەن مەغرۇر نوچىلارنى يېڭىلگۈچىگە، كىچىككىنە بىر ئوقۇغۇچىنى كىشىلەرگە سېھرىي خىياللار بېغىشلايدىغان دانىشمەن بايغا ئايلاندۇرۇپ قويغىنىنى. بىز تارىختا ئەجدادلىرىمىزغا خاس بەرپاچىلىق، ئىجادچانلىق خۇسۇسىيەت بىلەن ياشاش ئۈچۈن بۇنداق پاراسەتنى قەدىرلىمەي نېمىنى قەدىرلەيمىز؟

بىزدە باشقا بىر قېلىپلار بىلەن كېسەك قويىدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە مودا بولغان كاناللاردىن نەقىل ئېلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گېپىنى راستقا چىقىرىدىغان سەنئەتچىلىك پۈتۈن XX ئەسىردە ئۇستۇن ئورۇنغا ئۆتتۈۋالدى. بۇ جەرياندا باشقا خەلقلەر مۇستەقىل خىيال ۋە ھەرىكەتلەردە ئىدى. شۇڭا، بىز ئىلغار خەلقلەر كەسىپكە ئايلاندۇرغان پاراسەت پائالىيەتلىرىنى ئاجايىپ سىرلىق ھېس قىلىپ، ئۆز پاراسىتىمىزنى ئۇلارغا تەققاسلاشتىن ئەيمىندۇق. بىزدە «ئۆتكەنگە پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن» دەيدىغان ئەقىدە بار. ئۆتكەن ۋاقىتلار كەتسە — كەتسۇن، بەلكىم قىممەت شۇنداقتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمدى ھاجىتى يوق. چۈنكى، بىزنىڭ ھازىرقى كۈندىمۇ ئادەم بولۇش ھەققىمىز بار، ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئۆز پاراسىتىمىزنى ئىشقا سېلىش بۇرچىمىز بار. يەنە كېلىپ بىز بارلىق ئىنسانلار توركۆملىرى بىلەن ئورتاق

قائىدىدە يارىتىلغان ئەمەسمۇ؟

يۇنان ئەپسانىلىرىدە تەڭرى پرۇمىتىس بىلەن ئۇنىڭ ئىنىـ
سى ئىبر پۇتىسنى هايۋانلارغا خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىشقا ئەۋەتـ
كەن. ئۇلار بەزى هايۋانلارغا قامەت ۋە زەبەردەست كۈچ ئاتا
قىلغان؛ بەزى هايۋانلارغا ئۇچقۇرلۇق، چەبدەسلىكنى ئاتا قىلـ
غان؛ بەزى هايۋانلارغا قىلىچتەك چىش، تىرناق ئاتا قىلغان؛
بەزى هايۋانلارغا تۈگۈلىدىغان، سوزۇلىدىغان هۆنەر ئاتا قىلـ
غان؛ بەزى هايۋانلارغا قويۇق تۈك ۋە مۈڭگۈز ئاتا قىلسا، يەنە
بەزى هايۋانلارغا نەشتەر ياكى قۇيرۇق ئاتا قىلغان؛ بەزى هايۋانـ
لارنى بېلىق، راك، . . . لارنى يەپ سۇدا ياشاشقا بۇيرۇسا، يەنە
بەزى هايۋانلارنى داۋۇ - دەرەخ، ئوت - چۆپ يەپ قۇرۇقلۇقتا
ياشاشقا بۇيرۇغان. لېكىن، بۇ ئىككىسى ئادەمگە نېمىلەرنى ئاتا
قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان. ئۇلار تەڭرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى
ئورۇنداپ بولۇپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا ئادەم تۇرغۇدەك،
ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىغۇدەك قابىلىيىتى يوق
ئىكەن: بەدەنلىرىدە يۇڭ يوق بولۇپ سوغۇققا مۇداپىئە قىلالمايـ
دىكەن؛ تېرىلىرى نازۇك، سۆڭەكلىرى چۈرۈك بولۇپ، ئۇـ
رۇلغانغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن؛ كۈچى ئاجىز، چىشى كالتە
بولۇپ، دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالمايدىكەن؛ قوللىرى قىسقا،
تىرناقلىرى يۇمشاق بولۇپ، ئوۋ قىلالمايدىكەن؛ بۇ ئىككىسى
«قانداق هايۋانلار - بۇ؟ مۇشۇ هالى بىلەن ئاشۇ هايۋانلار
ئارىسىدا قانداق ياشايدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ساراسىمىگە
چۈشۈپتۇ. پرۇمىتىس ئىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى بىلىپتۇ - دە،
كەسكىن تەدبىر قوللىنىپتۇ: ئوت ئىلاھىنىڭ چوغىدىن بىر تال
ئورۇقلۇق ئوت ئېلىپ كېلىپ ئادەمگە بېرىپتۇ، يەنە پاراسەت
ئىلاھىنىڭ ماشىنا - سايمانلارنى ياساش تېخنىكىسىنى ئادەمگە
تەقدىم قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم هايۋانلاردىن ئۆزگىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇسۇسىيەتكە كىرىپتۇ.
يۇنان ئەپسانىسى بىر توقۇلما بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى بىزگە ئىما قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنداق قارارغا كېلىشكە بولىدۇكى، ئادەم بىلەن ھايۋان ئورغۇن تەرەپلەردە ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ مۇھىم پەرق ئادەمنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت پاراسەتكە ئىگە بولغانلىقى بولۇپ، ئادەمنىڭ ھايۋانلاردىن ئالىي ھايۋانلارغا ئۆتۈشى، جاھالەت ـ نادانلىقتىن يۇكسەك مەدەنىيلىككە ئۆتۈشى ئۇنىڭ ئاشۇ پاراسەتنى ئىچىش دەرىجىسى بىلەن ئۆلچەنگەن. ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق تۇركۇمىنى بۇنىڭدىن باشقا ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولمىغان. دېمەك، پاراسەتتىن ئايرىلسا، ھەرقانداق ئادەملەر توپى تەرەققىي قىلالمايدۇ. پاراسەتتىن ئايرىلسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىمۇ ئىنسانچە بەرپا قىلىش سەنئىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.
ئۇنداقتا، سىز بىلەن بىزنىڭ پاراسەت بايلىقىمىزنى ئېچىشقا جۇرئەت قىلالمايدىغان قانداق كەم جايلىرىمىز بار؟
«ئادەم ئادەمدىن قالسا قۇلىقىنى كەس»، ـ دەيدۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز، ھەربىر ئاددىي ئادەمدىكى يوشۇرۇن تالانت پەم بىلەن ئېچىلسا، ھازىرقى بەزى ئالىملارنىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇنىڭغا كەلگەندە ھەربىر ئادەم قورقماي «مەنمۇ پاراسەتلىك» دېگەن يەرگە كېلىشى كېرەك.
توغرا، ئادەملەردە پەرق بولىدۇ. بەزىلەر ئەقىللىق بولىدۇ، بەزىلەر بۇ ئەقىللىقلاردىنمۇ ئەقىللىق بولىدۇ، بەزىلەر بەزى ساھەلەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىغا كىرىۋالىدۇكى، ئۇلارنىڭ چېۋەر، چېچەنلىكىدىن ئۇلارنى دانىشمەن ھېسابلىماي مۇمكىن ئەمەس. ئادەملەر ئارىسىدىكى بۇنداق پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر يوقىتا چىقىپ كې-

تىدۇ. لېكىن، شۇنى جەزملەشتۈرۈش كېرەككى، ئەقىللىق
بىلەن دۆتلۈك نىسپىي ھالەت، ئۇلار ھەرگىز مۇتلەق بولمايدۇ.
بىر ئادەم بۇ جەھەتتە ئەقىللىقراق بولسا، يەنە بىر ئادەم ئۇ
جەھەتتە ئەقىللىقراق بولىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر تەرەپتە
ئارتۇق يېرى بولىدۇ. شۇڭا، ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ خاقانى
بولغان ئادەملەردە مۇتلەق ئەقىللىقلىق، مۇتلەق دۆتلۈك دېگەن
نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. يەنە شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەك-
كى، ئادەملەردە زېھنىي بۆلۈنمە يۇقىرىراق ياكى تۆۋەنرەك بول-
سىمۇ، يوشۇرۇن قابىلىيەت ھەممە ئادەمدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋ-
جۇت بولىدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت يەنە ھەربىر ئادەمنىڭ
ۋۇجۇدىدا بولىدۇ. ئۇ ئېچىلىشقا باشلىغان ھامان ئۇنىڭدىن نۇر
ئېھسانلار چاقناپ، خەير - ساخاۋەتلىك شەربەتلەر شاپشىپ تام-
چىپ، ئادەمنى بارغانسېرى قەددى - قامەتلىك ، كۆركەم،
سالاپەتلىك، دائىمىي قۇدرەتكە توشۇۋاتقان زەبەردەست قىلىپ
قويىدۇ.

يەنە كېلىپ ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت پەقەت پاراسەت
جەھەتتىلا بولۇپ قالماستىن، «جىسمانىي يوشۇرۇن قابىلىيەت»
، «ئەقلىي يوشۇرۇن قابىلىيەت» دېگەن ئىككى تۈركۈم بويىچە
تۈرلۈك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت
ئۆمرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۆسۈپ بېرىشى، تەنتەربىيە
رېكورتلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، پەن تەتقىقاتىدىكى ئىختىرا -
كەشپىياتلار بىلەن ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى، تۈرلۈك ئىلغار
شەخسلەرنىڭ يول ئېچىپ مېڭىش روھى ۋە پىداكارلىق روھى
جەھەتلەردە ئەتراپلىق ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئادەمنىڭ
تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىپادىلىرىدىن، مەسىلەن، ئادەمنىڭ
ھېسسىياتى ۋە ئىرادە جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتى، ئادەم-
نىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى

قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرغان ھالدا ئېچىشنى تە-
كىتلەيمىز. قىسقىسى، مېڭىسى ساق ھەربىر بەندىدە ئۆزىگە
لايىق بىر تالانت ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇنى ئېچىش مۇمكىن. تالانت-
لىق ئەمەس دېيىلگەنلەر پەقەت ئۆزىدىكى شۇ تالانت ئۇرۇقىنى
ئېچىشقا، جارى قىلدۇرۇشقا جۇرئەت قىلمىغانلاردۇر، خالاس.
شۇنى بىلىپ قېلىش لازىمكى، شارائىت سەل - پەل يار بەرسە-
لا، ھەرقانداق ئادەم گىگانت شەخسلەرگە ئايلىنىپ كېتەلمىسە-
مۇ، ئۆزىدىكى ئۇستۇنلۇك بار ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك
ئىجادىيەتچىگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ دانا ئادەملەر قوشۇنىدا ئە-
لىمىنىڭ بىر ساھەسىدە ھۆددىگەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

گەپ شۇ يەردىكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن، روھ،
ئەقىل جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى بىلىۋالالمىغاندەك
ئۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان تالانت ئۇرۇقلىرىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ.
بۇنداق بىلمەسلىك ئالىملار بىلەن باشقا كىشىلەردىكى ئورتاقلىق
بولۇپ، يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ زامان ئېتىبارىدا ئېچىلىشىغا
قاراپ يەنە كىملەرنىڭ يېڭىدىن ئالىم بولۇپ كېتىشىنى ھېچكىم
توسۇپ قالالمايدۇ. بۇنداق ئۈمىد سىزگە، بىزگە ۋە باشقىلارغى-
مۇ مەنسۇپتۇر.

بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە پاراسەت دېگەن كىشىلەرنىڭ شەيى-
ئىلەرنى بىلىش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش ھەمدە
ئەمەلىيەت داۋامىدا شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قى-
لىپ ھەرىكەت مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قابىلىيىتىدۇر.
مەسىلەن، ياغاچ سۇدا لەيلەيدۇ. ياغاچتا كىمە ياسىغىلى بولى-
دۇ، كىمە ئارقىلىق ئادەملەر دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىن ئۇ قىر-
غىقىغا ئۆتەلەيدۇ. ئادەم مۇشۇلارنى تونۇپ يەتسە ھەمدە ئەمەلى-
يەتتە كىمە ياساپ چىقسا، كىمە ئارقىلىق دەريادىن ئۆتۈش
ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. مانا مۇشۇ بىر پۈتۈن جەرياندا

ئىپادىلەنگەن قابىلىيەت پاراسەتتۇر.

ئادەمدىكى پاراسەتتە بىر تەرەققىيات جەريانى بار. ئۇ بىلىشتىن باشلىنىپ، ھەرىكەتتە ئەمەلىيلىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەت داۋامىدا سەۋىيە جەھەتتە ئۆسۈپ بارىدۇ ھەمدە نەچچە بالداق ئىجادىيەتنى مۇجەسسەم قىلغان بىر بەرپاچىلىق جەريانى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ پاراسەت ئارقىلىق ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بولغان تەرەققىياتىنى يىغىنچاقلاپ نەزەرگە ئالغاندا، ئىنسانلار ئاشۇنداق كېمە ياساپ دەريادىن ئۆتۈشتەك بىر سەۋىيىدىن شۇ چاغدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان ئۇچار كېمىلەرنى ياساپ كائىنات سەپىرىنى باشلىدى. زەررىچىلەرنى بىلىشتە ئاتوم يادروسىدىكى مىكرو زەررىچىلەر توغرىسىدا ئاجايىپ ئىچكىرىلەپلا قالماي، ھەتتا جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ نۇسخىلىرىنى ياسىدى، ھايۋاناتلارنى خۇددى ھايات ياشاۋاتقان ھايۋانلاردەك مودېللاشتۇردى.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئاشۇ قائىدە بويىچە دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئەلالاشتۇرۇش تارىخى. پەن- تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۇنى ئەلالاشتۇرۇش پائالىيىتى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

ئىنسانلار ئەڭ باشتا كۆز، قول، ئېغىز، بۇرۇن تەجرىبىلىرى ۋە تەجرىبە خاراكتېرلىك ماھارەتلەرگە تايىناتتى. تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ ئۇلارغا ئەقىل يۈرگۈزەتتى. ئوت ئېلىش، تاش قوراللار، ياساداقلارنى ياساش قاتارلىق پائالىيەتلىرىمۇ پۈتۈنلەي ھېسسىي تەجرىبىگە ۋە ماھارەتكە تايىناتتى. ئاساسلىقى ئاستا - ئاستا تەجرىبىگە ئىگە بولۇش، تەجرىبىلەرنى توپلاش، تەجرىبىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرەتتى. تەجرىبىلەرنى تارقىتىش شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەس ئىدىكى، نەق مەيداندا ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى، بەلكى ئۆگەتكۈچى ئۆگەنگۈچىگە قولىنى تۇتۇپ يېتەك-لىگەن هالدا ئۆگىتەتتى. شۇڭا، شۇ زاماننىڭ ئادەملىرى ئۆز-لىرىگە هۈنەر ئۆگەتكەن تەجرىبىلىك ئادەملەرنى «پىرىم» دەپ هۆرمەتلىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە گەرچە مىس، چويۇن، تۆمۈر ئېرىتىش ۋە ئۇلاردىن قورال ـ جابدۇقلارنى ياساش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بۇلارمۇ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش بىلەن تېخنىكا تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشكە ئەهمىيەت بېرىدىغان بىخ هالىتىدىكى «بىلىم» لەر بولۇپ، بۇ بىلىملەر ساپ نەزەرىيە بىلەن تولغان پەلسەپە، ئىلاهىيەت ۋە دىن بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنى نەزەرىيۋى بىلىم تەرىقىسىدە كۆز بىلەن كۆر-مىگەن بىر ئادەم ئۆگىنىۋېلىپ ئىجادكارى يوق بىر جايدا تەتبىق-لىيالمايتتى. يەنىلا تەن ئەزالىرىغا تايىنىپ مۇشكۇللەر ئىچىدە ياشاشقا توغرا كېلەتتى.

كېيىنچە، ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقتا ۋە كەڭلىككە قاراپ ئىلگىرىلىشى بىلەن بىلىش ئوبيېكتلىرى ۋە ئەلالاشتۇرۇش مەسىلىلىرى بارغانسېرى مۇ-رەككەپلىشىپ باردى. تەن ئەزالىرىنىڭ ئىش قابىلىيىتىگە تايى-نىش بىلەن يولۇققان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى هەل قىلىش مۇمكىن بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەن ئەزالىرىنىڭ ئىش قابىلىيىتىنى سىرتقا كېڭەيتىدىغان نەرسىلەرگە — قورال ـ سايمانلارنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىلا، ئاندىن داۋاملىق ئالغا باسا-لايدىغان بولۇپ قالدى. قورال ـ سايمانلارنى ياساش ئۈچۈن ياساش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىلىم ۋە قورال ـ سايمانلارغا كېرەكلىك ماددىي بايلىق زۆرۈر بولدى. بۇ چاغدا زۆرۈر بولۇۋاتقان بۇ بىلىم ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىلىشلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بىز

ئېيتىۋاتقان «ئىلىم - پەن» دەل شۇ ئىدى. ماددىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ قورال - سايمانلارنى ياساشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى بىلەن ماھارەتلىرى بولسا «تېخنىكا» ئىدى. پەن - تېخنىكا مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج بىلەن مۇمكىنچىلىكنىڭ ئورگانىك باغلىنىش شەرتى بىلەن مەيدانغا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. 300 - 400 يىل داۋام قىلغان بىلىم دەۋرى مانا شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپ، قول بىلەن ئىشلىتىدىغان قوراللارنى ئېنېرگىيە ئارقىلىق كۈچ ھاسىل قىلىدىغان كۈچتۈڭگۈر قوراللارغا ئۆزگەرتىشنى پاراسەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

ھازىر ئىنسانلار ماددا، ئېنېرگىيە، ئۇچۇر بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ماددىي بايلىقلار پىششىقلاش ئارقىسىدا ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇلۇپ قورال - سايمانلارنىڭ گەۋدە تەييارلىقىنى پۈتتۈرىدۇ؛ ئېنېرگىيە كۈچكە ئايلاندۇرۇلۇپ قورال - سايمانلارغا ھاياتلىق بېغىشلايدۇ؛ ئۇچۇر پىششىقلىنىپ بىلىمگە ئايلاندۇرۇلۇپ، قورال - سايمانلارنى پاراسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپىدىكى رولىغا قارىساق، ئۈچ خىل بايلىق مەنبەسى ئىچىدە ماددىي بايلىق مەنبەسى بىۋاسىتە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇچۇر بايلىق مەنبەسى ئابستراكت بولىدۇ، ئېنېرگىيە بايلىق مەنبەسى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل بايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ؛ ھالبۇكى، ئىنسانلار ماكرولۇق بىلىدىغان قانۇنىيەتلەر بولسا ھەرقاچان بىۋاسىتە كۆزىتىشتىن ئابستراكتسىيىلەشكە ئۆتۈپ بايقىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر مۇساپىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بەلگىلىگەن؛ قەدىمكى ئىنسانلار (تەجرىبە دەۋرى) ئاساسلىقى ماددىي بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان قورال - سايمانلار (بىر قاتلاملىق، ئۆلۈك قورال - سايمانلار) نى ياسىغان؛ يېقىنقى زاماندىكى ئىنسانلار (بىلىم دەۋرىدىكى) ئېنېرگىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

بايلىق مەنبەلىرىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۇنى ماددىي ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن ئىشلەيدىغان قورال - سايمانلار (ئىككى قاتلاملىق، جانلىق قورال - سايمانلار) نى ياساپ چىققان؛ يەقەت زامانىمىزغا كەلگەندىلا، ئىنسانلار تەدرىجىي ھالدا ئۇچۇر بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالدى ۋە ئۇلارنى ماددا ۋە ئېنېرگىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە قورال - سايمانلار (ئۈچ قاتلاملىق، ئەقىللىق قورال - سايمانلار) نى ياساپ چىقتى. پۈتۈن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ XXI ئەسىرنى ئاچا-يىپ خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن يەنە جىددىيلىشىپ كېتىشى مانا مۇشۇ ئەقىللىق سايمانلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بولۇپ، بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەر بويى ئارزۇ قىلىۋاتقان شېرىن خىياللىرى ئىدى. ئۇ مانا ئەمدى رېئاللاشتى.
ئەمما، ئۇ تولىمۇ مۇرەككەپ ۋەزىيە بولغاچقا، ئۇ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان، مەدەنىيەتلىك بولسىمۇ ئۆتكۈر ئالىملىرى يوق خەلقلەرنىڭ قولىدىن كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق ئەللەرمۇ يېڭى ئەسىرگە پۇل - بايلىق بىلەنلا ئەمەس، مانا مۇشۇنداق جىددىيەتلىكنى ھەل قىلىدىغان ئىجادىي كاللا بىلەن، ئالىملارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ساپا تەييارلىقى بىلەن كىرىش كېرەك دېگەن يەرگە كېلىشتى - دە، ھەممە تەڭ تىرىشىپ، بەرپاچى ئالىملارنى تەربىيىلەش، تاللاش، ئاھالىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن جان تىكتى. بۇنداق ۋەزىيەتتىن كۆرگىلى بولىدۇكى، XXI ئەسىردىكى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتا مانا مۇشۇ ئەقىللىق قورالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇچۇر پەن - تېخنىكىسىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولسا، خىلمۇ خىل ئەقىللىق قورال - سايمانلارنى ياساپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئادەم كۈچى

ۋە ئېنېرگىيە كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىشتىن ئەقىل بىلەن
ھەرىكەتلىنىدىغان قورالLلارغا ئۆزگىرىشىنى ئورۇنداش، سانائەت
جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۈچۈر جەمئىيە-
تىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، ماددا تېپىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئۈچۈر تېپىدىكى ئىگىلىككە
ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش شۇنداقلا سانائەت - يېزا ئىگى-
لىك جەمئىيىتىنىڭ ئۈچۈر جەمئىيىتىگە ئۆزگىرىشىنى —
ئىنسانىيەت جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشنى
ئىلگىرى سۈرۈش بولىدۇ.

ھازىرقى كۈندە بارلىققا كېلىۋاتقان سۈنئىي ئەقلىي ئىقتى-
دار سىستېمىسى ھەققىدىكى تۈرلۈك ئىزدىنىشلەر، يەنى كومپ-
يۇتېرلارنى گويا ئادەم مېڭىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە قى-
لىش يولىدىكى ئىزدىنىشلەر مۇشۇ مۇقەررەرلىككە ئۇيغۇنلى-
شىش پاراستىدۇر. بىز بۇ يەردە ئەقىللىق ماتېرىياللارغا غىل - پال
قاراپ ئۆتەيلى:

ئەقلىي ئىقتىدار ماتېرىياللىرى ياكى ئەقىللىق ماتېرىياللار
دېگىنىمىز، يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۆتكۈزگۈچلەر، سەزگۈ زاپ-
چاسلارنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلما ماتېرىياللىرى، فۇنكسىيىلىك
ماتېرىياللار بىلەن بىرىكىشى ھەمدە بۇنداق يېڭى ماتېرىياللارغا
يېڭى خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىپ ھاياتلىق يوق ماتېرىياللارنى «سې-
زىدىغان» ۋە «ئىدراك قىلىدىغان» ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشى
بولۇپ، ئالىملارنىڭ ھۆكۈمالىقلىرىدىن قارىغاندا، كېلەچەكتە
بۇنداق ئەقلىي ئىقتىدار ماتېرىياللىرى ئىنتايىن مۇھىم سالماق-
نى ئىگىلەپ كېتىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللار ھازىرقى كۈندىكى
كومپيۇتېر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەش-
تۈرۈپلا قالماستىن، نۆۋەتتە بىزگە ئىنتايىن زۆرۈر، ئەمما
بىزنى بەزى ھاللاردا قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان تۈرلۈك تە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رەپلەردە رول ئوينايدۇ. ئايروپىلاننى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئايروپىلاننىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىزگە شۇنچە كۆپ قولايلىقلارنى تۇغدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاۋادا شۇنچە ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇشى يەنە بىزنى ئاللىقانداق تەرەپلەردىن ئەنسىرىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قانات ياكى باشقا بىر يېرىدە كىچىككىنە ئەھۋال كۆرۈلسە ياكى يىڭنە تۆشۈكىدەك بىر يېرىق بولسا، يۇقىرى ئاتموسفېرادا بىزگە مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئېغىر بىر ۋەقە ئايروپىلان ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا يۈز بەرسە، ئايروپىلان ئۆزى ئۇنى سېزىۋالالىسا ۋە شۇ ھامان ئادەملەر ئۆز بەدىنىدە كۆرۈلگەن ھادىسە ۋە زېدىلەرگە ئامال قىلغاندەك بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېتىۋەرسە، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!

ھازىر ئالىملار مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دەللەپ نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئايروپىلاننى ئالساق، ئايروپىلاننىڭ ئاچقۇچلۇق قۇرۇلما زاپچاسلىرىنى ئۆزىنىڭ «نېرۋا سىستېمىسى» غا، «سىڭىر» ۋە «چوڭ مېڭە» گە ئىگە قىلىش يولىدا ئىزدەنمەكتە. ھازىر بۇ ھەقتە ئالىملار ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇللاردىن بىرى شۇ بولدىكى، ئايروپىلان ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان چىدامىلىقلىقى يۇقىرى بىرىكمە ماتېرىياللار ئىچىگە قىلسىمان نۇر نەيچىلىرى ئۆتۈشتۈرۈلدى. بىرىكمە ماتېرىياللاردا قاتمۇ قات كىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ نەيچىلەر بولغاچقا، ئۇلار خۇددى «نېرۋا» تالالىرىغا ئوخشاش ئايروپىلان بەدىنى ۋە ئۇنىڭ قانىتىدىكى ھەرقانداق بىر ئەزاسى ئۇچراۋاتقان بېسىم كۈچىنى سېزىۋالدى ھەمدە بۇ ئەھۋالنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا «چوڭ مېڭە» گە — كومپيۇتېرغا دوكلات قىلدى. ئەگەر بۇ ماتېرىيال ۋە ئۇسۇللار ھەممە ئايروپىلانلاردا ئىشلىتىلسە، بۇنىڭدىن كېيىن،

ئايروپىلاننىڭ مەلۇم يېرىدە غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلسە، مەسىلەن، ئىنتايىن كىچىك بىر چاك كەتكەن بولسا ياكى ئايروپىلاننىڭ هاۋادىكى هەرىكىتىگە دەخلى بولىدىغان بىرەر ئېھتىمالىقلىق ئامىل سېزىلسە، نۇر نەيچە نېرۋىلار ئايروپىلانغا ئورنىتىلغان «چوڭ مېڭە» ئورنىدىكى كومپيۇتېرغا دەلمۇ دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، ئۇچقۇچىغا ئايروپىلاننىڭ مەلۇم يېرىدە كۆرۈلگەن كاشىلىغا دىققەت قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. «چوڭ مېڭە» يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا چاتاق چىققان يەرنىڭ ئەتراپىدىكى يېپىشقاق ماتېرىياللارغا بۇيرۇق بېرىپ، شۇ هامان ئايروپىلاندىكى چاتاق چىققان يەرنى ياماپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلان يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ ھەمدە هاۋادا ئۆز - ئۆزىنى رېمونت قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. مانا بۇ هاۋا قاتنىشىدا قوللىنىلىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار ماتېرىياللىرىنىڭ خىلى بولۇپ، ئالىملار يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەقلىي ئىقتىدار ماتېرىياللىرى ئارقىلىق راكېتا، سۈنئىي هەمراھ، مۇھىم كۆۋرۈكلەرنىمۇ ئۆزىنى ئۆزى هەرقاچان پۈختىلاپ، قوغداپ ماڭىدىغان هالەتكە كەلتۈرۈش ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئىتالىيە ئالىملىرى ياساۋاتقان «سەزگۈ» فۇنكسىيىسى بار «ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرە» تېخىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، بۇ كېلەچەكتىكى ماشىنا ئادەملەر ئۈچۈن ئادەم تېرىسىنى تەقلىد قىلىپ تورۇپ لايىھىلەنگەن سۈنئىي تېرىدۇر. بۇنداق سۈنئىي تېرە ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى قات بولۇپ، ئۆز تەۋرىنىشچانلىقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، قېلىنلىق دەرىجىسىدىن قارىغاندىمۇ هەقىقىي ئادەم تېرىسىگە يېقىنلايدۇ.

سۈنئىي تېرىنى تاشقى دۇنيانىڭ هەرقانداق بىر غىدىقلىشىنى «سېزىدىغان» قىلىش ئۈچۈن، تېخنىك خادىملار ئىككى قات تېرە ئارىسىغا بىر قات سۇ ئارىلاشقان توك ئۆتكۈزگۈچ يېلىمىدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

مان ماددا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، توك ئېقىمىنىڭ يىلىمسىمان ماددا ئىچىدە ئېقىپ تۇرۇشىنى ئېلېكتر قۇتۇپى ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ. تېرىنىڭ تاشقى قەتى بېسىمغا ئۇچرىغاندا، يىلىمسىمان ماددىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىدۇ ـ دە، ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى قات تېرىدىكى توك بېسىمىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. توك بېسىمىدا ئۆزگىرىش بولغان سىگنال ماشىنا ئادەمنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭىسىگە يېتىپ بارغان ھامان ماشىنا ئادەم ئۆز تېرىسىنىڭ مەلۇم يېرىگە چۈشكەن بېسىمنى بىلىۋالىدۇ ـ دە، تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئىككى قات تېرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر قانچە مىكرولۇق زەرەتلىنىدىغان نەيچە ئۆتكۈزگۈچلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بېسىمغا ئۇچرىغان ھامان زەرەتلىنىدۇ. بېسىم قانچە كۈچەيسە، زەرەتلىنىش شۇنچە چوڭىيىدۇ. بۇنداق مىكرولۇق زەرەتلىنىدىغان چىنە ئۆتكۈزگۈچلەر تولىمۇ سەزگۈر بولۇپ، ھەتتا قەغەز يۈزىدىكى بۇدۇر ـ چوقۇرنىمۇ سېزەلەيدۇ. ئالىملارنىڭ مۆلچەرىچە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماتېرىياللار بىلەن كومپيۇتېردىن قۇراشتۇرۇلىدىغان ماشىنا ئادەملەر XXI ئەسىردە كارامەت كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە قىياپىتى ئۇزاقتا بارماي رەسمىي ئادەملەردەك بولۇپ قالىدۇ. «2010 ـ يىلىدىن كېيىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەملەر كۆپلەپ دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا كۆپلىگەن ماشىنا ئادەملەر كان ئېچىش، مۇھىم ئورۇنلارنى ساقلاش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، سۇ ئاستىدا قىدىرىش ئېلىپ بېرىش، تاشقى بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە سېلىنىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشلىتىلىدىغان ئورنى ھەربىي ئىشلاردا بولۇپ، ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىدەك رايونلارغا كىرىپ پائالىيەت ئېلىپ

بارىدۇ.» [1] لېكىن، ئەنسىرىمەسلىك كېرەككى، ماشىنا ئادەملەر يەنىلا ياسىغان خوجايىنلىرىنىڭ — راست ئادەملەرنىڭ خىزمەتكارى بولىدۇ.

ھازىر ئاشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىنسانىيەتنى ئېلىپ كېتىۋاتقان دەۋر پاراۋوزى بىزنى ئىجادىيەت دەۋرىگە ئېلىپ كىردى. كىشىلەر يېڭى ئەسىر، يېڭى ئىراغا زور ئۈمىدلەر بىلەن قاراۋاتقانلىقتىن بولسا كېرەك، يېڭى ئەسىر ھارپىسى بىلەن بىللە كېتىۋاتقان بۇ دەۋر ئاخباراتلىرىنى ھاياجان بىلەن مۇھاكىمە قىلىپلا قالماي، ئۇنى XXI ئەسىرنىڭ خاراكتېرى ھېسابلىدى ۋە بۇ ئەسىر قانداق ئەسىر بولىدۇ، دېگەن سوئالغا جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر خىياللارغا پاتتى.

كەمىنە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان كىشىلەردىن بولماي تۇرۇقلۇق ئۇشبۇ پىكىرگە ئىشتىراك قىلىشتا، چەت - ياقىلاردىكى چارۋىچى ۋە ئېكىنچىلەرنىمۇ XXI ئەسىردە قانداق ياشاش ھەققىدە يېڭى پىكىرگە كەلمىسە ۋە بەرپاچىلىقنى ھاياتلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرمىسا بولمايدىغان ئاقىۋەتكە قىستاۋاتقان رېئاللىقنىڭ ئاچلىق پۇقراسى بولۇش ئۈستىدە ئۇستاز ھەم سەپداشلار بىلەن پىكىرلىشىش خىيالىدا بولدۇم. بىزنى يادلاشتىن ئىجادىي ئۆگىنىشكە باشلاپ كېتىۋاتقان بۇ پاراسەت ھەرىكىتىگە دانىشمەنلىك قىلغانلىرىڭلاردا كاللام يەتمەي پېقىرلىق قىلغان جايلىرىمغا تەلىم - تەربىيە ئىلتىپات قىلىشىڭلارنى سورايمەن. چۈنكى، بۇ نامىمىز مۇناسىۋەتلىك پەنلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر ساھەدە پۇتلۇۋاتقاچقا، ھەرقانداق بىر مەسىلىنى بىلىپ يەتكەن دەرىجىمىزدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىمىزكى، مۇپەسسەل، مۇكەممەل بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز. «پەن مۇ-

① «ئىختىرا ۋە ئىسلاھات ژۇرنىلى» 2000 - يىل 2 - سان، 34 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەممەل بىر كىتاب بولمىغان ھەم ھېچقاچان بولمايدۇ. ھەربىر مۇھىم ئۇتۇق يېڭى سوئاللارنى ئۇزلۇكسىز تۇغدۇرىدۇ. ھەرقانـداق تەرەققىيات ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىدىن - يېڭى ۋە يەنىمۇ چوڭقۇرراق قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.»①

XX ئەسىرنىڭ ھارپىسىدىكى مۇنازىرىدە دۇنيانىڭ كاتتىـلىرى ئۆتكۈر تەنقىدات ئارقىلىق XX ئەسىرگە بىلىم ئەسىرى دەپ نام بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بىلىم ئارقىلىق ئۇلۇغ يۈكسىلىشلەر بولغاندىن باشقا، غەرب بىلەن شەرقنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى، ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان ئىككى ئىزىم، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتىـدىغان سوغۇق ئۇرۇش، ھەربىي تەھلىكە، ئىقتىسادىي توساق، مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى ھۆكۈم سۇرۇپ، ئاساسىي رولنى سىـياسىيونلار بىلەن گېنېراللار ئالغانىدى. XX ئەسىردە پەن - تېخنىكا ۋە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك ۋە دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنىڭ قۇۋۋەت بۇلىقى بولۇشى مۇقىم تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسىر ئىگىلىكىدە ئىجادىيلىق ئۆسۈپ ئىگىلىكنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان يېڭى ۋەزىيەت شەكىلـلەندى. XX ئەسىردىكى بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم ھەقىقىي يېڭىلىنىدىغان ھالەتتىن ئايدا، كۈندە، ھەتتا سائەت ئىچىدە ھەقىقىي يېڭىلىنىدىغان، بىرەر ساھەدە ئىجادىي رېكورت يارىتىـدىغان ھالەتتىن ھەممە ساھەلەردە رېكورت يارىتىدىغان، ئاز ساندىكى ئادەملەر ئىجاد قىلىشتىن ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا ئىجاد قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىلگىرى ئەللەردە ھەتتا كىشىـلەر كەسىپلەر ئاتلاپ ئىجاد قىلىدىغان، ئىساك ئاسىمۇپتەك

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 392 - بەت.

بىئولوگىيە ئالىملىرى داڭلىق يازغۇچىغا ئايلانسا، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر، مەدەنىيەت مۇلازىملىرى، ئائىلىدە ئولتۇرىدىغان ئاياللارمۇ پەن - تېخنىكىغا يۈزلىنىپ ئىختىراچى بولۇپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى «تەسەۋۋۇر، ئىختىرا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەپ چىقىش تەبىئەت ۋە سانائەت پەنلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلارنىڭ ئىشى دېگەن قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. مەدەنىيەت مۇلازىملىرى (غەيرىي پەن - تېخنىكا خادىملىرى) بىلەن ئائىلە ئاياللىرى بۇ جەھەتتە ئۆزىنى سۇندۇراتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىختىراچىلىقنىڭ جامائەتلىشىش دەرىجىسى ئۆسۈپ كەتتى. ھازىرقى كۈندە تۈرلۈك ئىختىرا لايىھىلىرىنى تىزىملاش پائالىيىتىدە مەدەنىيەت مۇلازىملىرى ياكى ئائىلە ئاياللىرىدىن تىزىملاتقانلارنىڭ سانى مۇتلەق ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، مۇكاپاتلانغانلار ئىچىدىمۇ ئۇلار مۇتلەق كۆپ ساننى ئىگىلەپ كەتتى.»① ياپونىيە ئىختىراچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان بۇ ئالىم گەپنى ئۆز ئېلىنىڭ 60 - يىللاردىكى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ قىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ياپون ئىختىراچىلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ نىسبىتىنى خوتۇن - قىزلار ئىگىلەپ كەتتى. بۇ ياپونىيە تەرەققىياتىغا ھەيران قالمايلىكى، ئۇلار مانا مۇشۇنداق خەلق قەلبىدىكى ئىجادىي پىكىرلەرنى ئويغىتىش، ئاسراش، ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش، غوجىكودىلىكتىن خالى ئالىم ئۆلىمالىرى، ماھارەتلىك تەشكىلاتچى ۋە كارخانىچىلىرى، ھەققانىيەتچى يازغۇچى - سەنئەتكارلىرىنى ھۆرمەتلەش، قوغداش، ئۇلغايتىش، ھەربىر زامان تەلىپىدە ئۇلارنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش

① فىڭزى فىڭشيۇلىڭ: «مەدەنىيەت مۇلازىملىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇرۇشى» شائخەي پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، كىرىش سۆز.

يولى بىلەن بىر پۈتۈن ياپون خەلقىنى ئەركىن ئىجاد قىلىندىغان بەرپاچىلىققا باشلاش ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادا ھۆرمەتلىك مىللەت بولۇپ كەتتى. «ئامېرىكىدا 80 ـ يىللاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن 22 مىليون ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە 2/3 قىسمى ئاياللار بولدى. ئامېرىكىدا رەھبەر بولۇۋاتقان ئاياللارنىڭ سانىمۇ تېز كۆپىيىۋاتىدۇ: ھازىر 40% دىرېكتور، 35% كومپيۇتېر ئالىمى ئايال، بوغالتىرلارنىڭ يېرىمى ئايال بولۇپ كەتتى. ئايال ئادۋوكات، ئايال دوختۇرلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. ئەگەر سىز تېببىي پەن مەكتەپلىرى ياكى سودا مەكتەپلىرىگە بارسىڭىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمى قىزلار ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. ئاياللار، قىزلاردىن شىركەت ئېچىۋاتقانلارنىڭ نىسبىتى ئەرلەردىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپ كەتتى.»[①] بۇلارنىڭ ۋە باشقا ئىلغار ئەللەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدە باشقا سىر يوق، ئۇلارنىڭ ھۈنىرى پەقەت باشقىلارنىڭ ئالدىغا تويدۇرماي كىرىۋالىدىغان، تەرەققىياتنىڭ مۇتلەق ئېھتىياجى بولغان، ئىجادكارنىڭ كاللىسىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمگە سىر بولغان ئىجادىي پىكىرنى ئۆگىنىش ئىنقىلابى ئارقىلىق خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتۇر.

ئىنتېرنېت تورى، ئېلېكترونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف ئالاقىسىدىن ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا WTO دىن سەييارىمىز ئىگىلىكىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىغاندا، XXI ئەسىر جەزمەن ئۇچۇرلىشىش، بازارلىشىش، كۆپ مەنبەلىشىش خاسلىقىغا ئىگە يېڭى ئەسىر بولۇپ، بۇ ئەسىردە XX ئەسىردىكىدەك جېدەللەر دائىرىلىك بولۇپ تۇرسى-

---

① ج. ۋاس. گ. درودېن: «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» شائڭخەي سانلىيەن نەشرىياتى، 39 ـ بەت.

مۇ، ئىنسانىيەت ئۆز ئارا سىڭىشىپ بارىدۇ، ئىنسان تۇركۇملى-
رىنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۆچ كۆرىدىغان
ئىشلاردا ئورتاق تەدبىر قوللىنىدۇ. ئۆز مىللەتلىرىگە نىجادلىق
ئېلىپ كېلىدىغان ئالىملار بىلەن كارخانىچىلارنىڭ سىياسىيونلار
بىلەن گېنېراللاردەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى يېڭى ئىنسانچى-
لىق ئېقىمى بولۇپ قالىدۇ. ھەممە ئەل ئىجادچانلىق بىلەن
بەرپاچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. جەمئىيەت بىلىملىك ۋە ئىجادچان
كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئۆسىدىغان خۇسۇسىيىتىنى گەۋدى-
لەندۇرۇپ ماڭىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولى-
دىكى بۇنداق مۇقەددەس ئۆگىنىش ئىنقىلابىدا، پەن ۋە ئەمەلى-
يەت بىرلىكىدىكى ئىجابىي بەرپاچىلىق ھەرىكىتىدىن ئايرىلغان
ۋەز - نەسىھەتلەر، ھەمدە ئۇنى كەسىپ قىلىپ جان بېقىش
كويىغا كىرگەن چاكىنا ئادەملەر خۇددى دىنىي كەسىپكە ئايلى-
دۇرۇپ جان باقىدىغان «قۇيماق مەخسۇم» لاردەك كىشىلەرنىڭ
نەزىرىدىن قالىدۇ. بىلىم بىلەن ئىجادىيەتنىڭ بىرلىكى، ئالىم-
لار بىلەن كارخانىچىلارنىڭ بۈيۈك ھەمكارلىقى، ئىشچى - دېھ-
قانلار بىلەن تېخنىكلارنىڭ بىرلىكى ۋە ئىشچى - دېھقانلارنىڭ
تېخنىكلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشى يېڭى دەۋرنىڭ مىسلىسىز مۆ-
جىزىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەت بەختىگە ھۆسن قوشىدۇ. بۇ
ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكى يەنە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم بىلەن سو-
دىنى ئايرىپ تاشلاش تراگېدىيىسىنىڭ زامانىۋى ئويغىنىش ئى-
چىدە تۈزىتىلىشى بولۇپ، ئەمدى ئالىملارنىڭ ئىختىرا ئىجادى-
يەتلىرى بولمىسا، كارخانىچىلارنىڭ بەرپاچىلىقى ئۇزۇقسىز قا-
لىدۇ؛ كارخانىچىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەريانىدىكى بەرپا-
چىلىقى بولمىسىمۇ، ئالىملارنىڭ ئىختىرا ئىجادىيەتلىرى ئۈنۈم
يارىتالمايدۇ. بۇ گويا تەڭرى ئۇزاق داۋام قىلغان بىلىم بىلەن
سودا، بىلىم بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئايرىلىپ كەتكەن ئىنساند-

يەت خاتالىقىغا سوت ئېلان قىلغاندەك تەنتەنىلىك ئىش بولۇپ، ئەمدىلىكتە بۇنى تونۇپ يېتەلمىگەنلەر تەبىئىيكى، ھەقىقەتنىڭ سوتقا چاقىرىشىغا لايىق بولۇپ قالىدۇ. لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، بىز دەۋاتقان كارخانىچى ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ئارىلاپ يۈرىدىغان ئېلىپ - ساتارلار ئەمەس، ئۆز خەلقى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى دانىشمەن بىر ئالىمنى ياكى كارامىتى بار بازار سەركىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىختىرا ئىجادىيەتلىرىنى، پەن - تېخنىكىسىنى تېزلىكتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرغۇچى، تاۋارلاشتۇرغۇچى، قىممەتلەشتۈرگۈچى، مىللىي بايلىق يارىتىشنىڭ تەشكىلاتچىسىدۇر. ئالىم دېگەنمۇ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق گۈزەللىكى ۋە مىللىي مەنپەئەتدارلىق تارازىلىرىدىن ئايرىلغان ئاللىقانداق قۇرۇق گەپلەرنى دەۋېرىدىغان سەپرا ياكى قامۇسى پۈتۈكلەرنى ۋاراقلاپ، يادلاپ يۈرىدىغان كىتاب موللىسى ئەمەس، بىزنى ھە دېسىلا باشقىلارنىڭ پورما ئەندىزىلىرىگە سالىدىغان، ئانىمىزدىن ئەمچەك سۈتى بىلەن كىرگەن خۇي - پەيلىمىزنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرىدىغان، شۇ ئانا بىزگە مېھرى بىلەن ئاتا قىلغان تىلىمىزنىمۇ يىراق قىتئەلەر ۋە سىستېمىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئاتالغۇلار بىلەن تولدۇرماقچى بولىدىغان ئازغۇنلارمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت ۋە ئۆز خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈنلەرنى چەنلەپ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى، خەلق ئىستىقبالى ئۈچۈن چېلىنىۋاتقان بىلىملىك ئوغۇل - قىزلار بىلەن يىراقنى كۆرىدىغان كارخانىچى چېۋەرلىرىگە مۇھەببەت باغلاپ، ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بەرگۈچى ئىجادچان، ئىختىراچى، زېرەك ئىنساندۇر ھەمدە خەلقنىڭ روھىنى غەمكىنلىكتىن ئازاد قىلىپ ئىجادكارلىققا ئۇرغۇتىدىغان دانىشمەن يېتەكچىدۇر.

قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندە، ئىجادىيەت بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ غوللۇق رىتىمى. شۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋردە كىمىكى ئىجاد قىلسا، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ، ئىجاد قىلمىسا، ئارقىدا قالىدۇ، زامانىمىز ھاياتىنىڭ يېڭى بوشلۇقلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ تېپىش قانۇنى بويىچە ئەتراپىدىكى بوشلۇقلارنى تېپىپ ئىگىلەۋالمىسا، تېگىشلىك ھاياتلىق شارائىتلىرىدىن بارغانسېرى تېزلىكتە مەھرۇم بولۇپ كېتىدۇ. بىر پۈتۈن خەلقمۇ مۇشۇ ئورتاق ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ مىللىي ھاياتىنى زامان تەلىپىدە ياشارتىدىغان بەرپاچىلىق يولىغا ماڭىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# Ⅱ بەرپاچىلىق ئاساسىدىكى ئىگىلىك، ئىگىلىك تەلىپىدىكى ئىجادىي مائارىپ

ئەمدى كۆپلەپ شىركەتلەر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەندىزىسى بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇتتۇق قازىنىدىغان شىركەتلەر ئۆگىنىشكە ماھىر جامائەتچىلىك بولىدۇ.

— توم پېتىرىس

ئىجادىيەت دەۋرى بىزگە ئېچىپ بەرگەن بىلىم ئىگىلىكى ئىجادىيەتنى ئاساس قىلىدىغان، بىلىم ۋە بىلىم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش ۋە ئىستېمال قىلىشنى يېتەكچى قىلىدىغان ئىگىلىك بولۇپ، بۇ ئىگىلىك تەرەققىياتىدا بىلىم بەرپاچىلىقى (ئىجاد بولغان بىلىمنى تەتبىقلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش) مەركەزلىك ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى ۋە ئىنسانىيەتنى XVI ئەسىردىن باشلانغان «بىلىم - كۈچ» دېگەن ئەقىدىدىن «ئىجادىيەت - كۈچ» دېگەن ئەقىدىگە يۆتكىدى. بۇ ئەقىدە ھەربىر دۆلەت ۋە مىللەتتە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق كۈرەشىدە بەرپاچىلىققا تايانمىسا بولمايدىغان، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىختىراچى، بەرپاچى ئالىملار، كارخانىچىلارنى تەربىيىلىمىسە بولمايدىغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ھەتتا بەزى جايلاردا بەرپاچىلىق سەنئىتىنىڭ يېڭى تۈرلىرىگە يۈرۈش قىلمىسا كارخانىلار ھەرقانچە باي بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدىغان،

ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدىغان، دۆلەت ۋە مىللەت رىقابەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدىغان بولۇپ قالىدى. ئالايلۇق، ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدا كارىدورغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كىرىمنىي دېگەن بىر جاي بار. بۇ جاي ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان جاي. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 چاقىرىم كېلىدىغان بۇ يەرگە 7000 پەن - تېخنىكا شىركىتى جايلاشقان. پەن - تېخنىكا سودىسى قىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ بۇ يەرگە مۇنداق كۆپ مەركەزلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت شىددەت بىلەن كۈچىيىپ كەتكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن، خۇددى ئامېرىكا ھاۋالە قىلىنغان ئىمتىھان ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىن ئەقىللىق، پاراسەتلىك ياشلارنى ئامېرىكىغا ئېلىپ كەتكەندەك، تەجرىبىلىك ئىنژېنېرلار، كومپيۇتېرغا پروگرامما تۈزىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار، بىلىم ئەگىلىكىنى باشقۇرىدىغان ئالىملار، قىسقىسى، دۆلەت ۋە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىجادكار ئالىملارنى نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇلنىڭ كۈزىگە قارىماي ئۆزىگە قارىتىشقا ئىنتىلىپ، ئىجادىيەتنى، بەرپاچىلىقنى ئىگىلىكنىڭ دەسمايىسى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۆتكۈر تەتقىقات نەتىجىلىرى كۈندۈزى ئىجاد بولسا كېچىسى، كېچىسى ئىجاد بولسا كۈندۈزى ئەمەلىي مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ بازارغا قاراپ ئاققان. باشقا جايلاردىكى سەل بۇرۇنقى چاغلاردا باي بولۇۋالغان ئاجايىپ كاتتا شىركەتلەر كاپىتالنى دەسمى قىلغانلىقتىن، ئاجىزلاپ ساراسىمىگە چۈشكەن بولسا، كىرىمنىيدىكى شىركەتلەر ئىجادىيەتنى دەسمى قىلغانلىقتىن، كاپىتالى ئازراق بولغان تەقدىردىمۇ داۋاملىق كۈچىيىپ ماڭغان. ئۇنىڭ خوجايىنلىرى تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن يېڭىلىققا ئىنتىلىپ تۇرغان. ئىجادچانلىقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈمىدلىك بولغان بۇ جايدا 1998 ـ يىلىنىڭ ئىچىدىلا 3575 شىركەت يېڭىدىن قۇرۇلغان. بۇ شىركەتلەر هازىر سودا ـ سېتىقتا يەر شارىنىڭ هەرقانداق بىر يېرىگە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرىدۇ. دۇنيانىڭ هەرقانداق بىر يېرى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۈستۈنلۈكىگە يېتىدىغان يەنە بىر ئىقتىدار ياكى ئىجادىي رېكورتنى مەيدانغا كەلتۈرمىگۈچە ئۆز رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ چۈنتىكىدىكى پۇلنىڭ ئامېرىكىدىكى بۇ شىركەتلەرنىڭ ئىجادىيەت ئاساسىدىكى يېپيېڭى مەھسۇلاتلىرىغا قاراپ ئېقىشىنى تىزگىنلەپ قالالمايدۇ. دېمەك، باشقا ئەللەر ئەگەر ئاشۇلارنىڭ شۇ ئىجادىيەتلىرىنى دورىماي، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ياكى ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرمىسە، هامان بىر كۈن بازار رىقابىتىدە مەغلۇپ بولۇپ نامراتلىشىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا باشقىلارغا يەم بولۇپ كېتىدۇ. كىرىمنىيدىكىلەرنىڭ مۇنداق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىدىكى سىر زادى نېمە؟ ئالىملارنىڭ بىردەك جاۋابى شۇكى، ئۇلار ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىجادىيەت، ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئالاھىدە ئالىملىرىنى يېتىشتۈرگەن، باشقا جايلاردىكى ئەقىللىق ئادەملەرنىمۇ قولغا كىرگۈزۈۋالغان، ئۇلارنى ئۇلۇغ داهىي، گېنېرال، سىياسىيونلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىغان، هۆرمەتلىگەن. مانا بۇ جاي بىز بوسۇغىسىدا تۇرغان يېڭى ئەسىرىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. بۇرۇنقى دۇنيادا بىر خىل يېڭى تېخنىكا ئىختىرا قىلىنسا، ئۇنى بىرنەچچە يىل ياكى بىرنەچچە ئاي ئىشلەتكىلى بولغان بولسىمۇ، هازىرقى كۈندە خۇددى كىرىمنىيدىكىگە ئوخشاش، ئىختىرا قىلىنغان تېخنىكىنى قولغا ئېلىپ بولغۇچە ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. ئۇچۇرلار هەر كۈنى دېگۈدەك يېڭىلىنىپ كەتكەچكە، هەرقاچان باشقىلار ئىجاد قىلغان ئۇچۇرلارنى ئىگىلىۋېلىش بى-

لەن ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمىدى ـ دە، دائىم خەقنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تېخىنىكىسىنى سېتىۋالمىسا بولمايدىغان، سېتىۋېلىپ كەلسە كۆزلىگەن پايدىغا ئېرىشكىلى بولمايدىغان، ئاخىر باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھالىدىن كېتىدىغان ئەھۋال مۇقىملىشىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان تېخىمۇ يېڭى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش، ھەقىقىي تۈردە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرى تەتقىق قىلمىسا، ئىجاد قىلمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەت مۇقىملاشتى. ۋەزىيەتنىڭ بۇ مۇقىملىقىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئويغانغانلىقتىن، بۇ دەۋر يەنە مەدەنىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ شارائىت ۋە مۇھىتىنىمۇ پەيدا قىلدى، دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ يېرىدە كىشىلەر قولايلىق ھالدا دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ ئىجاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئېرىشتى. دېمەك، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجاد قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق پائالىيىتى بولۇشقا باشلىدى.

بۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى تېخنىكا ئىختىرا قىلىش ۋە ئۇنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش ئارىلىقىنى قىسقارتىش زامانىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بازار رىقابىتىدە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىنسانلىق ھەققىنى تالىشىش يولىدىكى مۇقەددەس مىللىي بۇرچى. بىر خەلق ئەمدىلىكتە مەيلى قايسى قىتئە، قايسى دۆلەتتە ياشىسۇن ۋە قايسى تىلدا، قانداق ئېتىقادلاردا بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ داھىيلىرى يېڭى تېخنىكا ئىختىرا قىلىش ۋە ئۇنى تەتبىقلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بەرپاچىلىقنى مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرالمىغانىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى سانىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شى، جاھان بازىرىدا تۇتقان ئورنىنىڭ قانچىلىك ئۈستۈن بولۇ-
شى، بايلىقىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ-
نىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىغا بىر نېمە دېمەك تەس. مانا بۇ
زامانىمىزدىكى پەلەكنىڭ چاقىدۇر. بىزنىڭ ئادەتلەنگەن ھاما-
قەتلىكىمىز بىلەن «ئۇ تەرەققىيات بىزگە 100 يىلدا يېتىپ
كېلىدۇ»، «ئۇلارغا بىز يەنە مۇنچە يىلدا يېتىمىز» دېگەن خام
خىياللارنى قىلىپ قانداق ئويلاش ۋە نېمىلەرنى سۆزلەپ يۈرۈ-
شىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ بۇ شەرتى ئالاھىدە
تالانتنى تالىشىش كۈرىشىدە بىزنىڭ «قاتار - قاتار قوشلارىم»
ئويۇنىمىزدىكى «ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ، كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭ-
چۇ» دېگەندەك، كۈچى يەتكەنلەر ئالاھىدە تالانت بىلەن تەييار
تالانتلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئارقىلىق يەر شارىنىڭ ھاياتلىق
پاراستى جەھەتتىكى رىقابەتنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ، پۈت-
كۈل ئىنسانىيەتنى مىسلى كۆرۈلمىگەن يەنە بىر ئۆزگىرىش ۋە
بەرپا قىلىش ئىنقىلابىغا ئېلىپ كەلدى. مول ماتېرىياللار ئاسا-
سىدا بەرپاچىلىق ۋە تالانتنى دەرسلىك قىلىپ يېزىش ۋە ئوقۇ-
تۇش ھەرىكىتى ھازىرقى كۈندە مەدەنىي دۆلەتلەردىن تەرەققىي
قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگىچە ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ قالدى. بولۇپ-
مۇ ئالىبېرت دۇنيا بويىچە ئالاھىدە تالانت تەتقىقاتى ئۈستىدىكى
تەلىماتلارنى خۇلاسە قىلىپ، ئالاھىدە تالانت ياكى ئىجادكارلىقى
بىلەن مەشھۇر بولغان ئادەملەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا نەزەرىيىۋى
تالاش - تارتىشنى تاشلىۋېتىپ، بىۋاسىتە جانلىق ئىجادىيەت
نەتىجىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندىن كېيىن، ئۇ
ئوتتۇرىغا قويغان ئالاھىدە تالانت تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇلدى، ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇپ
تەتقىق قىلىشنىڭ قىممىتى مۇئەييەنلەشتۇرۇلدى. ئالاھىدە تالا-
نتنىڭ ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈشىگە ئىجادىيەتتە تەسىرى كۈچلۈك،

ئىجادىيەت مۇددىتى ئۇزاق، ئىجادىيەت مەھسۇلاتى كۆپ دېگەن تەبىر بېرىلدى. ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ماسلوۋ، ئوسبورن ۋە ئېلىمىزدىكى بىر مۇنچە تالانتشۇناس ئالىملارنىڭ ئەمەلىيەتچىل تەتقىقاتى نەتىجىسىدە، بارلىق كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان مېڭىسى ساق ئاددىي ئادەملەرنىڭمۇ ئالاھىدە تالانتقا ئايلىنىش مۇمكىنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. 80 ـ يىللاردا تالانت نامىدا قولغا ئېلىنىپ خېلى كۆپ ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى ۋە بۇ تەتقىقات ئېلىمىزدە 90 ـ يىللاردا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىدى ـ دە، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى تالىشىدىغان مۇسابىقە توچكىسى بولۇۋاتقان بۇ مەسىلە تۈنجى بولۇپ دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆتۈلدى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئالدىنقى قاتاردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش نامىدا پۈتۈن دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە ئايلاندۇرۇلدى. ئېلىمىزنىڭ نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بولسا دۇنيانىڭ ئاشۇ بەيگىسىدە ئېلىمىزنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن تالانت قۇرۇلۇشى «211» يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە.

ئىجادىي مائارىپ ياكى ساپا مائارىپى ئالاھىدە تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ ئەقلىنى ئىلھاملاندۇرماقتا. بۇنداق ئىلھاملاندۇرۇش ئەنئەنىۋى مائارىپ ئۇسۇلىدىكى ئەقلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قەدىرلەيدىغان مەدەنىي ۋە مەنىۋى تەربىيە ئىجابىيلىقىنىڭ راۋاجى بولۇپ، ئىنسان ئۆز بەختىنى ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، تەپەككۇر قىلىش، تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرىدىغان پائالىيەت سورۇندۇر. بۇ سورۇنغا ھەممە ئەللەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئامەت ۋە ئاپەتلەر يوشۇرۇنغان. ئامەت دەۋرىمىزنىڭ ئىجادىيلىق خاراكتېرىنى تونۇپ يېتىپ شۇ خاراكتېر بويىچە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە كەڭرى يول ئاچقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئىجادكار تالانتلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىۋاتقانلارنىڭ بولسا، ئاپەت ئەكسىچە ھېسسىياتلارغا بېرىلگەن ۋە ئۇزاق مۇددەت مىللىي تەرەققىياتقا پايدىسى يوق شاكال ئىدىيىلەرگە ھامىي خۇراپىي ھەرىكەت قىلغۇچىلارغا، ئەقىل - پاراسەت، پۇل - بايلىق، كاپىتال ئۈستۈنلۈكى بىلەن دۇنيانى ئىگىلىمەكچى بولغان غەرب دۇنياسىنىڭ ئىجادىيەت پاراستىنى ئۆگەنمەي، ئۇلاردىكى بىر تۈركۈم چاكىنىلار بازارغا سالغان كۆپۈك مەدەنىيەتنى دوراپ يۈرگەن ئەخمەقلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلۇغ ئابىدىلىرىمىزنى ھازىرقى كۈندە دۇنيا مىللەتلىرىگە يېتىشىۋاشتىن تەقدىم قىلىش غەيرىتىگە كېلىپ، ئەقىلنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىجادىي مائارىپ ياكى ئەمەلىي ئىجادىيەت سورۇنىغا كىرسەك، تامىقىمىزنى چېكىپ تۇرۇپ ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۆزىنى بىلىپ يېتىش، ئۆزىنى يېتىشىۋاشتىن ئىجاد قىلىش، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىشتەك غايىۋى تەرەققىيات نىشانلىرىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرالايمىز. ئەقىلدىن ئىبارەت مۇقەددەس بايلىققا تايىنىپ تەبىئەت ھەقىقەتلىرىنى (ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىلىش جەھەتتە ھېسسىيات كەينىدىن يۈرگەن ۋاقىتلىرىمىزدىن چەندان ئىلگىرىلەپ، كۈچ - قۇدرەت، بەخت - سائادەت، يۈكسەك ھۆرمەت دېگەنلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئەقىل ۋە ئەقىلنىڭ ئىلھاملاندۇرۇلۇشى ئاساسىدىكى تىرىشچانلىققا تەئەللۇق قىلىنغانلىقىنى ئىجادچانلىق ئەمەلىيىتىدە كۆرىمىز.

ئەسلەپ كۆرسەك، بىزگە ئاپەت يولۇققان يىللار سەزگۈر ئالىملىرىمىز دۇنيانىڭ مانا مۇشۇنداق ئورتاق يۈزلىنىشىنى «ئويغان» خىتابلىرى ۋە ياكى «ئۇخلا» تەئەددىلىرى بىلەن ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرالمىغان كۈنلەر بولغانىدى. دۇنيا ھېلىمۇ شۇ مىجەزىدە «سەن دېگەن سەن، مەن دېگەن مەن» مۇقامىدا ئالاھىدە تالانت بايلىقى بار خەلقلەرنى ئارزۇلاپ كېتىۋا-

تىدۇ. «بۇ ئالەم گويا چېلىش مەيدانى»، بۇ جاھان تاكى بىز ئۆز كاللىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزنىڭ بەختىگە يول ئاچىدى- غان ھەقىقىي ئىجادىي رېكورت ياراتمىغۇچە بىزگە زادىلا ئىج ئاغرىتمايدۇ. ھەر نېمىدېگەن بىلەن ھەر كىم ئۆز ئۆيىنى ئۆزى ساقلىغاندەك ئالاھىدە تالانت بىلەن چېلىشىدىغان بۇ مەيداندىمۇ ھەممە ئەل ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە تالانتلىرى بىلەن ئۆزىنى ساقلا- يدۇ. «قازاننى يالىغاننىڭ تويىدا قار يېغىپتۇ» دېگەندەك، ئۆز- ئالىملىرىنى دۇنياغا كەلتۈرمەي باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت قالدۇق- لىرىنى دوراپ يۈرگەن مىللەتنىڭ ھېچقانداق ئىشىنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. ئۇ ھامان ئۆز خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بۈيۈك ئالىملارغا موھتاج بولىدۇ. ئېيتايلى، ئەگەر بىز ئىنسا- نىيەتنىڭ تارىخى بىلەن تەڭ داۋام قىلغان تەپەككۇر ئۇپۇقلىرىدى- كى ئۇلۇغ سىلجىشلارنى ئۆگىنىپ بۈگۈنكى ئىلىم - پەن ساھە- سىدە رېكورت بۇزماي، ھە دېسىلا تارقاق دېھقانچىلىق، مەمۇر- يەتچىلىك، باشقىلار ئىشلەپچىقارغان تەييار تاۋارلار ئۈستىدىكى ئىلىم - سېتىم ۋە دىنىمۇ ئىلىمدىن ئايرىلغان ھېسسىياتپە- رەسلىك تەرىپىگە باشلاپ كېتىشتەك نادانلىق ئىلكىدە تېڭىرقاپ يۈرسەك، بىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىجادىيەت تۈرلىرىنى بار- لىققا كەلتۈرىدىغان ئالاھىدە ئالىملىرىمىز بولمىسا، چېلىش مەيدانىدا نېمە ئىش قىلىمىز؟ لېكىن، بىرلا ئۈمىد شۇكى، ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ چوڭ مېڭە تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولۇپ، ئالاھىدە تالانت ئاددىي ھەم ئارقىدا قالغان ئادەملەرنىڭ چوڭ مېڭىسى ئوبدان ئىشقا كىرىشكەن ھامان بىخلىنىشقا باشلايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىكى «كەمبەغەل ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كو- يىدا بولىدۇ» دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئارقىدا قالغان ئەھۋالىنى ئۆز- گەرتىش ئىددىيىسى ئىجادىيەت ھۆرلۈكىدە ھۇزۇر سۈرۈۋاتقانلار- دىن كۈچلۈكرەك بولغاچقا، تېزلىكتە شاخلاپ مېۋە بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن بىلىپ تۇرۇپتىمىزكى، سەييارىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇلۇپ كېتىشى، قۇياش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە ئوخشاش دۇنيادىكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەتلەردىن باشقا بارلىق سۇنئىي ئاپەتلەر، بالا - قازالار ئادەم ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، سۈپەتسىزلىكىدىن بېشىمىزغا قارا بۇلۇت بولۇپ قونغان. بارلىق شۇملۇق، خورلۇق، گادايلىق تەبىئىي بايلىقلىرىمىزنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىتىدىغان ئىجادچان مائارىپنىڭ بولمىغانلىقى، مائارىپىمىزنىڭ سۈپەتلىك پەن - تېخنىكا ئادەملىرىمىزنى تەربىيەلەپ چىقالمىغانلىقى، تەرەققىياتقا ئىنتىلىپ كېلەچەكنى كۆزلەيدىغان ئۇلۇغ پىكىرلەر بىلەن مەنزىل قوغلىشىدىغان ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملىرىمىزنىڭ يوق دېيەرلىك بولغانلىقىدىن يۈز بەرگەن. دۇنيانىڭ ئىلىم مۇنبەرلىرىدە، يېڭىچە ئىگىلىك سەپلىرىدە كۈچ كۆرسىتەلمەيدىغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىلەرنى دەپ ھېسسىياتچانلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىمىز، ئاز - تولا نەتىجىلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئەمەكلەيمىز؟

گەپنى ئوچۇق ئېيتقاندا، پەن ۋە دىنىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرىدىن خەۋەرسىز ھالدىكى ھېسسىياتنىڭ ھەقىقەتنى بىلىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇ ھاياتلىقنى قوغداش ھەقىقەتىنى بىلىشتە مۇستەقىل قابىلىيەتكە ئىگە بولغان ئەقىلگە ھەمىشە دېگۈدەك توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا چوڭقۇر زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىملىرى بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇن پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ھەق راست دېگۈزگەندى. ئەگەر بىزدىكى ئىلىم - پەن تەربىيىسى كۆرمىگەن ھېسسىياتپەرەس بايۋەچچىلەر، خېنىملار بۇنىڭغا يەنىلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىدىغان بولسا، خۇشال - خۇراملىق بىلەن دۇنيانىڭ بارلىق بىلىملىرىنى يۇقىرى سۈرئەتتە ئىگىلەپ، ئىند-

سانى ۋە مىللىي روھ بىلەن بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىغا ئېتىلىپ كىرمىسە، بىزنىڭ راۋاج تاپماي گادايلارغا ئايلىنىپ كېتىشىمىز ھەمدە ئىلىم - پەن جەھەتتە زاۋاللىققا يۈزلىنىپ كېتىشىمىزگە ھېچكىم ئارا تۇرمايدۇ.

بۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا مەن ئېھتىمال بەرپاچىلىق تەرەققىياتى ئەپۇ قىلمايدىغان دەرىجىدىكى ھېسسىياتچان تەرەپلىرىمىزگە زىيادە سەزگۈر بولۇپ كېتىۋاتقاندىمەن. ئەمما، ئىنسانىيەت ئەقلى نۇرلىنىپ ئادەم ۋە ئالەمدىكى سىرلارنى گويا دانە - دانە دەپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ «شېئىرىي مىللەت» ، «ئەقلىي مىللەت» دېگەندەك ھېسسىياتنى ھەل قىلىش يولىدىكى تۆۋەن سەۋىيىلىك سۆھبەتلەردىن تېزلىكتە نان تېپىدىغان ئىختىراچىلىق، ئىجادىيەتنى قولغا ئېلىشقا ئالدىرىمىساق بولمايدىغان ئەمەلىيەتنى ئويلاپ كۆرگەيسىز. قاراڭ، دۇنيانىڭ ئىجادچانلىق ئېقىمىدا بارلىققا كېلىۋاتقان مۆجىزىلەر ئىلغار مىللەتلەرگە نېمىدېگەن كاتتا شان - شەرەپ ۋە كۈچ - قۇدرەتلەرنى بەردى؟ بۇ شەرەپلەرنىڭ كۆپچىلىكىدىن مەھرۇم بولمىش خەلقىمىزدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئانىمىز ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ بەرپاچىلىقى ئالدىدا گويا بىر بىمار، بىمار ئانىنى داۋالىتىش بۇرچىنى ئۆتەيدىغان ھەربىر پەرزەنت ھەرقانداق ھېسسىياتپەرەسلىكتىن قول ئۈزۈپ، ئىنسانىيەتچىلىك بىلەن ئۆزلۈك ئېڭىنى توغرا كىرەلەشتۈرۈپ، پاراسەتنىڭ تۆۋەن ھالىتىدىكى بىلەرمەنلىكتىن، جاھىللىقتىن، باشقا بىر يەرلەرگە بويۇن سوزۇشتىن ئۆزىنى تارتىپ، ئۆگىنىش - بەرپاچىلىقتىن ئىبارەت شىپالىق دورا كوچىسىغا يۈگۈرۈشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com

## III زامان تەلىپى بويىچە نادان-لىقتىن قول ئۈزۈش

ئىنسانلار تارىخى بارغانسېرى مائارىپ بىلەن ئاپەتنىڭ يۈگۈرۈك مۇسابىقىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھەركىم يېڭى ماھارەت ئۆگەنمەيدى-كەن، مۇسابىقىدە يېڭىلىدۇ.

— گ. دوردېن

تارىختا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن بۇ ئۇلۇغ دەۋرنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك بىلىم تارقىتىش خاسىيىتىدىن پايدىلى-نىپ، ئۆزلۈكتىن ئايرىلغان ۋە روھىيىتىمىزنى ئازابلايدىغان، كېلەچەككە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈش ۋە ئۈمىدنى ئاجىزلاشتۇ-رىدىغان چۈشكۈن پىكىرلەرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ مۇتلەق تەلىپى بولغان ئۆگىنىش ئىنقىلابى — بەرپاچىلىق دولقۇنىغا لايىق سۈپەت ھازىرلاش ھەممىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

بۇ بىزنىڭ ئاللىقانداق ئىچكى ھاياجانلىرىمىزنىڭ بايانى ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دۆلەتتىن ھالقىشى، سودىنىڭ ئەر-كىنلىشىشى، تاۋارنىڭ دۇنيالىشىشى، كاپىتالنىڭ خەلقئارالى-شىشى، بازارنىڭ يەر شارىلىشىشىغا قاراپ قەدەم تاشلاشنىڭ ھەممىگە ھۆكۈمران ئېقىم ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئېتىراپ قىلىشتۇر. بۇ دۇنيادا ئەمدى بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىكى، مەھسۇلاتى، شىركىتى ۋە سانائىتى بولمايدۇ. ئەمما، ھەممەي-لەننىڭ يەنىلا بىر دۆلەتلىك جەمئىيىتى بولىدۇ. ھەربىر جەم-

ئىيەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىغا
ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش، دۇنيا بويىچە
بىر گەۋدە بولۇپ كېتىۋاتقان ئىگىلىكتە ئۇتۇق قازىنىشقا ئېھتى-
ياجلىق تۈرلۈك ماھارەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيە-
تىنى يارىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ھېچقانداق جەمئىيەت دۇنيا-
نىڭ ئورتاق يۆنىلىشىدىكى بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتىپ كېتەلمەي-
دۇ. يېڭى ئەسىر باشلىنىش ھارپىسىدا ئامېرىكىنىڭ ئۆز جەم-
ئىيىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئالىي مەلۇمات ئېلىش تەلىپىنى
قويۇشى، گېرمانىيە، ياپونىيىلەرنىڭ ئاھالىسىنىڭ 50% ىنى
ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا مەبلەغ سېلىشى، كىچىككىنە سىن-
گاپور ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيانىڭ ئۆگىنىش ئىنقىلابىغا ئۇيغۇنلى-
شىش ئۇچۇن، بەرپاچىلىق تەپەككۇرىنى XXI ئەسىردە پۈتكۈل
جەمئىيىتىنى «تەپەككۇر قىلىۋاتقان مەكتەپ، ئۆگىنىۋاتقان دۆ-
لەت» كە ئايلاندۇرۇش نىشانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىشى
ئەنە شۇنداق مۇقەددەس بۇرچنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ غۇلاچ
تاشلىشىدۇر. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى كۈندىكى
دۆلەت دېگەندە ھەممە نەرسە باردەك قىلغان بىلەن ئۇلار ئەمەلى-
يەتتە دۇنياۋىلاشقان بازارنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، دۆلەتكە، مىل-
لەتكە نەق قالغىنى پەقەت ئۇنىڭ ئاھالىسى بولۇپ قالدى. ئەگەر
بىر دۆلەت مېنىڭ مۇھىم بايلىقىم بار دېسە، ئۇ ئەنە شۇ خەلقى-
نىڭ ماھارىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ گەپ قىلمىسا بولماي-
دۇ. دېھقان ئۇنۇمسىز يەردىن ئۈرۈقنى يىغىۋالالمىغاندەك،
بولۇمسىز، ماھارەتسىز، بەرپا قىلىشنى بىلمەيدىغان خەلقتىنمۇ
دۆلەت ھېچنېمە ئالالمايدۇ. ئۇ پەقەت خەلقىنى شۇ ماھارەتلەرگە
ئىگە قىلغاندىلا، خەلقنى باي قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىمۇ كۈچەي-
تىپ، دۇنيادىكى زومىگەرلەردىن قورقماي تۇرىدىغان ئورۇنغا
ئۆتىدۇ. شۇڭا ئىلغار ئەللەر ئەڭ ئاۋۋال مىللىي مائارىپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر ئۇپۇقلىرىنى يارىتىدىغان ئالىملارنى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەملىرىنىڭ ساپاسىنى، ماھارىتىنى، تالانت قۇرۇلمىسىنى مۇشۇ خەلقئارالىق يۈزلىنىشكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئەتراپلىق ئىزدەنمەكتە، ھەرىكەت قىلماقتا.

ئىلغار ئەللەردە بولۇۋاتقان بۇ ھەرىكەت ئۇچۇر ئىنقىلابى بىلەن بىللە ماڭىدىغان ئۇمۇرۋايەتلىك ئۆگىنىش ئىنقىلابىنىڭ ھەممە كىشىنى ئۆزىدىكى غايەت زور يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشقا ئېلىپ بېرىۋاتقان رېئال كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىر دۆلەتتىكى 20% سەر خىل ئاھالە دۆلەت دارامىتىنىڭ 60% ىنى ئىگىلىۋالسا، ئۇنداق قىلالمايدىغان كەمبەغەل ئاھالە پەقەت 20% دارامەتكە ئىگە بولۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان نامراتلىق، ئوقۇشتىن چېكىنىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، ئۇمىدسىزلىنىش، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، تۇرلۇك توقۇنۇش پەيدا قىلىش، بايلىق ئىگىلىرىگە تېررورلۇق يۈرگۈزۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئۆز جەمئىيەتلىرىنى ھەممە ئادەم تەڭ تەرەققىي قىلىش ۋە باي بولۇش مۇسابىقىسىگە باشلاپ كىرىشكە، ھەربىر سائەت ئىچىدە 12 مىڭ بوۋاق تۇغۇلۇۋاتقان بۇ دۇنيانى كىشىلەر ئەقىل ئىقتىدارى جەھەتتە ئەركىن تەرەققىي قىلىدىغان پارلاق مەنزىلگە يېتەكلەشكە تىرىشماقتا.

بۇ تىرىشچانلىقلار «بىز تۇرۇۋاتقان يېڭى ئېرانىڭ باشلىنىشى بولغان ئالدىمىزدىكى 10 يىللىق مەدەنىيلىك تارىخىدا ئەڭ مۇھىم يىللارغا، ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان تېخنىكا يېڭىلاش، ئىسلى كۆرۈلمىگەن ئىقتىسادىي يۈرسەت، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سىياسىي ئىسلاھات ۋە خاسىيەتلىك مەدەنىيەت گۈل-

لىنىشى بىلەن تولىدىغان بىر دەۋرگە ئايلاندۇرماقتا»[1]. دېمەك، بۇ دۇنيا بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان يېڭى بىر قىياپەتكە كىرىپ، بىزنى بەرپاچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويۇشقا مەجبۇرلىماقتا. بۇ يولدا ماڭماي ئاپەت دېڭىزلىرىغا غەرق بولۇش ياكى دەرھال كاللىمىزنى ئىشلىتىپ بۇ يولغا بۇرۇلۇش بىلەن ئىگىلىكنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە كىرىش تامامەن ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىدۇر.

دانالارنىڭ ھېكمەتلىرىگە قۇلاق سالايلىكى، ئۇلار «ئىنسانلار تارىخى بارغانسېرى مائارىپ بىلەن ئاپەتنىڭ يۈگۈرۈك مۇسابىقىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەر كىم يېڭى ماھارەت ئۆگەنمەيدىكەن، مۇسابىقىدە يېڭىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار ئۆگىنىش ئىنقىلابىدىكى ئۇتۇق يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، بەرپاچىلىق يولىنى تاللاپ مىللىي گۈللىنىشنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن مەجبۇرىيەت ئۆتىمەسلىك ھازىرقى زاماندىكى تېپىك نادانلىق دەپ قارايدۇ. ئاچارچىلىق بىلەن نادانلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانلار بىلمەيدۇ، ئاچارچىلىق بەكمۇ يامان، ئەمما تېپىك نادانلىق ئاچارچىلىقتىنمۇ يامان. چۈنكى، ھازىرقى كۈندە بىر يۇرت ياكى بىر مىللەت ئاچ قالسا، ئۇلارنى باشقا يۇرت ياكى مىللەت ئىنسانپەرۋەرلىك قولىنى سوزۇپ ئاچارچىلىقتىن ۋاقىتلىق قۇتۇلدۇرۇپ قويالايدۇ. دۆلىتىمىزدە تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما، ئۇلارنىڭ كاللىسىغا بازار رىقابىتىگە كېرەكلىك تېخنىكىلارنى قويۇپ قويالمايدۇ ـ دە، ئۇلارنى ئاچارچىلىققا تەكرار تۇتۇپ بېرىدىغان نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. بۇنداق نادانلىقتىن ھەر مىللەت جەزمەن ئۆزىنى ئۆزى

---

① ج. ۋاس، گ. دوردان «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 15 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى زامان نادانلىقىنى يوقىتىش ئىشى «تالىپ بىزدىن، مۇئەللىم - مۇئەللىمە چەت-تىن» دېگەن قائىدە بويىچە باشقىلارنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇشى ياكى ۋەز خانلىق قىلىشى بىلەن ئورۇندالمايدۇ. بەلكى، زامانىمىزغا ئۇيغۇن پىكىر - تەپەككۇرىدىن مەھرۇم بىر پۈتۈن خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئېھتىياجلىرىنى قاندۇ-رىدىغان ئەقلىي پائالىيەت (يەر تېرىش، باغۋەنچىلىك، مال بېقىش ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكلىرىنى يېڭى تېخنىكا يولى بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىش، بىر نەچچە تىلدا سۆزلەش، ماشىنا ھەيدەش، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىش. . . قاتا-لىقلار) ۋە بىلىم ئىشلەپچىقىرىش شۇنداقلا بىلىمنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشتەك بەرپاچىلىقتا باشلاپ كىرىش بىلەن ئورۇندىلى-دۇ. نادانلىق يېڭى تەپەككۇر ۋە بەرپاچىلىق بىلەن باي بولۇش تەرەپتىن ھەل قىلىنمايدىكەن، بازار رىقابىتىدە خېيىمخەتەرلەر-گە تەكرار ئۇچراشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ خەلق-ئارا بازار رىقابىتىدىكى ئەھۋالىنى ئالايلۇق، يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىز خەلقئارا بازاردا ئاھالە ۋە زېمىن بايلىقى جەھەتتىن كاتتا دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدا تۇرۇقلۇق، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەر-زانلىقى بىلەن تەننەرخى تۆۋەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ ئېكس-پورت قىلىش ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالالماي يېڭى تەھدىتلەرگە يولۇقتى. سانائەتلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرغانسېرى، ئېكس-پورت قىلىدىغان ئېنېرگىيە ۋە خام ماتېرىياللار جەھەتتىن چې-كىنىپ كەتتى. ئېكسپورتنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىنى قانداق ئۈستۈرۈش، خەلقئارا بازار رىقابىتىدىكى تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئېكسپورتنىڭ ئىچكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش رولىنى قانداق ساقلاش، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتناشقاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئېشىپ

بازارنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاس-تىدا، مىللىي ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلار ئالدىدىكى رىقابەت كۈچىنى قانداق كۈچەيتىش قاتار-لىق يېڭى - يېڭى باش قېتىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى، ھەمدە بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۆلەت رەھبەرلىرى-مىز ئىمكانىيەت يار بەرگەن ھەممە دۆلەتلەرگە بېرىپ تەجرىبە -پىكىر ئالماشتۇرۇشتىن باشقا، كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بەرپاچىلىق «مىللىي تەرەققىياتنىڭ جېنى»، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشنىڭ مەشئىلى دېگەن ھەمدە بەرپاچىلىق ئىختىيارلىقى ۋە بەرپاچىلىق قابىلىيىتى بار تالانتلا-رنى قانداق قىلىپ تېزلىكتە يېتىلدۈرۈش، بىلىم ۋە تېخنىكىنى ئارقا تېرەك قىلغان سودا رىقابىتىنى قانداق كۈچەيتىش ھەققىدە جىددىي پىلان - تەدبىر تۈزۈشكە كىرىشتى.

1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۆلەت رەھبەرلىرى-نىڭ خەلق سارىيىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىملارغا «مەشھۇر مۇتەخەسسىس، تېخنىك تالانت ئوردېنى» تارقىتىشى جۇڭگو تارىخىدا ئالىملارغا زور مۇكاپات بەرگەن تۇنجى سەھىپە بولۇپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ باشقىلارنى دوراشتەك ئەگەشمە تارىخىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بەرىتىپ ئىجا-دىي رېكورت بۇزىدىغان مىللىي گۈللىنىش يولىغا ماڭغانلىقىنىڭ خىتابنامىسى بولدى. بۇ كاتتا مەرىكىدە دۆلەت نامىدىن «بۇلار-نىڭ ۋۇجۇدىغا توپلانغان ئېلىنىش، بەرپا قىلىش، يۇقىرى چوققىلارغا ئۆرلەش، پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى تو-لىمۇ قىممەتلىك...»[1] دېگەندەك مەزمۇنلاردا ئوقۇلغان تەب-

---

[1] ۋاڭ جۇڭيۇ: «مەشھۇر مۇتەخەسسىس، تېخنىك تالانت ئوردېنى» تارقىتىش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىكلەر جۇڭگودا ئالىملارنى زامانىمىزنىڭ بۈيۈك باتۇرلىرى قاتارىدا ئۇلۇغلاش بولسا، ئۇزاققا سوزۇلغان گۇلدۇراس ئالقىشلار يىغىن ئەھلىنىڭ پۈتكۈل جۇڭگولۇقلارغا ۋاكالىتەن: «نادانلىق ـ ياۋۇزلۇق، دۈشمەن ھەرقانچە يامان بولسىمۇ نادانلىقتەك رودۇپاي، ۋەھشىي بولمايدۇ. ئۇ سانى ھەرقانچە كۆپ خەلقنىمۇ قولىغا ھېچقانداق قورال ـ ياراغ ئالماي تۇرۇپ غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ. بىز مۇشۇ تۇپەيلى يوقىلىپ كەتكىلى تاس قالغان بۈگۈنكى كۈنگە ناھايىتى تەستە ئېرىشتۇق. بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ بەرپاچىلىق روھىدىن ئۇرغۇپ چىقتۇق. مۇشۇ مۇبارەك كۈندىن باشلاپ ئىجاد قىلالمايدىغان ھازىرقى زامان نادانلىقىغا قارشى كۈرەشنى مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنياسى قىلىمىز» دېگەن قەسەمىيادىنى دۇنياغا جاكارلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەلب بىرلىكىدە پەن ۋە مائارىپ بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش روھىنى ئۇرغۇتتى. مانا بۇ مىللىي روھ، بۇنداق روھلا بولىدىكەن، مىللەتنىڭ يېشى مەڭگۈگە ئۇزىرايدۇ. بۇ قائىدە جۇڭگودىكى ۋە دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇنۇ چاقىرىقى بەرپاچىلىقنى مىللىي قەھرىمانلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىزگە بېرىلگەن كوماندىدۇر: «مەيلى قايسى مىللەت، قايسى دۆلەت بولسۇن، مۇشۇنداق مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، بىر ئەۋلادقا يەنە بىر ئەۋلاد ئۇلىنىپ كۆچمىيش يولىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك، ئەجدادلار سالغان ئۇل ئاساسىدا ئۇزلۇكسىز ئىجاد قىلىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. بىز كۆپچىلىكتە مانا مۇشۇنداق مىللىي مەجبۇرىيەت ۋە تارىخىي جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق باتۇرانە ئىرادە بولۇشى كېرەك»[1] .

① جياڭ زېمىن: «جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات.»

راست، بىزگە نادانلىقتىن قول ئۈزىدىغان مۇشۇنداق بىر كوماندا، ئەمەلىي بىر قەدەم، بۇ يولنى توسقانلارنى ئەدەبلەيدى. غان بىر تەدبىر كېرەك. چۈنكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيا. تىدىكى ھازىرقى تېزلىك زامانىمىزنىڭ ئىگىلىك تۇرمۇشىنى ۋە دۇنيانىڭ قىياپىتىنى شۇنداق چوڭقۇر ئۆزگەرتمەكتىكى، بۇنىڭ. دىن بىز كېلەچەكتە جەمئىيەت ۋە ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ بۇرۇنقى ھەرقانداق چاغقا قارىغاندا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تارقىتىلىشى ۋە تەتبىقلىنىشىغا بېقىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىمۇ پەن ـ تېخنىكىنى مېڭىسىدە كۆتۈ. رۈپ يۈرىدىغان جانلىق ئادەمگە بېقىپ كېتىدىغانلىقىنى، يېڭى ئەسىردىكى ئىس ـ تۈتەكسىز بولىدىغان رىقابەت ئېلىشىشىدا ھەممە ئىشنىڭ نېگىزى پەن ـ تېخنىكا، ئۇل تاش مائارىپ، ئاچقۇچى تالانت، بولۇپمۇ ساپاسى يۇقىرى تالانت بولىدىغانلىقى. نى كۆرۈۋالماقتىمىز. ئەگەر كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ رېئال. لىقنى ئېتىراپ قىلساق، بىز دەۋاتقان نېگىز (پەن ـ تېخنىكا) دە پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىيات بولغانىكەن. بۇنىڭدىن كې. يىنكى ئادەملەرنىڭ كەسپىدە، يەنى بىر خىل ھۈنەرۋەنچىلىكىدە مۇقىملىق بولمايدۇ، پەقەت ئۇ ئىگىلەپ ماڭىدىغان ماھارەتلەردە مۇقىملىق بولىدۇ. مەكتەپتە بىر خىل كەسىپتە ئوقۇپ، بىر خىل خىزمەتنى ئىشلەپ ئۆمۈرلۈك جان باقىدىغان تۇرمۇش تارىخ بولۇپ قالىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قابىلىيىتىنى كېلەچەكتىكى خىزمەتلەر ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاش. تۇرۇش ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىشنى تەن ئېلىشى كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز دەۋاتقان ئۇل تاش (مائارىپ) ئومۇ. مىي جەھەتتىن ئۆمۈرۋايەتلىك ئۆگىنىشنى تەكىتلەيدىغان داۋام. لىق مائارىپ بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ جەھەتتە كونىراپ كەتكەن تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسارىتىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مائارىپنى زامان تەلىپىدە ئىختىرا قىلىشقا، بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى مائارىپنىڭ تۈزۈمىدە، مەزمۇنىدا، ئۇسۇلىدا، ۋاستىلىرىدە ئۆزگىرىش ياساپ، ئۇنى بەرپاچىلىق روھى، بەرپاچىلىق قابىلىيىتى، بەرپاچىلىق خاسلىقى يېتىلدۈرىدىغان يېڭىچە بازىغا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇلار بىزنىڭ «بىر دۆلەت» لىك جەمئىيىتىمىزنىڭ «ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش، دۇنيا بويىچە بىر گەۋدە بولۇپ كېتىۋاتقان ئىگىلىكتە ئۆتۈق قازىنىشىدا ئېھتىياجلىق تۈرلۈك ماھارەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئۇسۇلىدۇر.

بىزنىڭ ھازىر بىلىدىغانلىرىمىز بەكمۇ چەكلىك، مەكتەپلىرىمىزدە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، تېلېفون - چاقىرغۇلار، تېلېۋىزور - كومپيۇتېرلار، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، سۇ ئۈستى قاتناش قوراللىرى، خىمىيىلىك بىرىكمىلەر، تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تونۇشلۇق ياكى ئۇچراشقان ئوقۇغۇچىلار ئۇنداق ئالىي نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىغان، قولى بىلەن ئۇلارنى تۇتۇپ باقالمايدىغان، ئۇلارغا چىقىپ يۈرەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭ تەمىنى تېتىپ باقالمايدىغان، ئۇلارنى ياساپ مەشىق قىلىپ باقالمايدىغان بىر سىنىپقا قاۋۇشۇلۇپ دوسكىغا قاراپ ئولتۇرماقتا. ئۇلارنى تېخى ئۇ شەيئىلەر ئۈستىدە مەشغۇلات ئېلىپ بارالمايدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتماقتا. كەلگۈسىدە ئومۇمىيۈزلۈك باش كۆتۈرىدىغان شىركەت ۋە كارخانىلار كېرەك قىلىدىغان يېڭىچە تەپەككۇر ۋە ئۇقۇملاشتۇرۇش ماھارىتى، خىيىمخەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش، تەجرىبە قىلىپ كۆرۈش، ئۆزگىرىش ۋە پۇرسەتلەرنى تونۇپ يېتىش ماھارىتى دېگەنلەرنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر يوق دېيەرلىك بولماقتا. بەزى مەكتەپلەر ھېلىمۇ بۇنداق ئەمەلىيەت سورۇنلىرىغا

بارمىغانلار يازغان كىتابنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاۋارە.

ياق! ياق! ! ياق! ! ! بىزگە مانا مۇشۇ زاماندا نان تېگىدىغان ماھارەتلەرنى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كېرەك. ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچىلار جەزمەن مېڭىمىزدىكى 7 خىل ئەقىل مەركىزىدىكى قابىلىيەتنى ئەمەلىيەت بىلەن، ئەمەلىي خىزمەت ۋە كەسىپلەر بىلەن باغلاپ تۇرۇپ بىزنى ئوقۇتىدۇ. «ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى ئەلۋەتتە ھەر خىل قابىلىيەتلەرگە ناھايىتى پىششىق ئادەمدۇر. پەن بىلىملىرى، ھېسداشلىق، پىكىرلىنىش، ئالماشتۇرۇش، قىزغىنلىق، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش قابىلىيىتى، مۇزىكا، سەنئەت، خەرىتىلەشتۇرۇش ۋە كۆپ خىل ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەش ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئەمەلىي تەرەپلىرىدۇر» ①.

① ج. ۋاس: «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 469 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# IV بەرپاچىلىققا يۈزلىنىش

بىز باشقىلار ياراتقان ئىختىرالارنىڭ ھالاۋىتىدە ياشاۋاتىمىز. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىرالىرى بىلەن باشقىلارغا مۇلازىم بولىشىمىز كېرەك.

— فرانكىلىن

يېڭى ئەسىر، يېڭى ئېرا ھارپىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر تۈمەنمىڭ. ئىگىلىك ياكى ئىقتىساد نۇقتىسىدىن ئالساق، بەزى كىچىككىنە دۆلەتلەر 20 ـ 30 يىل ئىچىدە تارىختىكى ئۇلۇغ ئىمپېرىيىلەردىنمۇ باي بولۇپ كەتتى. كىچىك ـ كىچىك شىركەت ياكى بىرلا دۇكان بىلەن ئىش باشلىغان فېرمىلار نەچچە ئون يىللىق، ھەتتا ئەسىرلەپ تارىخى بار باي مانۇفاكتۇرالاردىن ئۆتۈپ كەتتى. گېتىزدەك ياشلار ئالىي مەكتەپنىڭ ئاددىي ئوقۇغۇچىلىقىدىن 20 نەچچە يىل ئىچىدە ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ 1/10 قىسمىنى ئىگىلەپ، گىزى كەلگەندە بىر ياكى بىر نەچچە كىچىك دۆلەتنى شەخسىي ئۆز ئالدىغا سېتىۋالىدىغان غەنى باي بولۇپ كەتتى... بۇ دولقۇن دۇنيانىڭ سەييارىلەشكەن ئىگىلىكىدە يەنە قانداق يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ناھايىتى توغرا سان ياكى بىر سۆز بىلەن بېكىتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خاسلىق بار. ئەمما، باي بولۇش نۇقتىسىدا شۇنداق بىر ئورتاقلىقنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، ئۇلار مەيلى مىللەت، دۆلەت ياكى شەخس بولسۇن، بەرپا قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، بەرپاچىلىققا ماھىر بولغان-

لاردۇر. شۇڭا، مۇشۇنداق ئورتاقلىقتا قاراپ ئالىملار مۇنۇلارغا
هۆكۈم قىلىدۇ:

بىلىم ئىگىلىكىنىڭ جېنى نېمە؟ بەرپاچىلىق. بىر تەشكى-
لات ياكى كوللېكتىپنىڭ يادرولۇق قابىلىيىتى نېمە؟ بەرپاچى-
لىق دەۋرنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى. ئۇ بىر جاما-
ئەت، كوللېكتىپ بويىچە ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

راست، قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەردە كىشىلەر
هوقۇق قوغلىشىشلىرىدا ئۆز مۇددىئاسىغا زوراۋانلىققا تايىنىپ
يەتكەنىدى. كاپىتال ئۈچۈن كۈرەشىدىغان كاپىتالىستلار جەمئى-
يىتىدە پۇل ۋە ئالتۇننىڭ رولى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، كىشى-
لەر پۇل ۋە ئالتۇن قوغلىشىشلىرىدا ئۇنى تىزگىنلەش مۇددىئا-
سىنى بىلىم ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن –
مەرتىۋىلىرى بىلەن ئەمەلىي كۈچىنى ئىپادىلىدى. ئەمدى بولسا،
بىلىمگە ئىگە بولۇش، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە يېڭى ئىگىلىكلەرنى
ئىجاد قىلىشنى ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىدىغان ئاساسىي ئېقىمغا
ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بۈگۈنكى كۈندە بىلىم گويا ۋاقتى يېزىقلىق قۇتىلىق يېمەك-
لىككە ئوخشاپ قالدى. بىلىمنىڭ ۋاقتى ئۆتسە، كىشىلەر ئۆزد-
نىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بىلىملىرى ئورنىغا يېڭى بىلىم ئىجاد قىلمى-
سا، ئۇلارنىڭ كەسپىي هاياتى خۇددى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن
يېمەكلىك قۇتىدا سېسىپ تۈگەشكەندەك تۈگىشىپ كېتىدىغان
بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بەرپاچىلىق بىلەن بىللە
مېڭىشقا، بارلىق هۈنەرلىرىنى ئەمدى بەرپاچىلىق قىلىدىغان
مەيداندا ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت
ياكى ئىجادىيەتلەر سىستېما قۇرۇلۇشى زامانىمىزدىكى ئادەملەر-
نىڭ ياشاش سەنئىتىگە، جاھاندارچىلىق دەستۇرىغا ئايلىنىپ
قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىش شەخسلەر بىلەن توختاپ قالماي، جامائەتلەر ئوتتۇ-رىسىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەۋج ئېلىپ، بەرپاچىلىق دېڭىزىغا كىرىپ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنمىسە، بىردەمدىلا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان، يەل بېرىلگەن شار ۋە ھالقىلىق رېزىنكە كۆتۈرگۈچىلەرگە مىنىۋالسىمۇ، بەرپاچىلىق ماھارىتى بىلەن دېڭىزدا غەۋۋاسلىق قىلىدىغانلار ئۇلارنى تېگى-دىن ئۇسۇپ چۆكتۈرۈۋېتەلەيدىغان، مىللەتلىك، دۆلەتلىك، جاما-ئەتلىك ئورنىدا تېزلىكتە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەرپاچىلىقنى ئىجادىيەت ياكى ئىخ-تىرا مەزمۇنلىرىدا ئۆگىنىشتىن ئۇلارنىڭ ئىگىلىك سىستېمى-لىرىغا لايىقلاشقان زەنجىرلىك ئۆلىنىش ۋە تۈتىشىش يۈكسى-لىشلىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ھەممىمىزگە مەجبۇرىيەت بول-دى. بىز مۇشۇ مەجبۇرىيەت بىلەن نامىمىزدىكى بەرپاچىلىق دائىرىلىرىنى ئېنىق بىلىپ مېڭىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ يەردە ئالدى بىلەن بەرپاچىلىقنىڭ ئىختىرا، ئىجادىيەتتىن بەرپا قىلىنىدىغان تەرەپلىرىگە نەزەر سېلىپ ئۆتۈپ، بەرپاچىلىق تەپەككۇرى توغرىسىدا ئىككىنچى قىسىمدا گەپ ئالىمىز.

## 1. بىزدە بەرپاچىلىقنىڭ تىلغا ئېلىنىشى

بەرپاچىلىق دېگەن نېمە؟ ئۇنى بىز خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە ئارقىلىق قوبۇل قىلغان يېڭىلىق يارىتىش دېگەن سۆز گۇرۇپپى-سى بىلەن ئىپادىلەشكە بولامدۇ؟ تىل مەنىسىدىن تەكشۈرگەندە، يېڭىلىق يارىتىش دېگەن سۆز گۇرۇپپىسى تەرجىمە ئارقىلىق لۇغەت تەركىبىمىزگە كىرىشتىن ناھايىتى مۇقەددەم بولۇپ، بىز ئۆز مېڭىمىز بىلەن مۇستەقىل ئويلاپ ۋە ئۆز قولىمىز بىلەن

ھۆنەر - كارامەتلىرىمىزنى ئىشلىتىپ بارلىققا كەلتۈرگەن بىر
پۈتۈن ئەمگەك مېۋىلىرىنى بەرپاچىلىق دائىرىسىدە تاق سۆز ياكى
ئۇنىڭغا ئانا تىلىمىز بىلەن تومۇرداش ئىسىم، ئات قوشۇمچىلى.
رىنى قوشۇش ئارقىلىق بەرپاچىلىق دەپ ئاتاپلا قالماستىن،
ئەھيا، بىنا سۆزلىرىنىمۇ بەرپا سۆزىگە يانداپ قوللانغان.
تىللاردىن تەرجىمە ئارقىلىق قوللىنىشتىن بۇرۇنقى چاغلاردا
ھەتتا بىر سايغا مېۋىلىك جىرىم تىكىپ باغ قىلسا، «باغ ئەھيا
قىلدى» دېسە، شۇ سايلاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار ئاقىدىغان
ئۆستەڭلەرگە تۇگمەن ياساپ ئۇن تارتسا «تۇگمەن بىنا قىلدى»
دەپ، بۇددا يادىكارلىقلىرى بىلەن ئىسلام ئىبادەتخانىلىرىنى
«بېزەكلىك بەرپا قىلدى»، «مىڭئۆي بەرپا قىلدى»، «مە-
چىت بەرپا قىلدى»، «خانىقا بىنا قىلدى»، «مەدرىسە بىنا
قىلدى» دەپلا قالماستىن، ئىمارەتلەرنىمۇ بىنا قىلدى دەپ ئا-
تاپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆپ قەۋەتلىك ئىمارەتلەرنى
«بىنا» دەپ ئاتايدىغان يوسۇن تۇرغۇزغان ۋە بىنالار تۈركۈمى
بىلەن يول، كۆۋرۈك، باغچا قاتارلىق نۇرغۇن ئەسلىھەلەر بىر-
لىكنى «شەھەر بەرپا قىلدى» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، بۇرۇن
يوق نەرسىلەرنى ھاسىل قىلىدىغان بىر پۈتۈن ئىجادىي پائالى-
يەتلەرنى — خۇددى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەھەرلەر-
دەك مۇرەككەپ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى سىستېمىلىرىنى بەرپاچى-
لىق تەۋەلىكىگە كىرگۈزگەن. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، ھەرقان-
داق بىر ساھەدە بىر يېڭىلىق يارىتىلىپ ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا
ئورۇنلانسا، زاغرا تىلىدا سۆزلەيدىغان خەلق ئۇنى ئەنە شۇ تىل
ئادىتى بويىچە بەرپا قىلدى دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۆز
تۇرمۇشىنى قۇرۇش جەريانىدىكى ئەڭ ئاددىي ئىجادىي پائالىيەت-
لەردىن تاكى پۈتكۈل بىر شەھەر ياكى پۈتكۈل ھاياتىنى قۇرۇش-
قىچە بولغان پۈتۈنلەنگەن ئىجادىيەتلەر تىزمىسىنى بەرپاچىلىق

دائىرىسىدە چۈشەنگەن ۋە ھەربىر پۈتۈنلەنگەن ئىجادىيەتنى (يېرىم پۈتكەن ئىش ھەرىكەت ياكى يېرىم پۈتكەن ئىجادىيەت ئەمەس) بەرپاچىلىق نامى بىلەن ئاتىغان. راست دېگەندەك، ئىجادىيەت ياكى ئىختىرا بەرپاچىلىقنىڭ جېنى، بەرپاچىلىق جەرياندىكى ئەڭ چوڭ پائالىيەت بولسىمۇ، ئىجادىيەت ياكى ئىختىرا مەزمۇنى بەزىدە بەرپا قىلىنغان شەيئىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىپادىلەپ، قالغان قىسمىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئىجادىيەت ياكى ئىختىرا ئالىم، مۇتەخەسسىس، تېخنىك... قىسقىسى مەلۇم بىر تالانت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلىمات، ئەسەر، لايىھە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ياكى شۇ ئەسەر، تەلىمات، لايىھە ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئىككىنچى قاتلامدىكى تېخنىكىلىق ئىجادىي پائالىيەتمۇ ئىجادىيەت، ئىختىرا بولۇۋېرىدۇ. بەرپاچىلىق نەزەردە تۇتقان شەيئى بولسا، ئاشۇ تەلىمات، ئەسەر، لايىھەلەرگە ئۇلاپ تامامەن يېڭى بىر ئىش ياكى شەيئىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان بىر پۈتۈن جەرياندىكى نەچچە قاتلام ئىجادىيەت، ئىختىرانى كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ئوسما قاشنى قارايتىدۇ، دېگەن بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان تەلىمات، ئۇنى خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ قاشقا قويۇشنى ئىگىلىشى شۇ چاغدىكى تېخنىكىلىق ئىختىرا. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ تامامەن زامانىۋى پەنلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىپ، يۇقىرى پەن-تېخنىكا ساھەسىدە سانائەتلىشىپ، تۈرلۈك پەرداز بويۇملىرىغا ئايلىنىشى بولسا بەرپاچىلىقنىڭ بىر پۈتۈن شەيئىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش جەريانى. دېمەك، بەرپاچىلىق بىر مىللەت ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇنداق بىر ئىجادىي پىكرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ تاكامۇللىشىشىنى، ئىجادىي روھنىڭ چېچەكلەپ داۋاملىق مېۋە بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، بەرپاچىلىق خۇددى پەننىڭ ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان قۇرۇلۇش جەريانىغا ئوخشايدۇ. «پەن كوللېكتىپنىڭ ئىجادى-

دۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
ئۇ ئەسىرلەر داۋامىدا قۇرۇلىدىغان ئۇلۇغ بىر ئىمارەتكە ئوخشاي-
دۇ. بۇ يەرگە ھەربىر ئادەم بىردىن خىش ئېلىپ كېلىدۇ.
ئەمما، مۇشۇ خىشنى كەلتۈرۈشكە كۆپىنچە ئۇنىڭ ئۆمرى كېتى-
دۇ»①. خەنزۇ خەلقىنىڭ بەرپاچىلىق دېگەن ئاتالغۇنى ئىستې-
مال قىلىشىمۇ بىزنىڭ ئاشۇ بايانىمىزدىكى مەزمۇنلاردەك بو-
لۇپ، پۈتۈنلەنگەن ئىجادىيەت مەنىسىدە ئېيتىلىدىكەن. يېڭىلاش
ۋە يېڭىلىق يارىتىش دېگەن ئاتالغۇلار ئۇلاردا ئەسلىدە بار بولغان
ھەرقانداق بىرنەرسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، ئىسلاھات يۈر-
گۈزۈش ئارقىلىق ئۇنى يېڭى قىياپەتكە كىرگۈزۈش مەنىسىدە
ئىستېمال قىلىنىپ بەرپاچىلىقنىڭ بىر باسقۇچى ياكى بىر شاخ-
چە باسقۇچى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتالغۇلىرىمۇ ئايرىم
ئىكەن. بۈيۈك برىتانىيە قامۇسىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 2 - توم
311 - بېتىدە ئىجادىي قابىلىيەتنى بەرپاچىلىق قابىلىيىتى دەپ
ئىزاھلاپ، بەرپاچىلىق قابىلىيىتىنى ھەرگىز يېڭىلاش ۋە ئاد-
دىيغىنە يېڭىلىق يارىتىش مەنىسىدە ئىزاھلىمىغان، يەنى ئۇنى
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تېپىش، يېڭى بىر
لايىھە ياكى ئۇسۇل (مېتود) نى ئورۇنداش، يېڭى بىر سەنئەت
شەكلىنى تۇرغۇزۇش، يوق بىر نەرسىنى، يوق بىر قائىدىنى،
يوق بىر مۆجىزىنى بەرپا قىلىش دەپ ئىزاھلىغان. يېڭىلىق
يارىتىش بىلەن يېڭىلاش دېگەننى خۇددى بۇزۇلغان ماشىنا ئۈس-
كۈنىلەرنى رېمونت قىلغاندەك، مەۋجۇت بولۇۋاتقان نەرسىلەرنى
ئىنكار قىلماسلىق ئاساسىدا ئۇنى رېمونت قىلىش، بىر يېرىنى
ئۆزگەرتىش، قوپال، توسالغۇ بولىدىغان جايلىرىنى ئىسلاھ قى-

① ئا. يۈئانكارىي: «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 393 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىش مەنىلىرىدە ئىزاھلىغان. شۇڭا، بىز بەرپاچىلىق ئاتالغۇسىنى قوللىنىشتا ئالدى بىلەن ئانا تىل قائىدىسى بىلەن ئەشۇ نازۇك پەرقلەرنى نەزەرگە ئالىمىز، ئەلۋەتتە. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇلار خەلقئارادا مەيدانغا كەلگەن «ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى» نى ھازىر ئاساسلىقى « 创新 » دەپ ئۆز تىلىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئاشۇ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى يېڭىلىق يارىتىش دەپلا تەرجىمە قىلىۋېلىپ، بۇ پىئىلنى ئاتالغۇ ئورنىدا ھەممە يەرگە تاڭمىدىكەنمىز، ئۇ خەلقئارادىكى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى دېگەن مەنەنى بېرەلمەي قالماستىن، خەلقىمىز تىلىدىكى بەرپاچىلىقنىڭ چىن مەنەسىنىمۇ بېرەلمەي، بىزنى بىلىم ئىگىلىكىدە يەنە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرگە قويىدۇ. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنىڭ دۇنيادىن جۇڭگوغا كىرىش جەريانىغا قاراپمۇ بەرپاچىلىق ئاتالغۇسىنى ئىككىلەنمەي قوللىنىمىز.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇنىڭ ئىپادىلەپ بەرگەن مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بىر پۈتۈنلۈكىنى نەزەرگە ئالىمىز. مەسىلەن، بۇ ھەقتە ئەڭ بۇرۇن ئىزدەنگەن ئالىملاردىن ئامېرىكىلىق س. ئارەت ئۇنى ئىنسانلىقنىڭ كۆپ تەرەپلىرىگە تاقاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن. «يالغۇز پەن ئۈستىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتكە تايىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدىكى بەختسىزلىك ۋە كۆلپەتلىرىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئۇ تېخى دۇنيانىڭ تۇرمۇشىغا يوشۇرۇن خېيىمخەتەرلەرنىمۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ھالبۇكى، ئەخلاقشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق. . . قاتارلىقلار ئۈستىدىكى بەرپاچىلىق بولسا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ۋە ئۆزئارا ياردەم جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدۇ. بىر ئادەم يەنە شۇنىمۇ بىلىپ يېتىشى كېرەككى، تۇرمۇشنى

ئىناقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىك كۆرۈلمەيدىغان ئالىيجاناپ سەۋىيىگە
يەتكۈزۈشتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مۇزىكىلارمۇ كەم بولسا
بولمايدىغان شەرت بولىدۇ.»[1] دېگەن ھۆكۈمالىقنى ئالغا سۈ-
رۈپ، بەرپاچىلىقنى ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنى ئالغا سۈرۈش ئۈ-
چۈن تاللانغان ئالىيجانابلىق بىلەن خاسلىق بىرلەشكەن بۈيۈك
نىشان، يېڭىنى بەرپا قىلىش بىلەن ئادەمدىكى ھايۋانغا تەۋە
مىجەز ۋە قىلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئادەم تەبىئىتىدىكى
ئىلگىرىلەش، بىر پۈتۈن تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى سەن-
ئەت شەكلىدە بېزەكلەپ ماڭىدىغان ئۇدۇملۇق ـ خەلق ھەرد-
كىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. دېمەك، بۇ ئالىم دۇنيا خەلقى-
نىڭ ئىجادىيەت ئارقىلىق بەختىيارلىققا يېتىپ بېرىشىنى تەتقىق
قىلغان ئەڭ نوپۇزلۇق دانىشمەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ
قارىشى دۇنيانىڭ بەرپاچىلىق تەسۋىرىنىڭ ئانا يىلتىزىدۇر. باش-
قا ئەللەرنىڭ ئالىملىرىمۇ بۇ ھەقتە ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك تەتقى-
قاتلارنى بېرىپلا قالماستىن، ئېلىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى
كۆپ ئەسەرلەر يېزىلدى. بىراق، س. ئارەت بىر قەدەر ۋايىغا
يەتكەن كامىل ئىنسان بولۇپ، ئۇ بەرپاچىلىقنى يەككە ـ يەككە
ئىجادىيەت، ئىختىرا بىلەنلا چەكلەپ قويماستىن، ئىنسانلارنىڭ
يېڭىلىق، تىنچلىق، گۈزەللىك، ھەققانىيەت، ئالىيجانابلىق،
ئادالەت ئىزدەش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېڭى، دەۋرد-
مىزدىكى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، تارىخىي تەرەققىيات ئېڭى قا-
تارلىقلارنى كۆۋرۈك قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە
ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەيدىغان، ئۆ-
زىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئاشۇ نىشان ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز

---

[1] س. ئارەت: «ئىجادىيەت سىرلىرى» لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 530 ـ، 531 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاچىدىغان، ھەربىر خەلق ئۆزىنى زامان تەلەپلىرىنى ئۇلاپ تۇ-رۇپ بەرپا قىلىپ ماڭىدىغان پاراسەت ھەرىكىتى دەپ چۈشەندۈر-گەن. بۇنداق ئىكەن، بەرپاچىلىقتىن ئىبارەت ياشاش سەنئىتىگە تەبىئىي، ئىجتىمائىي، روھىي، بەدىئىي، تېخنىكا پەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەت ساھەلىرى بىرلىكتە قاتنىشىدۇ.

س. ئارەت بەرپاچىلىقنى ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇ-شىنى داۋاملىق تاكامۇللۇققا يەتكۈزىدىغان پۈتۈنلەنگەن ئىجادلىق بىلەن چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرگەندىن كېيىن، جەمئىيەتشۇ-ناس ۋە ئىقتىسادشۇناس ئالىملار ئۇنى ئاساسلىقى ئىجاد قىلىنغان بىلىملەرنى تەتبىقلاپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش ساھەسىدە چۈ-شەندۈرۈشنى دۇنياۋى ھەرىكەتكە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن قەدىمكى لاتىن تىلىدىكى يېڭىلىق يارىتىش «Innovore» (يېڭىلاش، يېڭى بىر نەرسىنى ئىجاد قىلىش ياكى ئۆزگەرتىش) دېگەن مەنە بارغانسېرى ئىجادىيەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈرگەن پۈتۈنلەنگەن ھەرىكەت لىنىيىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى دۇنياۋى ئۇلۇغ ئالىم شوبېرت ئىلىم ساھەسىدە ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىپ، بەرپاچىلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزمۇنىنى ئېنىق بې-كىتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بەرپاچىلىق ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي سىستېمىغا يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مەزمۇنى (production funetion) نى ئېلىپ كىرىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەسلىدىكى تەننەرخ، ئەگرى سىزىقى (cost curve) ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. «ئاۋۋال ئىختىراچىلىق ئورۇدىلىدۇ، ئاندىن بەرپاچىلىق ئورۇ-دىلىدۇ.» كارخانىچىنىڭ ئۇسلۇبى ياكى كارخانىچىنىڭ فۇنك-سىيىسى ئەنە شۇ بەرپاچىلىقنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت». «ئە-گەر ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلالمىسا، كارخانىچىلىق-نىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلىدۇ.» دېمەك، شوبېرت ئېيتمۇۋاتقان بەرپا-چىلىق ياكى تېخنىكا بەرپاچىلىقى ئىختىرا، يەنى يېڭى بىر بىلىم

ياكى يېڭى بىر نەرسىنى ئىجاد قىلىشلا ئەمەس، ئاساسلىقى ئىجاد قىلىنغان بىلىم ياكى ئىختىرانى تەتبىقلاش ئارقىلىق پايدا ئې-
لىش جەريانىدۇر. ئىقتىسادىي ئىسلاھات، تەنتەرخىنىڭ تۆۋەنلە-
تىلىشى ئىقتىسادىي مۇۋازىنەتنىڭ بۇزۇلۇشى، دەھشەتلىك رىقا-
بەتلەر مانا مۇشۇنداق بەرپاچىلىق ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئىك-
كىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، بەرپاچىلىقنىڭ نېگىزلىك
خۇسۇسىيىتى ئىجادىيەت بىلەن ئۇنۇم ھاسىل قىلىشنى بىرلەش-
تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىجادىيەت بولمىسا، ئىختىراچىلىق بول-
مايدۇ، لېكىن، بەرپاچىلىق ئاساسلىقى يېڭى بىر نەرسە ئىجاد
قىلىش ئەمەس، بەلكى شۇ يېڭى نەرسىنى تەتبىقلاپ ئىقتىسادىي
ئۇنۇم ھاسىل قىلىش، يېڭى ئىجادىي قىلغان نەرسىنى ئىجادىي
يوسۇندا ئىجتىمائىي ئىگىلىك سىستېمىسىغا ئېلىپ كىرىش،
بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ سودا قىممىتىنى ھاسىل قىلىشتىن ئىبا-
رەت. بۇنداق ئىكەن، بىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىجادىيەت
بىلەن ئىختىراچىلىق سىستېمىسىدىكى بۇ مەزمۇنلار ئارقىلىق
ھېچقانداق ئىقتىسادىي ئۇنۇمى يوق نەرسىلەرنى «ئىجاد قىلدىم»
دەپ يۈرىدىغان نادانلىقتىن قول ئۈزۈپ، بەرپاچىلىقنى پەن -
تېخنىكىدىكى ئىجادىيەتلەر ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىكىنى يارىتىش
دەپ چۈشىنىش كېرەك.

ھازىرقى دۇنيانى تازا زەن قويۇپ تەكشۈرىدىغان بولساق،
تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئىجادىيەت دەۋرى توغرىسىدا پەرەز -
تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشتىن ھازىر ئۇنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى مەم-
لىكەت خەلقىنىڭ مەشغۇلاتىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۆتكەن بولسا،
تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئىجادىي ئۆگىنىشتىن
ئىبارەت ئىپتىدائىي باسقۇچىغا تەمشىلىپ بەرپاچىلىقنى ھەربىر
خەلقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە ھازىرقى زاماندا ياشاش ماھا-
رەتلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مىللىي قەھرىمانلىق ھەرىكىتىگە ئاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لاندۇردى. ئۇلار مەيلى بىلىملىكلەر توغرىسىدا ئۆز تارىخلىرىدا نېمىلەرنى دېگەن بولسۇن، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك بەتلىرىنى بەرپاچىلىقنىڭ ئاشۇ ئومۇمىي تەلەپلىرى بويىچە يېڭىۋاشتىن يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، بەرپاچىلىقنى ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى دەۋر ئېتىبارىدا قايتا ئىپادىلەيدىغان كۈچلۈك ئېقىمغا ئايلاندۇردى. ئېلىمىز بەرپاچىلىقنى مىللىي تەرەققىياتنىڭ جېنى دېگەن يەكۈننى چىقارغاندا، بەرپاچىلىقنى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان ئورتاق ئىختىيارلىقى ۋە مىللىي روھى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ بۇنداق ئورتاق ئىختىيارلىقى بىلەن مىللەت روھىنى ئۆزلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان ئۇلۇغ ئەجدادلىرىنى ئەسلەش، ئۆزلىرىنىڭ تارىختا ئەمگەكچان، ئىجادكار، پاراسەتلىك خەلق بولۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنىش، بۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندىكى پەن - تېخنىكىدا ئۆزلىرىنىڭ بەرپاچىلىق سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتنىڭ ھازىرقى زامان بەرپاچىلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى «مانا مەن زامانىۋى مىللەت، مېنى يوقاتماقچى بولغان ھەرقانداق زوراۋاننىڭ ھىيلىسىنى تەبىئەتچىلىك، ئىنسانچىلىق، روھىيەتچىلىك پەنلىرى جەھەتتىكى بەرپاچىلىق قابىلىيىتىم، يەنى، ئىجادىيەتتە ئالدىدا ماڭىدىغان مىللىي غۇرۇرۇم بىلەن تارمار قىلىمەن» دەيدىغان قابىل مىللەت بولۇش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش مەيدانىدا تۇردى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بەرپاچىلىقنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلىگەندىمۇ يالغۇز تېخنىكا، بىلىم جەھەتتىكى ئىجادىيەت مەزمۇنلىرى بىلەن چەكلەنمەستىن، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈزۈم، تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن مۇكەممەللىشىشىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، ئىسلاھات، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ توختىماستىن ئۆزلىرىنى كۈچەيتىش ۋە

بەرپا قىلىش روھىنىڭ زامانىمىزدىكى مەركەزلىك ئىپادىسى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلۇشى دېگەن مەنىدە گەپ قىلدى، ھەمدە بەرپاچىلىقنىڭ پۈتۈن دۇنيا ھەم ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى ئىزاھلاپ، بەرپا-چىلىقتا ئىشىكنى تاقىۋېلىشقا، ئىجاد قىلغان نەتىجىلەرنى تەج-رىبىخانىلار ۋە كىتابنامىلەردە چەكلەپ قويۇشقا قارشى تۇردى. بىرىنچىدىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يېڭى مەدەنىيەت جەۋ-ھەرلىرىگە يۈزلىنىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى نۇقتىلىق ھالدا تاللاپ كىرگۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا بەرپا قىلىدىغان قابىلىيەتنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىسە، ئىككىنچىدىن، يۇكسەك، يېڭى تېخ-نىكىنى سانائەتلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش تەكىتلىنىپ، بەرپا-چىلىقنى پۈتكۈل خەلقنىڭ مىللىي روھىغا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سىڭىشىپ بارىدىغان سىستېما قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق پارلاق قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى بار، ئەمما يېقىنقى زاماندا خارلانغان بىر مىللەتنى زامانىمىزدى-كى ئەڭ ئۇلۇغ مىللەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىنى بەرپاچىلىق مەنىسىدە چۈشەندۇردى. دېمىسىمۇ بەرپاچىلىقنىڭ ئىلمىي مەنىسىمۇ «ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ بۆلىقى ئىجادى-يەت»، «ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىجادىيەت»، «ئىجادىي پائالىيەت تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەڭگۈلۈك پىشاڭ»، «ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى ئىجادىيەتتە»، «ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ئىجادىيەتكە باغلىق»، «ئىجادىي قا-بىلىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەشكىل قىلغان ئامىللار ئىچىدىكى يادرولۇق ئامىل» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇن-داق توغرا تەشەببۇس بىلەن بەرپاچىلىق جۇڭگونىڭ كۈچلۈك، باي، دېموكراتىك دۆلەت بولۇش مۇسابىقىسىدە ئۈستۈنلۈك تالى-شىدىغان يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، پۈتكۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ نامايەندىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئابىدە قىلىپ تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن خەلق بويىچە دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ئورنىدىن دەس تۇرىدىغان ھەتتا يېڭى ئەسىردە دۇنياغا خوجا بولىدىغان مىللىي روھ بولدى. بۇنداق ئىكەن، بەرپاچىلىق بۈگۈنكى جۇڭگودا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تەرەققىيات - بەرپاچىلىق ئىدىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي تور بولۇپ، ئۇ ھەرگىز بىرنەچچە تۈرلۈك ئىجادىيەت ۋە يېڭىلاشنىڭ يىغىندىسى ئەمەس. شۇڭا، بەرپاچىلىق قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشتە بەرپاچىلىق ئۈچۈنلا بەرپاچىلىقنى تۇتۇش كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ھۆكۈمەت، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، كارخانىلار ئورتاق ھەمكارلىشىپ پىلان لايىھىلەرنى تۈزۈشى كېرەك. ئىجتىمائىي پەنلەر، تەبىئىي پەنلەر، باشقۇرۇش پەنلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت پەنلىرى، تېخنىك پەنلىرى . . . ئىش قىلىپ بارلىق ئىلىم - پەن ساھەلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بەرپاچىلىققا ئۆتۈشى كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەت بىرلىكتە بىلىم بەرپاچىلىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تالانت بايلىقىنى ئېچىشنىڭ ئىگىلىك ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان زور رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي تونۇشىغا ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.»① دېگىنى ئەنە شۇدۇر.

بىزدىن بۇرۇن تەرەققىي قىلىپ كەتكەن دۆلەتلەرچۇ؟ ئۇلارمۇ بەرپاچىلىقنى دۆلەتلىرىنى زامان تەلىپىدە قۇرۇپ چىقىشنىڭ

① «تالانت بايلىقىنى ئېچىش» ژۇرنىلى، 2000 - يىل 1 - سان، 5 - بەتتىكى نەقىل.

ئىجتىمائىي سىستېمىسىغا ئايلاندۇرغان. ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ئە-
گىلىك مۇسابىقىسىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل ھۆكۈم
سۈرۈۋاتقان ئېقىمىغا نەزەر سالساق، ئۇلار دۇنيادا ئەڭ باي،
ئەڭ كۈچلۈك بولۇشنىڭ ئاچقۇچىنى ئىجادچانلىقنى يېتىشتۈر-
دىغان مائارىپ ۋە ھۆرلۈك بەختى ئۈچۈن ئىجاد قىلىدىغان
زامانىۋى ئالىملار، بەرپاچى كارخانىچىلار. . . . دەپ چۈشە-
نىپ، مائارىپ ۋە ئىجادچان ئالىملار، كارخانىچىلارغا تايىنىپ
پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئۇيغىتىش
يولىغا ماڭغان. مۇشۇنداق بىر پۈتۈن بەرپاچىلىق جەريانىدا ئۇ-
لارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى «مائارىپچى» دېگەن نام بىلەن ئاتى-
غان بولسا (مەسىلەن، ئىسرائىلىيە ئۆزىنى مائارىپچى دۆلەت
دەيدۇ، يەھۇدىيلار بولسا ئۆزلىرىنى مائارىپچى مىللەت دەيدۇ)، بەزى-
لىرى ئۆزلىرىنى ئىنسانىيەتكە يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يەتكۈز-
گۈچى، يەنى بەرپاچى (ئىنسانچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ياشاش
سەنئىتىنى ئۆگەتكۈچى) دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ
سابىق زۇڭتۇڭى كىلىنتون ئامېرىكا خەلقىنىڭ دۇنيا خەلقىگە
قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىنى يەكۈنلىگەندە: «ئەگەر ئامېرىكا دۇنيا
خەلقىگە نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەردى دەپ سورىسا، مېنىڭچە
ئۇنىڭغا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭىچە
ماھارەتلەرنى تەقدىم قىلدى دېگەن بىر سۆز بىلەن جاۋاب بېرىش
ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كېرەك» دېگەن. ئۇلار مانا مۇشۇنداق زامان
تەلىپىدىكى بەرپاچىلىق قارىشى بىلەن ئىلگىرىلىگەچكە، بۈرۈن
بىلىم دائىرىسى كەڭ ئالىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى
ئويغىتىدىغان مەشئەل قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلارنى تارد-
خىي شەرەپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئانا مەدەنىيەت ئابىدىلىرى قاتا-
رىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، دەۋر ئېتىبارىدا يېڭى بىلىم، يېڭى پەن
- تېخنىكا ئىجاد قىلىدىغان پاراسەتكە ئىگە ئىجادكارلىرىنى

مەشئەل قىلىپ كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ بايلىقىنى ئىگىلەشتە ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئالايلۇق، ھازىر ئامېرىكا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر يىللىق مىللىي دارامەت قىممىتى (GDP) نىڭ تەخمىنەن 1/3 قىسمىنى ئىگىلىگەن بولسا، ئامېرىكىدىكى مىكرو يۇمشاق دېتاللار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىر گېتىزنىڭ شەخسىي پۇلى ئامېرىكا يىللىق دارامىتىنىڭ $\frac{1}{100}$GDP گە يەتكەن. بىلىمىزكى، بىر گېتىزنى دۇنيانىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئارىستوتىلغا، ئىككىنچى ئۇستازى فارابىغا، تېبابەت شاھى ئىبنىسىناغا، سەنئەت مۇنبىرىنىڭ شاھلىرى ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىيغا سېلىشتۇرغاندا، بىلىم كاملىلىقىدا ھېچقانچە ئادەم بولمىسىمۇ، ئۇ ئىجاد قىلغان بىلىملەر ھېچكىمدە يوق بولغاچقا، ئۆزى ئىجاد قىلىۋاتقان ساھەدە دۇنيادىكى ھېچكىم يېتىشەلمەيدىغان بىلىملىك ھەم باي ئادەم بولۇپ كەتكەن، ئىلغار ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ بەرپاچىلىقىدا مانا شۇنداق بايلىقنىڭ بىلىمنىڭ كۆپلۈكىگە ئەمەس، ئىجادچانلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئېقىش يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، ئىجاد قىلالايدىغان ئادەمنىڭ پىكرىدىكى بايلىقنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئۆز خەلقىگە تونۇتقان. بۇنىڭ بىلەن بەرپاچىلىق ئەۋج ئالغان بۇ ئەللەردە پەقەت %20 ئەمگەك كۈچى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. 200 يىل بۇرۇن دۇنيا بويىچە بارلىق دۆلەتلەردە %80 تىن ئارتۇق ئاھالە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، زامانىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان بۇ دۆلەتلەردە پەقەت %8 ـ 1 ئاھالە دېھقانچىلىق نوپۇسى بولغان. ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە چەت ئەل-

لەرگە كۆپ مىقداردا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلغان. مۇشۇنداق ئىجادىيەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ دۆلەتلەردە يەنە ماشىنا - ئۈسكۈنە، توك، ئاتوم، كىنو، تېلېۋىزور، ئانتىبىيوتىك دورىلار، يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر، لازېرنۇرى، مىك-رو دولقۇن، كومپيۇتېر، ئۇچۇش ئەسۋابلىرى، ھاۋا قاتناش، پەلەكيات، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش بىلەن يېڭى قۇرۇ-لۇش ماتېرىياللىرى ۋە گېن، كلون قاتارلىق بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشلار بىلەن تېببىي پەنلەر جەھەتتىكى ئىختىرا- ئىجادى-يەتلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى - يېڭى رېكورتلارنى بۇزغان. بۇ جەھەتتىكى ئىجادىيەتلەرگە يەنە مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىسى، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىشى قوشۇلۇپ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى زامان تەلىپىدە تېز - تېز ئۆزگەرتكەن. بۇ يەردىكى ئەڭ قىم-مەتلىك تەجرىبە شۇكى، بۇ دۆلەت ياكى رايونلاردا بىلىم بىلەن سانائەت بىرلىككە كەلگەن ئەندىزە ھۆكۈم سۈرگەن، مەكتەپلەر بىلەن سودا ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق بەرپا قىلىش ئەمەلىيلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ھەم ئىجادىيەتچى، ھەم ئۆگەن-گۈچى بولغان، مەكتەپلەر قۇرۇلۇش بىلەنلا ئۆزى تەربىيىلەپ چىقماقچى بولغان تالانتلىقلار نىشانىغا يارامىلىق، يېڭى دەۋر تەلىپىدە ئىجادىيەت لايىھىلىگۈچى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللىغان. يەنە شۇنداق بىر سەزگۈرلۈك ئادەمنى چوڭقۇر قايىل قىلىدىكى، بۇ پائالىيەتلەر يېقىندىلا باش كۆتۈرۈپ دولقۇنغا ئايلانغان بولماس-تىن، نەچچە ئەۋلاد ئالىملارنىڭ ئۈلاپ ئىزدىنىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ يەرلەردىكى بەزى ئالىملار بۇنداق بىر بەرپاچىلىق دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ كەسپى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ناھايىتى بۇرۇن سەزگەن. ئالايلۇق، «ئاسماندىكى چاقماق توكىنى تۇتۇپ چۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇپ زېمىندىكى ئىستىبىداتلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغۇچى» نامىنى ئالغان فرانكلىننىڭ XVIII ئەسىردە تەييارغا ھەييار بولماي، بەرپاچىلىقتا ئاتلىنىشنى تەشەببۇس قىلىشى ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان ئورتاق ھەقىقىتىنى ئامېرىكىلىقلارغا ئەڭ ئاۋۋال ئۇقتۇرغانلىقى بولسا كېرەك. زامانىمىزنىڭ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ۋە بەرپاچىلىق پىرلىرى ھېسابلانغان ماسلوۋ، گالتون، ئوسبورىن. . . لارنىڭ XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئامېرىكىنى ئىنسان تەسەۋۋۇرى بەرپا قىلغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىشى ۋە ئامېرىكا زېمىنىدىكى ئىجادكارلىق مۇنبەرلىرىدە تۇرۇپ: «ھەربىر ئادەمدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان تالانت بار، كىشىلەر ئارىسىدا پەرقلەر بولسىمۇ، ھەرقانداق ئاددىي ئادەم تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى بىمالال ئىشقا سالالايدۇ، بۇنداق يېگانە قابىلىيەتنىڭ مۇھىملىقىغا ھازىرقى مەكتەپلەر سەل قارايدۇ، شۇڭا، ئامېرىكا ئەڭ باي، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ دېموكراتىك دۆلەت بولىمەن دېسە، كىشىلەرنى ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا، بەرپاچىلىق قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك» دېگەندەك ھۆكۈملەرنى تەكرار تەكىتلىشى، فرانكلىنىدىن باشلانغان بەرپاچىلىق ئىدىيىسىنى زۇڭتۇڭلاردىن تارتىپ يۇقىرالارغىچە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئەنە شۇنداق بەرپاچىلىق ئىدىيىسى ئامېرىكا زېمىنىدا ئەڭ بۇرۇن يىلتىز تارتقانلىقتىن ۋە ئەسىرلەپ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغانلىقتىن، بەرپاچىلىق — ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى سىستېمىسى بىرىنچى بولۇپ ئامېرىكىدا بارلىققا كەلدى، ھەمدە بۇ سىستېما ئامېرىكىنى ھازىرقى كۈندىكى ئەڭ ئىجادكار دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپلا قالماي، دۇنيا يىللىق دارامىتىنىڭ ئازغىنە كەم 1/3 قىسمىنى ئىگىلەيدىغان، بىلىم ۋە سانائەت سەۋىيىسىدە ھەرقانداق دۈشمىنىنى ئەيمەندۈرىدىغان

دەرىجىگە يەتكۈزدى.

ئۆزىمىزنى يەنە بىر ئويلاپ باقايلى، جۇڭگو ئېخى يېرىم ئەسىر بۇرۇن، بىرىنچىدىن، كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن، ئاق دۆلەت ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىزدە فېئوداللىق تەبىقە ھۆكۈمرانلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا تەپەككۇر غاپىللىقى، تەتقىق قىلىش ۋە چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە ئىختىيارسىزلىق، قانائەتلىنىش ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇلار ئەقىلنىڭ نامراتلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. «بۇنداق نامراتلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەخمەقلىق دەپ ئاتاش مۇمكىن»[1] ئىدى. يېڭىچە ئىدىيە ئازادلىقى باشلانغان 50 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان 20 يىلدىن بۇيان بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليون جۇڭگولۇقنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇلار ئالدى بىلەن مانا ئاشۇنداق «ئەخمەقلىق» ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش ۋە ئىجادچانلىقنى قوزغايدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە يۈرۈش قىلىش ئارقىسىدا قولغا كەلدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ مائارىپ تەربىيىسىدە ئىجاد قىلىشنى ئۆگىنىشى، بەرپاچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەرىپىدە زامانىۋىلاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلدى. بىز ئىلغار دەپ قاراۋاتقان ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا ئەللىرى ھەمدە ئوكيانىيە ئەتراپىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان باي ئەللەر ئىنچام قىلىپ ئېيتقاندا ئەنە شۇ ئادەمنى ئىجادچانلىققا ئۆگىتىدىغان مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق باش كۆتۈرگەن. ھازىر ئۇلار ئالىي مائارىپنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇشنى نىشان قىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ ئەللەرنىڭ داھىيلىرى مائارىپنى ئەۋزەل شارا-

[1] ماكسىم گوركى: «باشلار ھەققىدە» خەنزۇچە نەشرى، 50 ـ بەت.

ئىتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمىتى دەپ قارىسا، ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كىلىنتون دۆلەت قۇرۇلۇشىدا «ماتېرىيالىزمنىڭ» مۇھىم بولغان ھېچقانداق بىر ۋەزىپە يوق» دېدى. بۇلار بىز ئىنسانىيەتنىڭ ھوقۇق جەمئىيىتىدىن بىلىم ئىجاد قىلىش جەمئىيىتىگە، تەبىئە جەمئىيىتىدىن كومپيۇتېرلىق تور جەمئىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ تىپىك ئىپادىلىرى بولۇپ، بۇ دەۋردىكى بارلىق ئىجادىيەتلەر گەرچە بار بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇچۇرلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئۇچۇرغا، بىلىمگە تەڭ ئەمەس. بار بولغان ئۇچۇر ۋە بىلىملەر ئاللىقاچان بىلىۋېلىنغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار بىردەك ئىجادىيەتنىڭ قورالىدۇر. ئىجادىيەت بار بولغان ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى تەتبىقلاپ ئەجدادلار ۋە باشقىلار تېخىچە پىششىقلاپ چىقمىغان يېڭى ئۇچۇر، بىلىملەرنى پىششىقلاپ چىقىشتۇر. بىلىنگەن نەرسىلەر ئارقىلىق بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى بايقاشتۇر. ئۇچۇر توپلاپ، بىلىم ئۆگىنىش ۋاستە، باشلىنىش بولۇپ، ئىجادىيەت بولسا مەقسەتتۇر. بىزنىڭ ئۇچۇر توپلاپ بىلىم ئۆگىنىشىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىملەرنى ئىجاد قىلىش، ئۇلارنى مودېللاشتۇرۇش، ماددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن؛ يېڭى قۇۋۋەت ـ قابىلىيەتلەرنى ئىقتىساد ۋە تارىخنىڭ تېخىمۇ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى مەھسۇلات، يېڭى شەيئىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ھازىرقى كۈندە ئاشۇ ئەللەردە قوزغىلىۋاتقان ئۆگىنىش ئىنقىلابى ئاللىقانداق كونا بىلىملەر سىستېمىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇنداق ئىجادچانلىقنىڭ قابىلىيەت، ئۇسۇل، تاكتىكا، ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەربىر ئەستايىدىل ئۆگەنگۈچىنى

ئالىمغا، ئىختىراچىغا، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرنى بولسا زاماننىڭ ئىجادىيەت باتۇرلىرى، بايلىق ھۆرلىرىگە ئايلاندۇرماقتا. بۇ ئىنقىلاب ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىدە يېڭى - يېڭى سانائەت تۈرلىرىنى تۇغماقتا. كرېمنىيدىكى تەھلىلچى روبېرت كېلىنكىننىڭ قارىشىچە، پۈتۈنلەي يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن تېخنىكا تېلېۋىزور ئىشتىراكچىلىرىنى شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدىلا كومپيۇتېر ئىشلىتىدىغان قىلىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىش گەرچە سەييارىمىزنىڭ يېرىمىدىكى تېلېۋىزورلارغا ئالاقىدار بولسىمۇ، مىلياردقا يېتىدىغان ئىشلەتكۈچى يېڭى تېلېۋىزور، كومپيۇتېرلارغا كېرەكلىك بولغان يۇمشاق دېتاللارغا موھتاج بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تامامەن يېڭى بولغان تەتقىقات ۋە يۇمشاق دېتاللار سانائىتى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بەرپاچىلىق دېگەن ئارقىدا قالغانلارنىڭ ئىلغار ئەللەرنىڭ ھەربىر تېخنىكىسىنى ئايرىم - ئايرىم ئۆگىنىۋېلىشى ئەمەس، ھەربىر خەلقنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئاچىدىغان مىللىي قەھرىمانلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ زاماننىۋى مىللەت بولۇش قىزغىنلىقىدۇر. بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارلىقنى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالىغان خەلقلەر گاتىستەك ھەپتىدە 400 مىليون دوللار كىرىم قىلىدىغان بايلارنى، رادارغا كۆرۈنمەي ئۇچىدىغان شەپەرەڭ ئۇچاقلارنى ياسايدىغان ئالىملارنى، خەلقنى ئەڭ قايناق مۇھەببەت بىلەن ئۆزلىرىنى سۆيىدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغان، زامان تەلىپىدە ئىجاد قىلىدىغان تەرەپكە باشلايدىغان يولباشچىلارنى تۇغالايدۇ. شۇڭا، بىز بەرپاچىلىقتەك بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت نامىغا باشقا بىر تىلدىكى سۆز گۇرۇپپىسىنى قانداق ۋە نېمە دەپ تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن ئات قوبۇل قىلماستىن، ئۇنىڭ يىلتىزلىق مەزمۇنى ۋە كېلەچەك ئىستىقبالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئەۋزەل پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلەش ھەرقانداق جەمئىيەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ھايات - ماماتىغا تاقىشىدىغان بىر ئىش. بۇنى تونۇش تولىمۇ مۇھىم... ئەگەر جەمئىيەت مەشھۇر ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ ئۆز ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يول بەرمىگەنىكەن، بۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئەزالىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى يوقاتقانلىقىدۇر. بۇنداق جەمئىيەت ئاقىۋەت ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەيدىغان بىر خىل جازاغا مۇپتىلا بولىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئېلىمىز ئۆتمۈشتىكى پىكىر نامراتلىقى ۋە پىكىر قاتاللىقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۆزىنى دۇنياغا يېڭىۋاشتىن تونۇتۇپ قويۇشقا تەييار تۇرغان بىر دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بەرپاچىلىق يولىغا ماڭدى. بۇنىڭدا مەشھۇر ئالىملىرىنى تىرىك كۆمىدىغان ۋە كىتابنامىلەرنى كۆيدۈردىغان قەبىھلىك ئەمدى يۈز بەرمەيدۇ. بىز شۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بەرپاچىلىقنىڭ بىر پۈتۈن روھىنى جەۋلان قىلدۇرۇش ھەققىمىز بار. ھازىرغىچە، ئانا تەبىئەت تۇمەنلىگەن ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقاندا، ئىنسانلار تارىخىمۇ تۈرلۈك مۇرەككەپچىلىكلەر بىلەن تولۇپ كەلدى. شۇ تۆپەيلى ھەقىقەتنى ئىزدەش يوللىرىدا شۇنچە كۆپ ئەگرى - توقايلىقلار گەۋدىلەندى. ئەمما، قورقماس ئىزدەنگۈچىلەر مۇدھىش توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جاپالىق ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆزى ئىزدەنگەن ساھەلەردە تۆھپە قوشۇپ تارىخنى نۇرلاندۇردى. ئىنسانىيەتكە بەخت - سائادەت ياراتتى. ئۇلار ئۆزى تۇغۇلغان زېمىندىن دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە نامى يېتىپ بارسا كىشىلەر سۆيىدىغان ئالىملار، ئىنقىلابچىلار، ئەدىبلەر، مۇتەپەككۇرلار، سەنئەتكارلاردۇر. لېكىن، ئۇلار «ئەۋلىيا» ياكى «پەيغەمبەر» ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ شۇنچە سۆپەتلىك ئوغۇل - قىزلىرىدىن بولۇپ كېتىشى ئۇلاردىكى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ يېڭى بايقاشلىرى

بىلەن ئىنسان بىلىمىدىكى كەملىكنى تولۇقلاش تەشنالىقى، ئا-لىيجاناب پەزىلەت، بۈيۈك غايە، چىدام ۋە تىرىشچانلىق، ۋاقىت -پۇرسەتلەرگە پەرۋانىلىق، ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشكەن ئىلمىي ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىغا باغلانغان. بىز بەرپاچىلىق كوچىسىدا ئاۋۋال باشقىلارنىڭ بۈيۈك ئىجادكارلىقى بىلەن ئەقلىمىزنى نۇر-لاندۇرالايلى، ئاندىن ئۆز تەپەككۇرىمىز بىلەن ئۇمۇر بويى ئاشۇ تالانتلاردەك ماڭالايلى، شۇنداقتا ھازىرغىچە بىزنىڭ بېشىمىزنى قايدۇرۇپ، كۆڭلىمىزنى بىئارام قىلىۋاتقان نامراتلىق، نادانلىق جەزمەن بىزنىڭ يېڭىچە تەپەككۇرىمىزدىن قورقىدۇ. ئەمما، ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېيىن كۆرسەتكەن ئادەملەردەك بولۇپ قې-لىشتىن ھەزەر ئەيلەيلى، ئۇنداقتا بىز ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ داشقاللىرى بولۇپ قالىمىز:

«بەزىلەر گېزىتلا ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتسە بەزى يازغۇچىلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئادەملەر ئۆتۈپ كەتكەن يېقىنچى كۆزلۈك، ئەمما يەنە ئەينەك تاقاشنى بىلمەيدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار تامامەن شۇ دەۋرنىڭ ئادەتلىرى ۋە بىرتەرەپلىمە قاراشلىرىغا بوي ئېگىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاشۇلاردىن باشقىنى ئوقۇمىغان ۋە ئاڭلىمىغان. ناۋادا بىر ئادەم يالغۇز ئۆزىلا ئويلىنىپ باشقىلارنىڭ ئىدىيە ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا ئېرىشەلمىسە، ئەڭ ياخشى ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولماي-دۇ. ئۇ ئادەم جەزمەن ئېتىقسىز بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ»[①].

---

① ئېينىشتېيىن: «قەدىمكى ئەدەبىيات توغرىسىدا» («ئېينىشتېيىن ئەسەرلىرى») خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ توم 303 ـ بەت.

## 2. بەرپاچىلىقتا ئەنئەنە مەسىلىسى

بىز بەرپاچىلىق ئاتالغۇسىنى يۇقىرىدىكى دائىرە بىلەن تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن ياشاش شارائىتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالىمىز. بىز بىلىمىزكى، بەرپاچىلىقنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى بولغان ئىجادىيەت ئەڭ ئاۋۋال بىر ئادەم، بىر يۇرت، بىر مىللەت تەۋەلىكىدە بارلىققا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ياراتقان قىممىتىگە قاراپ خەلقئاراغا يۈزلىنىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئاتالمىش «ئەنئەنە»، «ئۆرپ ـ ئادەت» نامى بىلەن خەلقنىڭ زامان تەلىپىدە كۆچىيىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ناھايىتى كېرەكسىز شاكاللار بولىسمۇ، ئەمما ئۇ يەنە شۇ مىللەتنى تارىختا ساقلاپ كەلگەن ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە قىلغانلىقتىن، ئۇنى ئايلىقچە شۇ مىللەتتىكى ئىجادكارلارنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان پاسسىپ نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ. بىرەر مەزھەپكە كىرىۋالغان رادىكال ئۇنسۇرلار، دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇلۇغ ھەقىقەتلىرىدىن خەۋەرسىز «قۇدۇقتىكى پاقىلار» ۋە مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان، تارىخنى ئۇنتۇپ ھازىرقى كۈندىكى پاساتلار بىلەن بىر خەلققە ھۆكۈم چىقىرىدىغان يات ـ يالاڭ كىشىلەرنىڭ بۇرمىلاشلىرىدىن قەتئىينەزەر، ھەر دەۋردىكى مىللەتنى بىر پۈتۈنلۈكتە ئۆگىنىدىغان ۋە يىراقنى كۆرىدىغان ئالىملارنىڭ ئىجادىي روھ بېغىشلىشى بىلەن ئۇ ئەنئەنە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇ خەلقنى ئۆز غۇرۇرى بىلەن مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ

تىنىك تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان خېمىرتۇرۇچ قىلىپ قويىدۇ.
ئەگەر بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەھەل ئارقىدا قالغان-لىقى بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى پەس كۆرسە، ئەنئە-نىسىنى تىللىسا، ئەجدادلىرىدىن قېيىدىسا، تازا بىر قارغىش-تەگكۈر بولىدۇ -دە، ھەقىقىي تۇردە ئالغا باسالمايدۇ. ئۇ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويغاندا بولسا، ھېچقانداق ئىستىقبالغا ئىگە بولالمايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگىشىپ كەتكەن نەرسە بولماستىن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى جۇلغىغان، ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە سىڭىشىپ كەتكەن ھالدا ئۆتمۈشكىلا مەنسۇپ بولمايدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توختىماستىن ھەدەپ تۇرىدىغان (رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن) ھازىرقى مەدەنىيەت ھاياتى بو-لۇپ ياشاپ كېلەچەككىمۇ يۈزلىنىپ بارىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ خاسلىقى ئەركىن ۋە ئاڭلىق ھالدا تارىخنى بەرپا قىلىش پائالى-يىتىدە ئىزچىل ئىپادىلىنىدۇ؛ ئادەم پەقەت ئۆزى قاتنىشىۋاتقان جامائەت ئىجادىيىتىنىڭ ھەمكارلىق كۈچى تەركىبىدە ياشايدۇ ۋە تەپەككۇر قىلىدۇكى، بۇلاردىن ئايرىلىپ يېگانە تۇرالمايدۇ، يەنى پەقەت مەلۇم مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىچىدە تۇرۇپ ئالدىنقى-لارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدۇ. ھەرقانداق دەۋردە ئەجدادلار ھەل قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن تارىخىي ۋەزىپە-لەرنى مۇقەررەر يوسۇندا ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ ماڭىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئەۋلادلار تىرىشىپ ئورۇنداشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر-قانداق بىر سەنئەتكارغا زەن قويىدىغان بولساق، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن بىر خىل شەكىل بىلەن ئەنئەنىسىنى ئەسلەپ، ئۆتۈپ كەتكەن روھىناتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ۋەزىپىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا

هازىرقى ئىدىيىسىگە مۇۋاپىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇتەپەككۇرانىلىقنى رەتلەپ بارىدۇ. ھەربىر ئىجادىيەتچىنىڭ بۇنداق پائالىيىتى ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش بولۇپ، كۆپ مەنبەلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىن كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشكە ئەلا دەرىجىدە خىزمەت قىلالايدىغان، ئەڭ يېقىن كېلىدىغان نۇقتىلارنى تاللىۋالىدۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئۇچرىشىش نۇقتىسىنى مۇنداق ئىزدەش ۋە تاللاش ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىۋاشتىن ئۇنى ھەزىم قىلىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۇچۇندۇر. دېمەك، بەرپاچىلىق ھازىرقى دۇنيانىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەدەنىيلىك نەتىجىلىرىدىن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدىن مەدەت ئالىدىغان ئاخىرقى نۇقتىلارنى تاللاپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ مىللىي بەرپاچىلىقىنى باشقا ھېچقانداق مىللەتتە يوق خاسلىق ـ ئىجادىيەتنىڭ بولاق سۈيى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بەرپاچىلىقنىڭ بۇ تەلىپى ياۋروپا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى بەزى ئەللەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى مىللىي مەدەنىيەت بىلەن چەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى بىرتەرەپ قىلىشتا يا ئۇياقا، يا بۇياقا ئېغىپ كېتىدىغان خاھىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق ئىزدەنگەندىن كېيىن، چەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشتەك بەرپاچىلىق يولىنى ئاچقان. يەنى ھەر مىللەت، ھەر دۆلەت باشقا دۆلەت، مىللەتتە يوق ئىشلارنى، ئۇسۇللارنى، ئىجادىيەت ئىختىرالارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھازىرقى كۈندىمۇ ھەرقايسى ئەللەردە يەر شارىلى-

شىش ئىكى بىلەن يىلتىزىنى تېپىش ئىككى تەڭ باش كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇنداق بولۇشى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەڭ ئاۋۋال بىر دۇنياۋى پىكىر ئېقىمى بولغانلىقتىن، ھازىرقى زامان مەدەنىيە- تى ئېگىزىدىن خەلقئارالىق بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىر مىللەت مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئانا يىلتىزىنى تېپىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلىمىسە، ھېچنېمىدە باش- قىلارغا ئۈلگە كۆرسىتەلمەيدۇ. مانا بۇ زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك بەرپاچىلىق بولۇش بىلەن بىللە يەنە ھەربىر دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئى- چىگە ئالغان بەرپاچىلىق ئىكەنلىكىدۇر. بولۇپمۇ بەرپاچىلىق دېگەن ھەربىر جاينىڭ، خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەت ئاساسىدا كۆتۈرۈلىدىغان دولقۇن بولۇپ، ھەرگىز باشقىلارنىڭ كارامەتلىرىگە قاراپ سەيياھلىق قىلىش ئەمەسلىكىدىندۇر. دېمىسىمۇ ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ بۇ دۇنيادا پۇت دەسسەپ تۇرۇشىدا باشقا خەلقلەردىن ئەۋزەل بىر يېرى بولىدۇ. بەرپاچىلىق ئەنە شۇ ئەۋزەللىكنى، باشقىلارغا سىر بولۇپ تۇيۇلىدىغان بىلىم ساھەللىرىنى ئېچىشنى ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ خەلقنىڭ ھازىرقى كۈندىكى جېنىغا ئەسقا- تىدىغان ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىجادىيەت ئەزەلدىن ھەربىر جاينىڭ تۇپراق، ھاۋا، ئۈسۈملۈك، مەدەن، جان - جانىۋار، ھايۋانات شارائىتلىرىدىن باشقا، ھەربىر ئىجادكار كې- لىپ چىققان مىللەتنىڭ ئومۇمىي روھىي دۇنياسى بىلەن باغلان- غانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى باشقا بىر خەلق ياكى ئىجادكار مۇھىتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدا بىر ئىجادكارنىڭ ئورنىنى يەنە بىرى زادىلا ئالالمايدۇ. ھەممىنى ئۆزى بىلىدىغان، ھەممىنى ئۆگىتىپ قويىماقچى بولغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىجا- دىيەت قۇدرىتىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ھەتتا ئۇلارنىڭ يادنامىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رىدا ساقلىنىپ، هازىرقى كۈندە ئۇ خەلقنىڭ هاياتىغا رېئال روھ، كۈچ بېغىشلاپ كېلىۋاتقان ئىجادىيەتلەرنى يوقىتا چىقىرىدىغان، مېنىڭ قىلىۋالىدىغان كۆرەڭ نوچىلار بەرپاچىلىقنىڭ بۇ بىلىم ساھەسىدە تولىمۇ بىچارە ساۋاتسىزلاردۇر.

بۇنداق بولمىغاندا، دۇنيا خەلقى ئۆزلىرىنى «مائارىپچى» ئاتىغان يەھۇدىيلار ياكى «دۇنياغا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تەقدىم قىلغان ئىجادىيەتچى» ئاتىغان ئامېرىكىلىقلاردەك بىرنەچچە دۆلەت ياكى مىللەتنى بەرپاچىلىقتا قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۇلاردىن ئەندىزە ئېلىش بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسىنى كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتكەن بولاتتى. بىز بەرپاچىلىق دېگەن نامنى قوللانغاندا، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ئورتاق يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، هەربىر مىللەت ئۆزىنى دەۋر تەلىپىدە ئۇستۇن ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان ئانا مەدەنىيەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا يېقىنلىشىدىغان پائالىيەتلىكىنى، ئاللىقاچان ئىجاد بولۇپ بولغان ئۇلۇغ نەرسىلەرنى تېزلىكتە ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزلىرىمۇ هېچكىمنى دورىماي تۇرۇپ باشقا مىللەتلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغان رېكورتلارنى بۇزۇش ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتتۇق. مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا قارىمۇ قارشى ئاشۇ ئىككى تەرەپ زۆرۈر چاغدا قوشۇلۇپ، زۆرۈر چاغدا ئۆز خاسلىقىنى ئىپادىلەپ تۇيدۇرماي باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋالىدىغان رېكورتلارنى بۇزىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بىز بەرپاچىلىق جەريانىدا، بىر پۈتۈن ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىمىز دەپ، بىلەر - بىلمەس نېگىزىدىن بىزگە پايدىسىز ئۆزگە نەرسىلەرگە قوشۇلۇپ كەتمەستىن، هاياتىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدىن مۇقىم، ئەمما قاتماللىشىپ كەتمەيدىغان، جەمئىيەتتە ئومۇمىي ئېتىقاد ۋە قىممەت شەكىللەندۈرۈشتە مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە زامانىۋى نوپۇزلىرىمىزنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. بۇنداق نو-

پۈزلار ھاياتىمىزدا خاسلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاتا مىراس تەكتى ئىجادىي قابىلىيەت رولىنى ئېلىشى، ئەنئەنىمىزنى ئىجادىي ھالدا زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئۆزگەرتىدىغان «يىلتىز» بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بىز بەرپاچىلىقنىڭ تەتقىقات ساھەلىرىدە مەدەنىيەت يىلتىزى توغرىسىدا تەنتەكلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ، ھۆرمەت بىلەن ئېسىل مۇنبەرلەردە ئولتۇرۇپ ئېكرانىدا سۆزلەيدىغان ئادەملەردەك مەدەنىيەت يىلتىزىمىز نېمە؟ ئۇ نەدە؟ ئۇنى قانداق ئىزدەپ تاپىمىز؟ بىزنىڭ ئانا مەدەنىيىتىمىزدە ئىجادىي قۇدرەتكە ئىگە ساپا ـ سۈپەتلىرىمىز قايسىلار؟ ئۇلارنى قانداقسىگە زامان تەلىپىدە يېڭىۋاشتىن رويئاپقا چىقىرىپ ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشالايدىغان مەدەنىي يىلتىزلىق خەلق ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايمىز؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، زامانىۋى مىللەتلەرنىڭ ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، رېكورت بۇزۇش ۋە بۇنداق روھقا پۈتكۈل خەلق بويىچە سەپ ـ سەپ تۈرۈپ مەدەت بېرىدىغان، ئىچكى ئۈپراشتىن خالىي بۈيۈك بىرلىك ئوبرازىنى تۇرغۇزۇشقا قاراپ قەدەم باسالايمىز.

## 3. بەرپاچىلىق ئىختىرانىڭ سىستېما قۇرۇلۇشى

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بەرپاچىلىق بىلىم ئىگىلىكىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا قارىتا داۋاملىق ئۆستۈرۈش تەدبىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت تەبىرى ئىجادىيەتنىڭ تەبىرىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئەمما، ئۇ بىلىم ئىگىلىكىنى ئۆستۈرىدىغان سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سوپىتى بىلەن ئىجادىيەت، ئىختىرالارنىڭ يەككە تەبىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بەرپاچىلىقنىڭ تەبىرىگە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىش كۇپايە.

— پەن ئۇستىدىكى كەشپىيات — دەيدۇ، دوكتۇر، پروفېسسور دىڭ يىپەن ئۆزىنىڭ «پاراسەتلىشىدىغان ئەسىر» دېگەن ئەسىرىدە، — تېخنىكا ئۇستىدىكى ئىختىرالارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار بەرپاچىلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار بولىسىمۇ، ئەمما، ئۇلار ئۇنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر قىسمىدۇر. بەرپاچىلىق ئۇقۇمى ئىختىراغا قارىغاندا نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭ بولىدۇ. ئۇ ئىختىرا بىلەن ئوخشاش بولماسلىقىغا ھەقلىق. مەسىلەن، بەرپاچىلىقتا باشتىن - ئاخىر ئىلگىرى كىشىلەر بىلىپ يەتمىگەن تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارنى مەيدانغا چىقىرىش ۋەزىپە بولۇپ تۇرۇشى ناتايىن. بەزى تېخنىكىلار بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىسىمۇ، بەرپا قىلىشتا ماھىر كارخانىچىلار ئەسلىدىكى تېخنىكا ئاساسىدا ئۇنى ياخشىلايدۇ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ ئارقىلىق بازارغا لايىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

راست، بەرپاچىلىق توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ئويي مېڭىمىزدە بارلىققا كېلىپ مەھسۇلات بولۇپ شەكىللەنگىچە، بازارغا كىرگۈچە نەچچە قاتلام ئىجادىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئالدى بىلەن بازارنىڭ ئېھتىياجى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىمىز، تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان مەھسۇلاتنى پىلانلايمىز. ئاندىن تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان تېخنىكا ئۇستىدە ھۆكۈم چىقىرىمىز. ئاندىن شۇ مەھسۇلاتنىڭ مودېلىنى تۇرغۇزۇپ، بۇ ھەقتە مەبلەغ سالغۇچى بىلەن خېرىدارلارنىڭ پىكرىنى ئالىمىز، مۇشۇ بىر يۈرۈش خىزمەتلەر ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلىيەتتە ئۇنۇم قازىنىشقا كۆزىمىز يەتسە، ئۇ ھەقتە ئېلان بېرىپ بازارغا

يۈزلىنىمىز. مەھسۇلات بازارغا كىرگەندە ئۇنى قوغداش، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۇنىڭ بازاردا ياشاش ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن دائىمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيمىز. بۇ جەريانلارنى قانداقمۇ بىر تۈرلۈك ئىختىرا ياكى يېڭىلاش بىلەن ئورۇنلاشتۇرغىلى بولسۇن دەيسىلەر؟

دېمەك، بەرپاچىلىق ناھايىتى زور بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ پۈتكۈل بىلىم ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش داۋامىدا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بولۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈ- رۈشمۇ مۇمكىن، تېخىمۇ ئەرزان خام ئەشيالاردىن پايدىلىنىپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى تاۋار- لارنى سېتىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ سېتىش ۋە سېتىشتىن كې- يىنكى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋە باشقىلار. بىزنىڭ بۇ يەردە بەرپاچىلىقنى مەھسۇلات ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بەرپاچىلىقنى بۇ ئارقىلىق ئەڭ ئاسان چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «مىكرو كومپيۇتېر»، سىن ئالغۇ ۋە ئۇلارغا ئوخشايدىغان مەھسۇلاتلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلار بازاردا توختىماستىن سېتىلىش بىلەن بىر چاغدا يەنە توختىماستىن يېڭىلىنىپ ماڭىدى. مانا مۇشۇ جەريان بەرپاچىلىق جەريانىدۇر. مەھسۇلاتلارنى بەرپا قىلىش بىر تەرەپتىن، تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ يېڭى ئېھتىياجلارنى دۇنياغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخىمۇ ئەقىللىق ئادەم- لەرگە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بەردى. گەرچە ئۇ كونا مەھسۇلاتلارنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىنى ئالسىمۇ، ئا- دەملەرنى بىلىم ئېلىشقا، ئىجادىي ئويلاشقا قىستاپ مېڭىپ پۈت- كۈل ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە سورۇن ھازىرلىدى. ئادەتتە جامائەت يېڭى مەھسۇلاتلاردىن زېرىكىپ قالمايدۇ، چۈش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئۇ تۇرمۇشقا قولايلىق ئېلىپ كېلىشتىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئادەملەرگە ئىش ئورنى ھازىرلاپ تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىدىكى بەرپاچىلىق ئۇنچىۋالا قارشى ئېلىنمىسىمۇ (چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ. مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ ئەرزان، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئۇسۇللار بىلەن ئىشلەپچىقىرىپ بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئادەم ئىش ئورنىدىن قىسقارتىلىپ كېتىدۇ)، لېكىن مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مائاش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە پۇرسەت بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەنە جەمئىيەتتە باشقا تەرەپلەردىن كىشىلەرگە يېڭىچە كەسىپ ئېچىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەرپاچىلىق گەرچە بەزى جەھەتلەردە قالاق ئۇسۇل ۋە تۈزۈملەرنى تارمار قىلغان بىلەن ياشاشنىڭ ئاساسىي ئېقىمىدا جۇشقۇنلۇق ھاسىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ توختىماستىن ئىلگىرىلىشىنى تېزلىتىپ تۇرىدۇ.

ئالىملارنىڭ بەرپاچىلىقنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، بەرپاچىلىق ئومۇمەن بىر جەريان بولۇپ، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش بولۇشىمۇ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ياخشىلاش بولۇشىمۇ، شۇنداقلا يېڭى تېخنىكا ئىختىرا قىلىش، يېڭى كەشپىيات يارىتىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بەرپاچىلىق ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىر تۈرى، تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ بارىدۇ، يەنى ئەسلىدە بار بولغان تېخنىكىنى ئۆزگەرتىش تىپىدا بولىدۇ. ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئامېرىكىلىقلار ئىختىرا قىلغان تېخنىكىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىپ، يېڭى بازارلارنى ئىگىلىۋېلىشى ئاشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئۇلار ئامېرىكا ئىختىرا قىلغان تېخنىكىلارنى ئەپلەپ قولغا چۈشۈرۈپ ئىشلەتكەندە يەنە ئۇنىڭغا دائىملىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ

بېرىپ، ئەسلىدە ئىجاد قىلغان ئادەملەر ئويلىمىغان دەرىجىدە يېڭىلىقلارنى قوشۇپ، ئۇنى تامامەن ياپونىيىلىكلەرنىڭ مىللىي ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە تامامەن يېڭى بىر شەيئىنى بارلىققا كەلتۈرۈش سەۋىيىسىگە يېتىپ بارغان. بەرپاچىلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى، ئاساسلىقى تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىرىشتە بولۇپ، بۆسۈش خاراكتېرىدىكى تېخنىكىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئامېرىكا مانا مۇشۇنداق تېخنىكا بەرپاچىلىقىدا ئىزچىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دائىم تېخنىكا ئىختىرا قىلىپ رىقابەتتە ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈۋالغان. رىقابەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن خەلقئارا بازاردا بەرپاچىلىقنىڭ بىرىنچى تۈرى بىلەن ئاساسى ئاجىز چاغدا ئەپلەپ پايدا ئالغىلى بولسىمۇ، ئۇزاققا داۋام قىلماق تەس. شۇڭا، رەقىبلەرنى يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ تەپەككۇرىغا ئەگەشمەي باشقىچە تەپەككۇر يوللىرى بىلەن چارە ئىزدەپ، باشقىلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغان تېخنىكا ئىختىرا قىلىپ، يېڭى بىر خىل مەھسۇلات ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى ئالدىغا كىرىۋېلىش كېرەك بولىدۇ. بىزنىڭ ئىجادىيەت دەۋرىگە كىردۇق دېگىنىمىز مانا مۇشۇنداق بىر بەرپاچىلىق مۇسابىقە دەۋرىگە كىردۇق دېگىنىمىز بولۇپ، بۇ دەۋر ھەربىر ئەل ۋە خەلقتىن بەرپاچىلىق جەريانىدىكى قاتلاملىق ئىجادىيەتلەر بىلەن ئۆزلىرىنى دەۋر خاراكتېرى بويىچە ئۆستۈرۈشنى، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىجادكارلىرىنى، ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتلاشتۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى جارستاندا كۆرسىتىدىغان كارخانىچىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنىڭ ساپاسىنى ئىجادچانلىققا ئۆستۈرۈپ، سەييارىمىزنى قاپلىغان ئۆگىنىش ئىنقىلابى ــ بەرپاچىلىق دولقۇنىدا ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ئىسپاتلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەبىئىيكى، بۇ تەلەپنى ئورۇنداش بىزنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلەر، ساھەلەر بويىچە پاراسەت قوغلىشىشىمىزغا باغلىق. ئەمما، پاراسەتنىڭ شۇنداق چاقچاقلىرى باركى، بىزنىڭ پاراسەت بايلىقىمىز تۆۋەن دەرىجىدە تۇرغاندا بىزنى بىلەرمەن قىلىپ قويىدۇ، پاراسەت بايلىقىمىز كۆتۈرۈلگەندە بىزگە بىلمىگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئېيتىدۇ. بۇ پەرقلەرنى بىلمىسەك قانائەتلىنىپ قالىمىز. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئالەم بەك چوڭ، چوڭلۇقىدىن ئۇنىڭ چېكىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئالەم ۋە ئادەمنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەر چوڭقۇر، چوڭقۇرلۇقتىن ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ. بىز پاراسەت ئەنە شۇنداق چاقچاقلارنى قىلغاندا، ئۆزىمىزنىڭ ھەر ئىككى چەكسىزلىكتە قانچىلىك بىلگەنلىكىمىز ۋە نېمىلەرنى جەمئىيەتىمىزگە تەقدىم قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئەينەن ئويلاپ كۆرسەك كۇپايە. ئەگەر كىمىكى، بۇنداق چەكسىزلىكلەردە ئىزدىنىپ، چوڭقۇرلاپ ئېگىز پەشتاقلارغا چىقىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىدىكى پاراسەتنىڭ ئادەم بىلەن ئالەم ھەقىقەتلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىنى بىلىشتە، ئەكس ئەتتۈرۈشتە، ھەرىكەتتە كۆرسىتىشتە شۇنچە تېيىزلىقىنى بىلسە، ئۇ كىشىگە يەنە بىر نۇسرەت قونىدۇ. بۇ پاراسەتنىڭ ئومۇمىيلىقىغا قانائەت قىلماي بۈيۈك تەرەپلىرىگە ئىنتىلىشتۇر. بۇ چاغدا، پاراسەتنىڭ بۈيۈكلۈكى كەڭ تەرەپلەردىن بىر ئادەمگە شۇنداق مەركەزلىشىدۇكى، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تولۇق بىلىش تەشنالىقى، ھەرىكىتى، ئىپادىلەش ئىرادىسى، باتۇرلۇقى بولۇپ قالىدۇ. ئۆز ھاياتى، ئۆز ھاياتىنى ياراتقان ئالەم ھەققىدىمۇ سوئال نەزەرى بىلەن ئىزدىنىشكە باشلايدۇ: ئادەم دېگەن نېمە؟ كىشىلىك ھاياتچۇ؟ ئادەم قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇ ئالەمگە تۆرىلىشتىن بۇرۇن نېمە ئىدى؟ ئادەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟

ئادەم بىلەن ئالەمنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟ ئالەم دېگەن نېمە؟ ئالەمنىڭ تەقى ـ تۇرقى قانداق؟ ئادەم ئالەمدە قانداق ياشىشى كېرەك؟ ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىممىتى نېمە؟ ئۇ ئۆزىنىڭ هاياتلىق قىممىتىنى قانداق يارىتىدۇ؟ مەن نېمە؟ نېمىگە ياشاي-مەن؟ تۇرمۇشۇمدىكى قايغۇ ـ ئەلەملەرنى قانداق يوقىتىمەن؟ قانداق قىلسام تەبەسسۇم بىلەن ياشاپ دۇنيا بىلەن چىرايلىق خوشلىشالايمەن؟ . . . ئۇنىڭ پاراسەت ھەرىكىتىدە سوئال ۋە سوئال ئارقىلىق ھەقىقەت ئىزدەش، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ، جەمئى-يىتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ بىناكارلىقى ئۈچۈن پەرۋانە بولۇش ئا-خىرلاشمايدۇ. ھەقىقىي ھايات ئەنە شۇنداق پاراسەت ئىگىسىنىڭ دەۋر تەلىپىگە يارىشا ئۆزىنى بىلىش، ئېتىراپ قىلىش، ھۆرمەت-لەش ۋە ھاياتلىق قىممىتىنى يارىتىش يولىدىكى ئىجادىيىتى-دۇر.

ئىختىراچىلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىگە بولغان تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەر، ھۇزۇر ۋە بايلىق بىردەك شۇلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ تالانتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىسىدا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرى تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق ۋە يۇرەككە راھەت بېغىشلايدىغان بولۇپ كەتتى. بىز يەۋاتقان نازۇ - نېمەتلەر، كىيىۋاتقان كىيىم - كېچەكلەر، ئۆيلىرىمىزدىكى جابدۇقلار، كۈن نۇرىنى خانىمىزغا چېچىۋاتقان ھەمدە سوغۇقنى توسۇپ بىزنى ئىسسىق ساقلاۋاتقان ئەينەكلەر، يول - كوچىلىرىمىزنى يورۇتۇپ تۇرغان، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا يوللىرىدىكى قاتناش قوراللىرىغا قۇۋۋەت بېرىۋاتقان يانار گازلار، تۇرلۇك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن مەئىشەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان قورال - سايمانلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن ئادەملەر ۋە نۇرغۇن مېڭىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئىجادچانلىقى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىنسانلار مانا مۇشۇنداق ئىختىرا - ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بەھرىمەنچىسىدۇر. ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدىغان شەخسىي تۇرمۇش ۋە جامائەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە كىشىلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك مانا مۇشۇ ئىختىرا، ئىجادىيەتلەرنىڭ مېۋىلىرىدىن نەپ ئېلىپ تۇرىدۇ.[1]

— سىمىيل سىملىز

① «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز» 1999 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 31 - بەت.

# ئىككىنچى قىسىم

## دەۋرنىڭ مەۋقەسى ۋە ئىجادىي مۇھىت يارىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

تالانت چۆلدىكى گىياھ ئەمەس، ئۇ
جەمئىيەتنىڭ پەرۋىشىگە موھتاج.

— لۇشۈن

ئىجادىتچانلىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچ — ئا-ساسلىقى ئىجادىي مۇھىت ھاسىل قىلىش بولۇپ، ئىجادىي مۇ-ھىت ئادەمنىڭ ئۆزى ۋە تاشقى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى دېگەندە، ئۇنىڭدىكى ئىجادىي خاسلىق ئامىللىرى-نىڭ يېتىلىشى - پسىخىكىنىڭ ساغلاملىقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما، ئىجادىي خاسلىق ۋە پسىخىك ساغلاملىقى يېتىل-گەن ئادەم ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت تونۇغانلىقىنى سەۋەبلىك ئۇ ئاللىقاندىق تاشقى ئامىللارنىڭ بەنت قىلىشى بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئادەم تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئالاھىدە تاشقى ئامىللار شۇ ئادەمنىڭ ئىجادىيەت نىشانى ۋە تاكتىكىلىرىنى پايدىلىق ھالدا تەڭشىيەلىسە، شۇ ئادەمنى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقى ۋە جەمئىيىتىگە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلىپ بېرىش ئەركىنلىكىگە ئېلىپ بارسا، مۇۋاپىق تەڭشىيەل-مىسە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئېچىش ئەمەس، ھەتتا ھەرىكەت ھالىتىدە مېۋە بېرىۋاتقان تالانتىنىمۇ نابۇت قىلىدۇ. شۇڭا، «قەلبى ئەڭ پاك بىر پەيلاسوپنى كۆندىلىك تۇر-مۇش ناھايىتى قولايسىز، ئەخلاقتا تۆگىشىپ كەتكەن قەبىھ مۇھىتتا قويۇپ قويسا، ئۇمۇ بىر پالەچ بىخۇدقا، نومۇسسىز ياۋۇزغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. . . ياۋۇزلۇق، نامراتچىلىق ۋە پاس-كىنىچىلىق قاپلىغان مۇھىتتا ئاق كۆڭۈل، پاك ۋە ئالىيجاناپ ئەخلاقى بار ئادەمنى يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ.»① شۇڭا ئىجادىي مۇھىتنى بىز ئادەمنىڭ ئۆزى ھەم تاشقى ئامىللار بىرلىكىدە يارىتىمىز ۋە مەۋقەنى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ جىددىي تەلىپى

---

① سمىيل سمىلىز: «غۇرۇر - پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى» بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى، 1999 - يىل خەنزۇچە نەشرى 35 - بەت.

بولغان ئىجادىي قابىلىيەتكە قارىتىمىز.

تاشقى ئامىللار دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئەت ئامىللىرى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئامىللار ئاساسلىقى شۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت كۆزنىكىدىكى ئىجاد قىلىپ تەرەققىي قىلىش قارىشىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيىلىك ئورۇنلارنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تەشكىللەش سەۋىيىسى، مۇكاپات بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش تۈزۈمىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئىززەت - ئىكرام ۋە شۇ ھەقتىكى سىياسەت، قانۇنلىرىنىڭ سەۋىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئەت ئامىللىرى بولسا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپتىكى ئامىللار قوشۇلۇپ تاشقى ئامىللار ئومۇملۇقىنى تەشكىل قىلىش بىلەن ئادەمنىڭ كاللىسىدا سۇبيېكتىلىق تۇسى ناھايىتى ئېغىر بولغان مۇددىئا ھاسىل قىلىدۇ. مۇھىت ئامىلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق مۇددىئا ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ يۆنىلىشى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى — ئىچكى ئامىللارنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا تاشقى ئامىللارنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى ئىجادىي مۇھىت يارىتىشقا پايدىلىق تەرەپكە يېتەكلەش، ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇش ھەم ئىجادىي ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# I هازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەۋقە ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى تونۇش

بىز بەرپاچىلىقنىڭ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەلەپلىرىنى جۇڭگودا تۇرۇپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى ئۆز جەمئىيىتىمىزگە سېلىشتۇرىمىز. ئۇنداق بولسا، ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى تۈمەن مىڭ ئۆزگىرىشلەرگە تەسىر يەتكۈزۈپ ماڭىدىغان ئۆزگىرىش نېمە؟ بىز ياشاش ئۈچۈن مەۋقەنى نېمىگە توغرىلايمىز؟ ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق تارىخىغا قارىساق، بىز «ھوقۇق - تەسىر دائىرە» ياكى «ھوقۇق - كۈچ» دېگەن بىر مەۋقەنى كۆرەلەيمىز. ئۇ جەمئىيەتتە ھوقۇق بىلەن كۈچ ياكى تەسىر دائىرە باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھوقۇق بولسا كۈچ بولىدىغان بىر گەۋدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ھوقۇق بىلەن كۈچنى يا قانداشلىق مۇناسىۋەت، يا پۇل - مۈلۈك بەلگىلەيتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە قارىغاندا، ھوقۇق دېگەن ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ۋە ساپاسىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى شۇ نىجاسەت تۈپەيلى، بىزنىڭ ئىجادىيەت ئېڭىمىز قاتتىق بوغۇلۇپ، كونىلىقتا ئېسىلىۋېلىپ، ئەنئەنە ئاتالغان بەزى خۇراپىي جەندىلەرگە يېپىشىۋېلىش، كىتابقا پۈتۈلگەننى، مەرتىۋىلىكلەر دېگەننى جەمئىيەتنىڭ مۇقامى قىلىۋېلىش بىزنىڭ غاپىللىقتا قىلىدىغان ئاساسلىق قىلىقلىرىمىز بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق قالاق قاراش ۋە ھەرىكەت ھازىرقى دېموكراتىك پرىنسىپلىرىمىزغا نېگىزىدىن قارشى بولۇپ قالدى. ئۇلۇغ ئىش قىلغۇچىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويۇش، پايدىلىق بىر ئىش ئۈچۈن تە-

ۋەككۈل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققانلارنى قوللاش، شەخسلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەت قىلىشىغا يول بېرىش، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزگۈچىلەرنى «ھاكاۋۇر» دېمەسلىك، يېڭىلىق ياراتالايدىغانلارنى «ئالدىراڭغۇ» دېمەسلىك، ئىسلاھاتچىلارنى «قارام، تەربىيە كۆرمىگەن» دېمەسلىك، كىچىككىنە چاتاق چىقسا سىياسىي قالپاق كىيدۈرمەسلىكتەك دېموكراتىك كەيپىيات تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىردى. بۇ نېمىدېگەن زور ئىلگىرىلەش ـ ھە! بۇ يەردىكى ئىلگىرىلەش ئىلغار مەدەنىيەت، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن يولباشچىلىق رولىنى ئالغان ئىجادچانلىقنى ئېتىراپ قىلىش بولۇپ، ئىلگىرىلەش ياكى تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە قابىلىيەت بىلەن ھوقۇق، قابىلىيەت بىلەن بايلىق بىرلەشكەن ھازىرقى زامان ھوقۇق قارىشىنىڭ تىكلىنىشىدۇر.

بۇنداق ھوقۇق قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ھوقۇق بىر خىل ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت ياكى ۋەزىپە ئۆتەش بولۇپ، ئۇ جەزمەن ئۆزى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئورۇننىڭ مەجبۇرىيەت ھەم ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالايدىغان قابىلىيەتلەر سىستېمىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ھوقۇق يۈرگۈزگۈچى ئەگەر شۇنداق ساپا ۋە قابىلىيەت ھازىرلىمىغاندا، مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، جەزمەن ئۆزىگە ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىغا قابىلىيەت تەلەپى قويۇشقا مەجبۇر. چىرىگەن نەرسىلەر بازار تېپىۋاتقان بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردىكى «سودا ـ سېتىق» نى چۆرۈپ تاشلاپ، مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىق رىقابىتىدە ئاشكارا ئېقىۋاتقان پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىدىكەنمىز، ھازىر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى توغرا، تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى، ھەربىر ئادەمنىڭ پاك ۋىجدان ۋە گۈزەل ئەخلاقىغا، ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، قانائەت تاپ-

مىغان جايلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشنى، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەخلاقلاشقان ئادەت ۋە مەشغۇلات دەرىجىسىگە يەتكەن قابىلىيىتىگە تايىنىپ جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرۇشنى شەرت قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىز مانا مۇشۇنداق يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئادىمى.

ئەمەلىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆرەيلى، بازار ئىگىلىكىنىڭ نېگىزلىك پرىنسىپى باراۋەر تۇرۇپ رىقابەتلىشىش. باراۋەر تۇرۇپ رىقابەتلىشىش بولىدىكەن، ئۇ جەزمەن ئالدى بىلەن قابىلىيەتكە تايىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىغا ئىچ ئاغرىتماستىن، بەلكى كۈچلۈكلەرگە كۆپرەك بەھرە بېرىش يولى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، كۈچەيتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر ئەمەلىيەتتە ھەربىر ئادەمنى «ئەييۇھەنناس! ھاياتىمنىڭ ھەربىر مەزمۇنىنى ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىم ۋە قابىلىيىتىمگە تايىنىپ ياراتمىسام بولمايدىكەن» دېگەن يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ئادەم مۇشۇنداق ئىسسىق ـ سوغۇقلاردىن ئۆتكەندىلا، ھاياتتىكى بەختىنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ۋە كۈرەش قىلىش دەرىجىسىدە ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەتچان نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەققىنى يۇلۇپ ئېلىشقا قادىر قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشنىڭ ھەرقانداق دەۋردە ھەرقانداق ئادەم، مىللەت، دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت — گويا تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان تەبىئىي قانۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئېلىمىزدە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان «ئىش ئورنىغا تاللىشىپ چىقىش»، «يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان بولۇش» تۈزۈمى مانا مۇشۇنداق قانۇن بويىچە ھەققىي قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ماھىرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سۆرەلمە پالاسلارغا قامچا ئۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ئادەملەرنىڭ پەزىلىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنى ئادەمدە غۇرۇر، ئەخلاق، پەزىلەتلەردىن تۆرەلگەن ئېتىقاد، ۋىجداننىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىشتۇر. يەنى ئۇ «مەنسەپ مەۋقەسى» نى قابىلىيەت مەۋقەسىگە ئۆزگەرتىش، نەسەب، مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆزگەرتىش، كونىلىقنى ساقلاپ جىم تۇرۇۋېلىشنى ئاكتىپ رىقابەتلىشىشكە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا ماسلاشقان ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كىشىلەردە ئەنە شۇ رىقابەتلەرگە ياراملىق ئەمەلىيەت قابىلىيىتى ۋە ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنداق مائارىپ كىچىك مەھەللىۋازلىقنى ئوقۇتۇش مەزمۇنىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇكى، ئۆز مەھەللىسىدە تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولۇپ كەتكەن ئۇلۇغ تەلىماتلارنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە يەنە شۇ مەھەللىدىن نوبېل مۇكاپاتى ئېلىپ دۇنياغا قوشۇلۇپ، مىللەتنىڭ يۈزىدىكى ئىجادسىز داغلارنى ئۆچۈرىدىغان قېرىنداشلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

دېمەك، بىز ھازىر «تۇغقانچىلىق جەمئىيىتى»، «مىللەتچىلىك جەمئىيىتى»، «مۇناسىۋەت جەمئىيىتى»، «ھوقۇق جەمئىيىتى» دىن قابىلىيەت جەمئىيىتىگە كىرىپ كېتىۋاتىمىز. قابىلىيەت جەمئىيىتى جەزمەن «قابىلىيەت مەۋقەسى» نى تۇرغۇزۇپلا قالماستىن، قابىلىيەت مەۋقەسى بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆتىدۇ. شەخس، مىللەت، دۆلەتلىرىنى ئاغزاكى ئىبادەت كەلىمىلىرى بىلەن غاپىل ئولتۇرۇپ، بىخۇدلۇق ئىلكىدە دەر مەھەل خۇشال - خۇرام ئۆتىدىغان ھاماقەتلىكتىن ئورۇن - مەرتىۋىلەرنىمۇ زامانىۋى ئىشلارنى قىلىش ئىقتىدارىغا قاراپ دەرىجىلەشتۈرىدىغان ھەرىكەتچان ھايات يولىغا باشلايدۇ. دېمەككى، قابىلىيەت بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىگە تەسىر يەتكۈزۈپ ماڭىدىغان تۇرغا، دەۋرنىڭ مەۋقەسى بولۇپ قالىدۇ. پۈتكۈل XX ئەسىر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ ئەسىردە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانلار ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پەن - تېخنىكىدىكى بۇنداق تەرەققىيات تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار ۋۇجۇدىنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلىپ يەتكەن بىلىملەرنى ئۇزلۇكسىز جۇغلاش ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە ئىزدىنىشى بولۇپ، ئۆتكەن يۈز يىلدىكى بۇ ساۋاقلار ئاساسىدا ئىلگىرىلەۋاتقان XXI ئەسىر جەزمەن مانا مۇشۇنداق ئىلىم - پەن ئاساسىدىكى قابىلىيەتنى تايانچ قىلىدۇكى، باشقا يولدا ماڭمايدۇ. بىز بىلىم ئىگىلىكىنىڭ يېڭى بازار سودىسىدا ۋەيرانچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى، دەۋرنىڭ مۇشۇ تۇرغۇسىنى بايراق قىلغان ھالدا جەمئىيەتكە، ھوقۇققا، ئۆزىمىزگە، بەختىمىزگە، ئەۋلادىمىزغا... بارلىق نەرسىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى قاپلىۋالغان ئېتىقاد، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنى ئۇياق - بۇياق قىلىۋاتقان ئادەتلىرىمىزدىن تارتىپ تاكى بارلىق خىزمەتلىرىمىزگىچە ئەخلاق ۋە قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ھەممىنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ۋىجدان، بۇ مىللىي بۇرچ، ئۆزى ھەم ئەۋلادقا مەسئۇل بولىدىغان ئەڭ يارامىلىق ئەقىدىدۇر.

مەۋقەنى ئەخلاق بىلەن قابىلىيەتكە تۇرغۇزۇش دېگەننىڭ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ئادەمنىڭ مۇشۇنداق قابىلىيىتىنى ئېچىش دەرىجىسى بىلەن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش دەرىجىسىنى ھەربىر ئادەمنى ئۆلچەيدىغان نېگىزلىك مىزانغا ئايلاندۇرۇشتۇر. ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ جىددىي تەقەززالىقلىرىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئېچىشتا پىكىر ھۆرلۈكى بىلەن ئىجادىي قابىلىيەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئالىملارنىڭ دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا تەرەققىيات ھەققىدە

ئېلىپ بارغان تەتقىقات، تەكشۈرۈشلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن قارى-
غاندا، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلمىغان
دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەمەلىيەتتە ئادەمدىكى ئىجا-
دىي قابىلىيەتنى ئېچىش جەھەتتىكى پەرقتۇر. بۇنى ھەربىر
ئادەمگە، ھەربىر ئائىلىگە، ھەربىر مىللەتكە تەتبىقلاپ ئويلاپ
كۆرۈشكە بولىدۇ. يەنى ئەنئەنىۋى ئادەم بىلەن زامانىۋى ئادەم-
نىڭ پەرقى زامان تەلىپىدە ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئې-
چىشتىكى پەرق بولىدۇ، زامانىۋى مىللەت دېگەنمۇ ئۆزىدىكى
بارلىق خۇراپىيلىقلارنى چۆرۈپ تاشلاپ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قا-
بىلىيەتنى ئاچالايدىغان مىللەت بولىدۇ. ئۇلار ئۇلۇغ ئىجادكار-
لىرىنى پىر - ئۇستاز تۇتىدۇ، ۋەتەنپەرۋەر ئالىيجاناب مەرتلەر-
دىن كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۈلگە ئالىدۇ، بىلىمگە ۋە خەلق
بېشىدىكى كۈلپەتلەرنى يوقىتىشقا ئاتلانغان باتۇرلۇق روھىدىن
سۆيۈنىدۇ. بەرپاچىلىق بىلەن ئىشسىزلارغا پاناھ بولۇۋاتقان
كارخانىچىلىرىنى قوللايدۇ، ئالىم - ئۆلىمالارنى تەربىيىلىگەن
ئاتا - ئانىلارنى قەدىرلەيدۇ، ئىلىم - پەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا
ئەيلىگەن ئوغۇل - قىزلىرىنى ياشلار، ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۈ-
لگىسى قىلىدۇ، ھەرقانداق گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىدە
ئىجادىي ئاڭغا ئىلھام بېرىدۇ. ئوخشىمايدىغان پىكىردە بولغۇچى-
لارنى قەستلىمەيدۇ. يېڭىلىق ياراتقانلارنى باتۇر ھېسابلايدۇ.
نىزاكەش پىتنىخورلارنى، ھۇرۇن - پارازىتلارنى، بىلىمسىز
خۇشامەتچىلەرنى، ئەخلاقسىز تەڭنەبېكار قىلغۇچىلارنى ئۆچ كۆ-
رىدۇ... ئىش قىلىپ بىلىمگە، مەنىۋى پاكلىققا، قابىلىيەت-
نى ئۆستۈرۈشكە، ساخاۋەتلىك پائالىيەتلەرگە ئىنتىلىشنى مىل-
لىي روھنى ئۆستۈرىدىغان زامانىۋى پائالىيەت ھېسابلاپ، بۇ-
نىڭغا قارشى سۆيەك ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بىلىمسىز
ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان ئەخلاقىي جەھەتتە نادان كاز-
زاپلارنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا توسقۇن بولىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نوقۇل پۇلپەرەسلىك، ھوقۇقپەرەسلىك، مۇناسىۋەتپەرەسلىك تەرەپتىكى رەزىللىكلىرى، قورساق كويىدا ھەر ئىشنى قىلىدىغان ھايۋانىي چاكىنىلىقلىرىغا دەككە بېرىدۇ. ئادەمنىڭ ئىلمىي بىلىش قابىلىيىتى، ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى، تاللاش قابىلىيىتى، ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى، ھەمكارلىشىش قابىلىيىتى، كەسپىي خىزمەت قابىلىيىتى، مۇسابىقە قابىلىيىتى ۋە مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش قابىلىيەتى قاتارلىقلارنى ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆلچەيدىغان كۆرسەتكۈچ قىلىدۇ... قىسقىسى، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىپ ئىشقا سېلىشقا پايدىلىق بىر مۇھىت يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مۇھىم ئۆتكەللەرنى مانا مۇشۇنداق ئورتاق تەلەپنى ئورۇنداش ئېھتىياجى بىلەن ئويلاپ، كىشىلەردە ئىجادىي ئىختىيارلىق ۋە ئىجادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشنى مىللەتنىڭ ئۆلمەسلىك ئاساسى، ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى يادرولۇق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ھېسابلايمىز — دە، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىجادىيلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئانا بۆشۈكى مەكتەپ ياكى مائارىپ تەربىيىسىنى قەدىرلەشنى، ئىجادىيلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ چوڭ مۇھىت قارىشى ئەقىل چەمبىرىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى، ئىجادىيلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ تاشقى مۇھىت قارىشى — ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تونۇشنى؛ ھەربىر ئادەم ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىپ ئىشقا سېلىشقا ئۆلگە ئالىدىغان ۋىجدان ۋە ئەقىدە سىمۋولى بولغان ئالىملار ياكى ئۇتۇق قازانغۇچىلاردىن ئۆگىنىشنى تەكىتلەيمىز.

چۈنكى، زامانىۋى مىللەت دېگەن خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشاش بۈگۈنكى كۈندە ياشاپ قېلىش ۋە كېلەچەك ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە ئاددىي — ساددا ياشاش،

ئۆز ئىشلىرىغا سەمىمىي ـ سادىق بولۇش، زامان رىقابىتىدىكى ئىشلاردا جەسۇرلۇق بىلەن توغرا نىشان تاللاش، مىللەت ھارۋى-سىنىڭ شوتىسىدا كېتىۋاتقان ئاقىللارنى ئۆلگە قىلىپ خەلقىگە تەر ئاققۇزۇش، تارىخىدىكى ئۇلۇغلىرىنى ئۆگىنىپ بۈگۈنكى كۈندە يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان سەرخىللىرىنى ھىمايە قىلىش، ئەمگەك ئۈستىدە شىجائەتلىك بولۇش ۋە قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش، قولغا كەلگەن پۇرسەتلەرنى ھەر قاچان قولدىن بەرمەي ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن كۈچەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرغۇچىدۇر. سەن ۋەتەن-پەرۋەرمۇ؟ ئۇنداقتا خەلقىڭنى سۆي! سەن خەلقىڭنى سۆيەم-سەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە ۋىجدانىنى سۆي! ئەخلاقشۇ-ناس سمىيىل سىمىلىزنىڭ «قايسى جايدىكى مىللەتتە ئېسىل ۋىجدان، ئەخلاق ۋە ئادەت بولىدىكەن، بۇ مىللەتنىڭ ئىدارە قىلىنىشى سەمىمىي ۋە ئالىيجاناپ بولىدۇ. قايسى جايدىكى كى-شىلەرنىڭ ئەخلاقى بۇزۇق، شەخسىيەتچىلىكى ۋە شەخسىي شۆھرەتپەرەسلىكى ئۈستۈن، دىلىدا ساختىپەزلىك بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار ھەقىقەتكە ياكى قانۇنغا تايىنىپ بىرلىشەلمەيدۇ ـ دە، ئۇلار ئۈستىدىكى ئۇششۇقلار بىلەن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۈشكۈرتىدىغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ» دېگىنى ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇندۇر. ۋەتىنىمىز جۇڭگو زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، نوپۇسى كۆپ دۆلەت. لېكىن، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلەپلىرى بۇنىڭ بىلەن كۇپايىلەنمەيدۇ. گەرچە تېررىتورىيىنىڭ كەڭلىكى ھەمىشە ئۇلۇغلۇق بىلەن بىر-لىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، بىر مىللەتنىڭ ئۇلۇغ بولۇ-شىدا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ كەڭلىكى بولمىسا بولمايدىغان شەرت بولۇشى ناتايىن. تېررىتورىيە ۋە نوپۇس جەھەتتىن ئىنتا-يىن كاتتا بىر مىللەت بەلكىم قىلچىمۇ ھەقىقىي ئۇلۇغ بولماس-لىقى مۇمكىن. ئىسرائىل مىللىتى ئەسلىدە كىچىككىنە بىر

www.uyghurkitap.com

مىللەت ئىدى. لېكىن، ئۇلار شۇنچە ئۇلۇغ تۇرمۇشنى قۇردى، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە شۇنچە زور ۋە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. دۇنياغا پارلاق مەدەنىيەت نۇرىنى چاچقان يۇنان بىلەن رىم بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. يۇنانلىقلار «چىرىپ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى دېمىگەندىمۇ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شاللاق تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئەڭ زور نەتىجە قازانغان تەقدىردىمۇ ئىنتايىن شاللاق ياشىدى.» رىممۇ شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھالاكەت يولىغا مېڭىپ كەتتى. بۇنى ئاساسلىقى بۇ مىللەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك چۈشكۈنلىشىپ، راھەت - پاراغەت ۋە خاتىرجەملىك قوغلاشقانلىقىغا مەنسۇپ قىلىش مۇمكىن. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە خىزمەت پەقەت قۇللارغا لايىق ھەرىكەت دەپ قارالدى. ئۇنىڭ خەلقى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى شەرەپ دەپ بىلمىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىشى ئۇنىڭدا ئاشۇ سەۋەبلىك ھاياتىي كۈچىنىڭ قالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرمۇشتا ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن ۋە ھورۇنلۇق، تارقاقچىلىققا چۆمۈپ كەتكەن مىللەت ئۆزئارا سوقۇشۇپ قان ئاققۇزۇشقا رازى بولىدۇكى، سەممىي ئەمگەك ئۈستىدە تەر ئاققۇزۇشقا رازى بولمايدۇ. ئۇ جەزمەن ھالاك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئەمگەكچان ھەم ھاياتىي كۈچ بىلەن تولغان مىللەتلەر ئىگىلەيدۇ.

ئەمما، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتنى مەۋقە قىلىشتىن ئىبارەت بۇنداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئارقىسىدا بىز تەكىتلەۋاتقان نۇقتىلار ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم نۇقتىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىلىم ۋە ماھارەتنى رىقابەت نۇقتىسى قىلىپ، جەمئىيەت بويىچە كىشىلەرنى ئىجادىي ساپا يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش؛ كىشىلەردە گۇمانلىنىش، تەۋەككۇل قىلىش، جۈرئەت قىلىشتەك ئىجادىي پەزىلەت تۇرغۇزۇش؛ كىشى-

لەرنى ئەمەلىيەت ئاساسىدا يېڭى تەپەككۇر، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى تەسەۋۋۇرغا ئۇندەش رولىنى ئوينىسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ھەممە مەسىلە ھەل بولدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، كۆڭلى قارا ئادەملەرنىڭ قابىلىيەت مەۋقەسىنى ئاددىي شوئارلاشتۇرۇ- شىغا، قابىلىيەتنى ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن قارىمۇ قارشى قى- لىپ قويۇشىغا قارشى تۇرۇپ، قابىلىيەت دەرىجىسىنى بېكى- تىشتە ناھايىتى ئىلمىي بولغان مىزان تۈزۈپ چىقىپ، ئاددىي بىر ئىشتا ئۇتۇق قازانغانلارنى شاھى سۇلتانلاردەك ھۆرمەتلەپ، ئىلمىي ئىشلاردا تەكرار مەغلۇب بولىدىغان، قانچە ئۇلۇغ ئىجا- دىيەتتە بولغانسېرى، شۇنچە كۆپ مەغلۇب بولىدىغان ئەھۋاللارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قابىلىيەت مەۋقەسىنى جەزمەن ئالىي ۋە پاك ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تەمىن ئېتىش، پاراسەت قابىلىيىتىنى جەزمەن ئەخلاقىي پەزىلەت سۈيى بىلەن سۇغۇرۇش، شەخسلەرنىڭ قىمە- مىتىنى بېكىتكەندە، ئۇنىڭ خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق ياكى زىيان- لىق ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## II دەۋرىمىزنىڭ ئەقىل چەمبىرىكىگە هۆرمەت قىلىش

ئەقىل چەمبىرىكى دېگىنىمىز، زامانىمىزدا ئىجادىيلىقنى جارى قىلدۇرۇشتىكى چوڭ مۇھىت قارىشى بولۇپ، بۇ ئالدى بىلەن تەربىيىلىگۈچى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار، ئاندىن قالسا تەربىيىلەنگۈچىلەرمۇ بىلىشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئۇلۇغ غايىمۇ ناچار مۇھىتتا بۇزۇلۇپ بىمەنىلىكلەرگە ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئىجادىيلىقنىڭ چوڭ مۇھىتى بولغان ئەقىل چەمبىرىكى كۆپ ھاللاردا يولباشچىلارنىڭ قولىدا ئۇياق - بۇياق بولۇپ كېتىدۇ.

بىز بىلىمىزكى، زامانىمىزدا سەنئەتكارلىقنىڭ ۋەزىپىسى ئەقلىدە كائىناتنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان مۇرەككەپ ئادەملەرنىڭ مول تۇرمۇش كارتىنىلىرىغا كۆرە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ بېغىشى بىر يەردە، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ بارغانسېرى ياخشى ياشىشى ئۈچۈن ھاياتلىق شارائىتى ھازىرلاشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، بۇنداق ھاياتلىق شارائىتى قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر خاس ئادەملەردىن ئىبارەت بىر تەرەپتە تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ نەزەرىگە بۇ جاھان خۇددى ئادەملەر ئۆزىلا پەيدا بولۇۋالغان جاھاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق قاراشنى زامانىمىزنىڭ ئەقىل چەمبىرىكىگە قويۇپ تەكشۈرگەندە شۇنداق بىمەنە تۇيۇلىدۇكى، ئۇ ھەتتا بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن «پالنامە» نىڭ ئادەمنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەركىبىگە قويۇپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ئالدىدا، قەدىمكى زاماندىكى بوۋىلىرى-

مىزنىڭ ھەتتا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك نەرسىلەرنى تۇتىپ قىلىپ
چوقۇنغان چاغلاردىكى سەۋىيىسى ئالدىدىمۇ چېنىپ قالىدۇ. زا-
مانىمىزدا ياشاۋاتقان ئادەملەردە بۇنداق ئاددىيلىق تۇرغان يەردە
قەدىمكى پەيلاسوپلارنىڭ بەزى تەلىماتلىرى نېمىشقا ھازىرغىچە
قۇدرىتىنى يوقاتمىدى ۋە ھازىرقى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ تەلىمات-
لىرى زامانىمىزنىڭ ئادەتلەنگەن قاراشلىرىدىن ھالقىپ كەتتى؟
بۇ ئېھتىمالىم ئۇلار ئالەمدە ئەبەدىلئەبەد ھۆكۈم سۈرىدىغان بۇ-
يۈك بىرلىك (ئادەم بىلەن تەبىئەت بىرلىكى) نى ئەلا بىلگەنلى-
كىدىن بولسا كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ مۇشۇ پەرىزىمىز توغرا
بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ ھايات شارائىت-
لىرىنى باغانسىرى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئالەمنىڭ ماسلىق، بىر-
لىك رىتىمى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشى، سەييارىمىزدىكى
نەق ھايات شارائىتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، ئالدى
بىلەن ئادەمنى ئاپىرىدە قىلغان ئانا تۇپراققا بېقىنىشى، ئۇنىڭغا
مۇھەببەت باغلىشى، ئۇنىڭغا ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش سەنئىتىنى
ۋە گۈزەللىك تاللاش زوقىنى قوشۇشى كېرەك. راست، شۇنداق-
لا قارايدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدىكى ئالەمدە ئادەم ئالەمدى-
كى جانلىقلار بىلەن بىرلىكتە جەۋلان قىلىۋاتىدۇ، بىرلىكتە
تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، بىرلىكتە تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ ھەيۋەت-
لىك ھايات دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. ئادەمدىكى ئىجا-
دىيەت پاراستى بەزىدە ھېسسىياتنىڭ ئېھتىراس قىلىشى، ئىدى-
يىدە يېڭى كاناللارنىڭ ئېچىلىشى، قانۇنىيەتلەرنىڭ كەشىپ
قىلىنىشى، تېخنىكىنىڭ نازۇكلىشىشى بولۇپ ئىپادىلەنسىمۇ،
ئەمما ئۇ ئالەمدىكى جانلىقلارنىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى يەنىلا ئەلا
بىلىندۇكى، كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە ئىشلارنى دەپ كېلەچەك
ئۈچۈن پىلان سوقمايدىغان، بىر دائىرىنى دەپ ئومۇمنى دائىرى-
گە زىيان سالىدىغان، ئۆزىنى دەپ باشقىلارنى ئويلىمايدىغان
تەنتەك ھەرىكەتلەرگە بولۇشۇپ بەرمەيدۇ. باشقىلارغا زىيان سې-

لنش ھېساپىغا ئۆزى پايدا ئېلىشنى ئويلايدىغان ھەرىكەت، ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن مەيلى قانچە يېڭىلىق توسنى ئالسىمۇ، ئۇلارنى بىردەك نادانلىق ئىلكىدە گۇناھ سادىر قىلىش، ھوقۇق ـ مەنپەئەت بىلەن بولۇپ كېتىپ مەنىۋى راكقا گىرىپتار بولۇش ۋە ياكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى چۈشكۈنلۈكنى ئەۋج ئالدۇرۇش دەپ قاراپ، ئۇلارنى بۈيۈك بىرلىكنى بۇزغۇچى دۈشمەنلەر قاتارىدا تازىلاشقا ئىنتىلىدۇ. زامانىمىزدىكى ئەقىل چەمبىرىكى دېگەن ئۇقۇم تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ ئەنە شۇنداق بىرلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى كۈندە تۇرمۇش سەنئەتكارى بولىمەن دېگەن ئادەم ئالدىنئالا ئايدىڭلاشتۇرمىسا بولمايدىغان يەر شارى خاراكتېرلىك قاراشتۇر.

بۇ قاراشنى يورۇتقان ئالىملارنىڭ تەلىماتىغا كۆرە، مەدەنىيەت دېگەن تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ قوشۇلۇشىدىن يارالغان تۆرەلمە. سەنئەتكارلىق پاراسىتى بولسا مۇشۇ تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى بىردىنبىر روھ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىنسانىيەت كەلگۈسى بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىجادىيەت پاراسىتىدىن ئىبارەت تەرەققىياتنىڭ سەۋەبكارىدا ئېغىش پەيدا قىلماسلىقى، بۇ روھنى ۋە بۇ روھنىڭ ئانىسى بولغان تەبىئەت دۇنياسىنى بۇلغىماي پاك ساقلاش زۆرۈردۇر. شۇڭا، بۇ ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ ئاخىرقى ساقلاشتۇر. بۇ گۈزەللىكنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئاسراش، ئۇنىڭغا ئاساسلىنىش، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن باشلانغۇچ نۇقتا سۈپىتىدىكى ھەقىقىي نەپسلىك دەپ بىلىش لازىمكى، باشقىچە ئويلاردا بولماسلىق كېرەك. ئەگەر ئىنسانلار چوڭ تەبىئەتنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېچىۋەرسە، نادانلىق بىلەن بۇلغىسا، ۋەيران قىلسا، ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىكى سەنئەتكارلىقنى ھاسىل قىلغۇچى ئانىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىدۇ ـ دە، شۇ ۋاپاسىزلىق تۈپەيلى

قاغمشتەگكۇر بالا بولۇپ، ئەسلىدە بار بولغان نۇرغۇن بەخت ئامەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئىككى تەرەپ تولۇق ساغلاملىق بىلەن ھاسىل قىلىشقا تېگىشلىك مەدەنىيەت تۆرەلمىسىنى تۇر-لۇك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يەر شارى ھاياتلىقىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، پايانسىز ئالەمنىڭ سەي-يارىلەر سىستېمىسىدا ھاياتلىققا لايىق كېلىدىغان پەقەت يەر شارىلا بولۇشى مۇمكىن. دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئالىملار قۇياش سىستېمىسىدا ھاياتلىق شارائىتى بار سەييارىلارنى ئىزدەپ، ھەمدە قۇياش سىستېمىسى سىرتىدىكى ئالەملەرنى ئىزدەپ ئاجا-يىپ زور ئۇتۇقلارنى قازاندى. جەزىمكى، ئىنسانلار جېدەل قىلى-ماي ھەقىقە سېغىنىپ كۆرەش قىلسا، ئىزدەنسە، يەنە بىر ھايات-لىق شارائىتى تېپىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما، ھازىر يەر شارىلا ئالەمدىكى بىردىنبىر ھاياتلىق سەييارىسىدۇر. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئۇستۇنلۇك تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك شارائىتنىڭ ئۆزئارا تو-لۇقلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولسا كېرەك. بىرى، يەر شارى-نىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك شارائىتلىرى ئىنتايىن ئەۋزەل بولۇپ، بۇنداق ئەۋزەل شارائىت ئىپتىدائىي ھاياتلىقنىڭ ئۈز-لۈكسىز پەيدا بولۇشىغا تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، يەر شارىدىكى چوڭ ئاتموسفېرا چەمبىرىكىنىڭ زىچلىقى ۋە تەركىبى يەر يۈزىدىكى بەلگىلىك تېمپېراتۇرا ۋە سۇيۇقلىنىش ھالىتىدىكى سۇ چەمبىرىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەمىن ئېتىپ، ھاياتلىق ھەرىكىتىگە ۋە كۆپىيىشكە دەلمۇ دەل ئۇيغۇنلىشىدۇ؛ چوڭ ئاتموسفېرادىكى ئەركىن ئوكسىگېن ھەم ھاياتلىقلارنىڭ نەپەسلىنىشىنى تەمىن ئېتىدۇ، ھەم ئوزۇن قاتلىمى شەكىللەن-دۈرۈپ قۇياش ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنىڭ بىۋاستە ھاياتلىقلارغا تېگىشىنى توسىيدۇ؛ چوڭ ئاتموسفېرادىكى ئوگلېكسىلى گاز-نىڭ مىقدارىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېزلىق (يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۈن نۇرى ياردىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئوزۇقلۇق ماددىلىرىنى ياساش رولى) ئېھتىياجىنى قاند-
دۇرىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق ھارارەت ھاسىل قىلمايدۇ؛ يەر
پوستىنىڭ ھەرىكىتى ۋە يانار تاغلار ھەرىكىتى يەر يۈزى بىلەن
يەر يۈزىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرىسىدا ماددا ئالماشتۇرۇش
بىلەن ھاياتلىققا كېرەكلىك ئېلېمېنتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.
يەنە بىرى، ھاياتلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يەر شارىنىڭ فىزىكى-
لىق، خىمىيىلىك ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېپتىدائىي يەر
شارىنىڭ چوڭ ئاتموسفېرا قۇرۇلمىسى ۋە تەبىئىي تەقى - تۇرقى
ھازىرقى كۈندىكى ھالىتىدىن ناھايىتى پەرقلىق بولۇپ، ئۇ چاغ-
دا تەبىئىي شارائىت ئىنتايىن ناچار ئىدى، ھاياتلىقلار پەقەت
زورۇقۇپ تۇرۇپ جېنىنى ساقلاشقىلا قادىر ئىدى، ناھايىتى
ئۇزاق ئىرا - ئەسىرلەر داۋامىدا ھاياتلىقلار ھەرىكىتىنىڭ تەڭ-
شەش، تىزگىنلىشى ئارقىسىدا يەر شارىنىڭ مۇھىتى ئۆزگىرىپ
بۈگۈنكى سىياققا كىردى. مەسىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتو-
سىنتېزلىق رولى ۋە تۈرلۈك جانلىقلارنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش
ھەرىكىتى ئارقىلىق كەلگۈسىدە قۇياش نۇرىنى يەر شارىنىڭ
ئېنېرگىيە مەنبەسىگە (كۆمۈر، نېفىتلار ئورنىدىكى) ئايلاندۇ-
رۇپ ساقلاش ئارقىلىق يەنە يەر يۈزىدىكى ماددا ئالمىشىشقا
كېپىللىك قىلغىلى بولىدۇ. جانلىقلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى
بىلەن يەر يۈزىدىكى ماددا (ئوكسىگېن، سۇ، مىنېرال) لار
ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ يەر شارىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، يەر شارىنىڭ ھازىرقى يۈزى جىسىملارنىڭ
فىزىكىلىق تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ - يۇ، كۈچ-
لۈك ھاياتلىق سىستېمىسىغا تايىنىپ بىرخىل ھەرىكەتچان تەڭ-
پۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. شۇڭا، بەزىلەر يەر شارىنى «ھاياتلىق
سەييارىسى» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى كۈندە ئىنسانلارنىڭ پائالى-
يەتلىرى يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىغا بۇزغۇنچى-
لىق كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئورمانلارنىڭ كۆپلەپ كېسىلىشى مۇھىت-

نى بۇلغاۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ ئاتموسفېرادىكى ئوزون تەركىبى ئازلاپ، ئوگلېكسىلى گاز تەركىبى كۆپىيىپ، چوڭ ئاتموسفېرانىڭ ھاراريتى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن. يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋانىڭ تەسىرىدە يەر شارىدىكى دېڭىز ـ ئوكيانلار پەيدىنپەي قۇرۇپ، يەر شارى ئىسسىق، قۇرغاق، ئوكسىگېن كەمچىل ھەمدە ئوگلېكسىلى گازى كۆپ بولغان سەييارىگە ئايلىنىپ ھاياتلىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، تەبىئەت بىلەن جانلىقلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش بىردىنبىر ھاياتلىق سەييارىمىزنى ئاسراشتىكى ئالدىنقى شەرتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخىچە ئىنسانلار تولۇق ئىسپاتلاپ چىقىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنداق بىر نەرسە شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەت ھاياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلارنى غەيۇر نازۇك ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقان مېخانىزم، تەدرىجى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان لىنىيىلەر ھەم ئۇلار ئىما قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاجايىپ قانۇنىيەتلەر، سىرلىق ئۆزگىرىۋاتقان ئىنسانلار ئەقلى ئىقتىدارى ئۈچۈن ئىزدەنسە ـ ئىزدەنسە تېگىگە يېتەلمەيدىغان بۈيۈك پاراسەت تېپىشمىقى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. زامانىمىزدىكى نۇرغۇن پەيلاسوپ ۋە ئالىملار ئۇرۇش خۇمارلىقىنىڭ جىنايەتلىرى، ئىقتىساد، سىياسىي جەھەتلەردىكى مالىمانچىلىقلار، ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇقچىلىقلار، باي، كەمبەغەللەرنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشلىرى ئۈستىدە؛ نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ قۇرۇقدىلىپ كېتىشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە،... مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلماستىن، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشى، پەن ـ تېخنىكا بىلەن ئادەم ياكى ئىنسان تەبىئىتىدىن ئىبارەت يادرولۇق مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات قىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شى، بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ماددىي نەرسىلەر بىلەنلا بولۇپ كېتىپ مەنىۋىيەتنى قوغلاشمايدىغان، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلەرگە ئۆزىنى ئېتىپ كىلەچەككە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، جان باقارلىق ھەرىكىتىگە قىزىقىپ ئىجادىيلىقنى قوغلاشمايدىغان بىر تەرەپلىمە ئادەملەرگە ئۆزگىرىپ كېتىشىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر. بۇنداق ئىكەن، بىز ئۇ ئالىملارنىڭ يېڭى بايقاشلىرىنى نەزەرگە ئالماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بىز بۇ يېڭى بايقاشلاردىن ئايرىلىپ، مەدەنىيەتنىڭ تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكىدىن تۆرىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ئالەمنى بويسۇندۇرىمەن» دېسەك جۆيلىگەندەك، «ھاياتلىق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايمەن» دېسەك ساراڭلىق قىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالىمىز. زامانىمىزنىڭ ئەقىل چەمبىرىكى ئىنسانىيەتنى مۇشۇنداق جۆيلۈش ھەم ساراڭلىق قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىنسانلاردىن ئۆزىنى ئالەمدىكى ھاياتلىقلار تورپىنىڭ بىر ئەزاسى ئورنىغا قويۇشنى، ئۆزى تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان باشقا ھەمراھلىرىنىمۇ ئاسراپ، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ بۇ قارىشى ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بولۇپمۇ زامانىمىزدا ئىنسانىيەت ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان جىددىي مەسىلىلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى چولتىلىقىدىن، ئېزىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئاڭلىق تەشكىلاتچىلىق ئارقىلىق ئادەم بىلەن باشقا جانلىقلارنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، تامامەن يېڭى بولغان پەلسەپىۋى كۆز قاراش بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيانقى تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەكشۈرۈپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاخىر بېرىپ

سەيياريمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ۋەيران قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر
بۇنداق ئىكەن، زامانىمىزدىكى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ گەن
لىي پائالىيىتى باشقا جانلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقلى
پائالىيەت، باشقا جانلىقلاردىن ئىبارەت ھەمراھلىرى بىلەن «مە
دەنىي» ھالدا بىللە ياشايدىغان ئەقلىي پائالىيەت، ئادەملەرنىڭ
نەزەرىنى تاشقىرىدىن ئىچكىرى (ماددىغىلا تىكىلىپ تۇرۇۋېلىش
تىن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەكشۈرۈش) گە يۆتكەپ
زامانىۋى تەربىيە ئالدۇرىدىغان ئەقلىي پائالىيەت، ئىنسانىيە
ئۆزىنى تېخىمۇ پارلاق قىلىش ئۈچۈن چوڭ تەبىئەتنى تېخىمە
گۈزەل ساقلايدىغان ئەقلىي پائالىيەت، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ
تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ھاياتلىق شارائىتلىر
نى بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلايدىغان ئەقلىي پائالىيەت، بۇرنىنىڭ
ئۇچىنى كۆرىدىغان ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىپ مەڭگۈلۈك تەرەق
قىيات ئۈچۈن جان تىكىدىغان ئەقلىي پائالىيەت بولىدۇ. شۇنداق
بولغاچقا، ئىجادىيلىقتا قەدەم تاشلاپ زامانغا يارىشا باش كۆتۈرۈپ
چىقىمەن دەيدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقىل چەمبىرىكىدىكى
مۇنداق بىر قانۇنىيەت بىلەن قارشىلىشىشتا ھەققى بولمايدۇ،
بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ شۇنداق ئەقىل چەمبىرىكىنى قۇرۇشتىن
ئىبارەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش ھەققى بولىدۇ.
ھازىرقى دۇنيادا نەق بار ئالىملارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسىمۇ
كىشىلەرگە تەبىئەت تەرتىپى بىلەن قانداق ماسلىشىپ ياشاشنى،
ئىنسانىيەت ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان بەختسىزلىكتىن قانداق
قۇتۇلۇشنى، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئۆز تەقدىرىگە تەسىر
كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان ئامىللارنى قانداق تونۇشنى ئۆگىتىش،
ئىنسانلار ھەرىكىتىنى دۇنيا مىقياسىدا تەشكىللىي بولغان ھالدا
ئۇنۇملۇك ماسلاشتۇرۇپ، يەر شارى خاراكتېرلىك بالايىئەزىم-
دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئەللەردىكى سىياسىيونلار ۋە
ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىرىگە تەربىيە بېرىش بولىدۇ. مانا مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىش ھايات شارائىتلىرىغا ئاكتىپ ئۇيغۇنلىشىشتۇر، يەنى تۇرغۇن ھالەتتىكى نەتىجىلەرگە، ئاللىقاچان يېتىپ بولغان ئىجادىي قابىلىيەت سەۋىيىسىگە قانائەت قىلىدىغان پاسسىپ ئۇيغۇنلىشىشقا قارشى تۇرۇپ، تۇرلۇك سۇنئىي توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، رېئاللىققا باشلامچىلىق قىلىش، ئۆزىنىڭ نەق ھالىتىدىن ئۈزلۈكسىز ھالقىپ ئۆتۈش ئاساسىدا پۈتكۈل ھاياتلىق شارائىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش. بۇ مەسىلىدە سەييارىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇۋاتقان ستەمكار ھۆكۈمرانلارغا بولۇشۇپ بېرىش ئالىملىقتىن يۈز ئۆرىگەن مەككار نەپسانىيەتچى سىستېملارنىڭ ئىشىدۇر.

ھازىرقى كۈندە بىز نېمە ئۈچۈن ئۈنچىۋالا ئىجاد قىلالمايدىغان بولۇپ قالدۇق ياكى بىزدە ھەرخىل ئۇنۋاندا ئاتىلىدىغان ئادەملەر بولسىمۇ ھەقىقىي ئىلىم چولپانلىرى كەملەپ كەتتى، شۇنچە ئۇزاق زامانلارنى قولدىن بېرىپ قويۇپ يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىرنەچچە ئادىمىمىز بىلەن كۆڭلىمىزنى ئەمەكلەيدىغان كۈنگە قالدۇق؟ ئاساسلىقى، بىز دۇنيانىڭ مۇشۇنداق ئەقىل چەمبىرىكىدىكى تەلەپلەر بويىچە پۈتكۈل دۇنيانىڭ بىرلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىكى سىرلارنى ئېچىش ۋەزىپىسىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەي، مەلۇم تەلىماتلارنى دۇنيانىڭ ئورتاق ھەقىقىتى قىلىۋالدۇق. ھەتتا نوقۇل ھالدا زامانىمىزنىڭ مەدەنىيىتىدىن بەھرە ئالغۇچى، ئىلغار تېخنىكىنىڭ «قۇلى» بولۇۋېلىپ، بىرمۇنچە تەرەپلەردە ئالەمنىڭ بىرلىكى، ماسلىقى جەھەتتىكى سىرلارنى داۋاملىق ئېچىشتىن باش تارتتۇق. بۇ ئىجادىي ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشكە قاتنىشىدىغان ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئۈچۈن ئۇنتۇلۇپ قالسا بولمايدىغان ئاچقۇچ ساۋاق. بۇ ساۋاق ھەممىمىزنى زامانىمىزنىڭ ئەقىل چەمبىرىكى نەزەرى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتتە تەرەققىياتتا ئادەمدىن ئىبارەت بىرلا تەرەپنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئانىسى

تەبىئەتنى ئۆزگەرتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىشكە، ئىجادىي
قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئامىللارنى تونۇپ يې
تىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## Ⅲ ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ جارى بولۇشىغا پايدىلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تونۇش

بۇ — ئىجادىيلىقنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ تاشقى مۇھىت بولۇپ، تاشقى مۇھىت مىڭلاپ تالانتنىڭ مەيدانغا چىقىشى ياكى نابۇت بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ جارى بولۇشىغا پايدىلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ھەرخىل تۈزۈمدىكى ئالىملار ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا پەرقلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلار ئىچىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت نەزەرى بىلەن سىياسىي تۈزۈمدىن بىتەرەپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ئارەت بولۇپ، ئۇ بۇنداق ئامىللارنى توققۇز تۈرگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىنى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە زۆرۈر شەرت دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا يەھۇدىيلاردىن چىققان ئىلىم- پەن چولپانلىرىنى مىسالغا ئېلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى قوزغىغان ئىجتىمائىي ئامىللارنى تېپىپ، باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن يول ئىزدىگەن، ھەمدە بىرىنچى ئامىلنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئامىللىقىنى تېخىمۇ جەزملەشتۈرگەن. ھازىر دۇنيادا ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى قوبۇل قىلغانلار ئىلمىي دېموكراتىيىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى بولۇپ، ئالاھەزەل ئىلغار ئەللەردە ئۇنىڭ تەلىماتى يولباشچى نەزەرىيە بولۇپ قالدى. شۇنداقلا ئېلىمىزدە بەرپاچىلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۆستۈرۈشتىكى يېڭى نەزەرىيە بولۇپ قالدى. بۇلارنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، مەدەنىيەت ۋاستىلىرى جەھەتتىكى قولايلى
بۇ ئامىل ئىجادىي قابىلىيەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايد
چۈنكى مەدەنىيەت ۋاستىسى يوق ياكى قولايلىق بولمىغان جە
ئىيەتتە ئىجادكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەس، تەسەۋۋۇر ق
لىشمۇ تەس. سەۋەب شۇكى، مەدەنىيەت ۋاستىلىرى جەھەتت
كى قولايلىق ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار (بەلگىلىك مادد
ئاساسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ھاسىل بولۇش
بولماسلىقى ياكى ئۇنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي ق
لىش ـ قىلماسلىقىدىكى ئاساس. مەدەنىيەت ۋاستىلىرى جە
ھەتتە قولايلىقلارغا ئىگە بولمىغان جايلاردىن دەنايى ـ دانىشمە
لەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقالماسلىقى ۋە ھازىرقى كۈندىمۇ دۇنيانىڭ
ئىلغار مەدەنىيەت ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم خەلقلەر ئارىسىدا ئى
جادىيلىقنىڭ ئاجىز بولۇشى مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. كونكرېت زا
مان، ماكاندا مەيدانغا چىققان ئىجادىي ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىغا
قارايدىغان بولساق، پاكىت تېخىمۇ شۇنداق. ئالايلۇق، ليودۋان
بېتخوۋېن (1770 ــ 1872) نىڭ XVIII ئەسىردىكى ئافرىقىدا
مەيدانغا كېلىشى ۋە مىكلېئاندجىلو (1475 ـ 1564) نىڭ ئال
ياسكىدا مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولمىدى. شۇنداقلا مەھمۇد
ۋە يۈسۈپنىڭ تورپاندا، سىڭقۇسەلى توتوقنىڭ قەشقەردە مەيدانغا
كېلىشىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئۇلار پەقەت گېرمانىيە (ھەم
ۋېنا) دا، فىلارۇنسىيىدىلا مەيدانغا كەلدى. مەھمۇد بىلەن يۈ-
سۈپ قەشقەردە، سىڭقۇسەلى توتوق تورپاندىلا مەيدانغا كەلدى.
چۈنكى ئۇلار ياشىغان شۇ زېمىن ئۇلارنىڭ چولپان بولۇپ ئۆسۈ-
شىگە ئىمكانىيەت (ئوخشىمايدىغان زېمىن) ھازىرلاپ بەرگەن،
ئۇلار شۇ زېمىندا ئۆزىدىكى تۇغما قابىلىيەت (يوشۇرۇن قابىلى-
يەت ۋە ساپامۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان
چېۋەرلىك بىلەن بايقاپ ھەمدە ئۇنى مۇۋاپىق بولغان ۋاقىتى ـ
سائىتىدە ئىشقا سېلىپ، ئىمكانىيەتنى رېئال بولغان پۇرسەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايلاندۇرۇش بىلەن زامان ـ ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن ئۇلۇغ نەتىجە ياراتقان. دېمەك، ھەرقانداق بىر مىللىي مۇھىتتا خالى-غان بىر تالانت جاڭگالدىكى گىياھلاردەك ئۆسۈپ يېتىلىۋەرمەي-دۇ، بەلكى شۇ مىللىي مۇھىت ياراتقان كونكرېت مەدەنىيەت شارائىتى يول قويغان دائىرىدىكى تالانتلار باراقسانلاپ مېۋە بېرىدۇ. دەرۋەقە، ھەرقانداق چاغدا ھاياتلىقنى ساقلاش، تۇر-مۇش لازىمەتلىكلىرى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، مەدە-نىيەت ۋاستىسى دېگەننى قورساق تويغۇزۇش ياكى ئويۇن ـ تاماشا قىلىش دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە ئادەم كامالىتىنى ئىزدەيدىغان، ئىلىم ـ پەن ئىجادىيە-تىگە كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىدىغان، تۈرلۈك ئىلمىي تەڭلىك-كە، مالاڭچىلىقلاردىن خالىي بولغان ئىلمىي كەيپىيات ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋاستىلىرىدۇر. مانا مۇشۇنداق مەدەنى-يەت ۋاستىلىرى بولغان يەردە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيە-تىگە ئىگە ئادەملەر ئۆزلىرىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

دۇنيانىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تارىخىدىكى پاكىتلارمۇ ئەنە شۇنداق: مەدەنىيەت ۋاستىلىرى جەھەتتىكى قولايلىقلاردىن مەھرۇم جەمئىيەت ۋە جايلاردا ئىجادىي ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئۇلغايتىش تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچ-رايدۇ. بۇنداق توسالغۇ ئاساسلىقى ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى ۋە پسىخىك ئامىللاردىن ھاسىل بولۇپ بىرلىكتە قولايلىق مەدەنى-يەت ۋاستىلىرىنى ۋەيران قىلىش تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلى-دۇ. بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئامىللار ئالدى بىلەن چىرىك كۈچلەردۇر. چۈنكى، ئەركىن پىكىر مەھسۇلىدىن ئەزگۈچىلەر ھەممىدىن بۇرۇن پايدىلانسىمۇ، ئەمما، ئىجادكارلار ئىجاد قىلى-غان يېڭى ئىلمىي نەتىجىلەر چىرىك كۈچلەرنىڭ كونىلىقنى ساقلاش ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ھېلىسىنى

لىنىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەردىن ھەزەر ئەيلەشكە، بەزىلىرىدە يانداپ ئۆتۈشكە ماھىر بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.
م. ئارەت مۇشۇنداق قاراشلار بويىچە يەھۇدىيلار ئۈستىدە مۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئامېرىكىلىقلار «ئامېرىكىنىڭ پۇلى يەھۇدىيلارنىڭ يانچۇقىدا» دېسە، ئىسرائىلىيىلىكلەر «يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا»، «ئىسرائىلىيىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئادەم»، «ئىسرائىلىيىنىڭ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى دەسمايىسى مائارىپ» دېگەن مەسىلىنى يو رۇتقان. ئۇ فروید، خېئىنى، بېتخوۋېن، مېندېلسون، ماركس، زامېنفوت، لېرمون، سپىنوزا، چاپلىن، پىكاسو، ئېينىشتېيىن، ئېرېنبورگ ۋە بۇلار قاتارى دۇنيادا باش كۆتۈرگەن يەھۇدىي ئالىملىرىنى مىسالغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش پىرسەنتىنىڭ دۇنيادىكى باشقا ئادەملەر توپىدىن 28 ھەسسە ئۈستۈنلۈكىنى، ياۋروپادا ئەڭ ۋەھشىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان بۇ مىللەتنىڭ ئالىملىرى دۇنياغا تارقاتقان پاراسەت نۇرىنىڭ ھەقىقەتەن دۇنيانى تەسلىم ئەيلىتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: يەھۇدىيلار ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئۇرغۇشى ھەمدە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىكى سىر شۇكى، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىماي ھايات قالغان ساھەلەردە ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا بولۇپ «قۇلايلىق مەدەنىيەت ۋاستىسى» گە ئىگە بولغان ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولغان. مەدەنىيەت ۋاستىلىرىدىكى قۇلايلىق ئۇلارغا ھەرخىل چارىلەر بىلەن ئەجدادلىرىنىڭ «تەۋرات» ۋە ئۇ «تالمود» نى ئۇلۇغلاپ ئۆگىنىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلدە كۆرستىش، ئېسىل مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە بولۇپ «تېخىمۇ ئالىي شەكىلدىكى بىلىمگە قىزغىن مۇھەببەت باغلاش»، «ئېچىۋېتىلگەن مەدەنىيەت غىدىقلىنىشى» نى قوبۇل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە شۇ ئاساستا يېڭىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن. ھازىرقى كۈندە يەھۇدىيلار مەشھۇر تۆھپىلەرنى قوشقان غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى رايوندا ئۇلار يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا تەبىقىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىدىن %90 كىشى ۋە ئاياللىرىدىن %65 كىشى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن، ئەرلىرىدىن %30 كىشى كەسپىي ئۇنۋان ياكى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان. ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ %20 ئوقۇتقۇچىسى يەھۇدىيلاردىن بولغان. 1948 ـ يىلدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا ئىسرائىلىيىگە كۆچۈپ بارغان يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ئىچىدە دوكتور، دوكتورئاشتىلار ۋە دوتسېنت، پروفېسسور ئۇنۋانى بارلار 100 مىڭدىن كەم ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە مەشھۇر ئالىملارمۇ بار، مەسىلەن، «ئاتوم بوۋىسى» دەپ ئاتالغان ۋېيسمان قاتارلىقلار. يەھۇدىيلاردىن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ چىقىشىدىكى سىر شۇكى، ئۇلار مائارىپقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئوقۇشنى (پەن ئوقۇشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىمان جۈملىسىگە قويىدۇ. ئوقۇشتىن، بىلىم ئېلىشتىن چېكىنگەننى مۇرتەت دەپ قارايدۇ. مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەت قىلىدۇ. ھازىرقى ئىسرائىلىيىدە 6 ـ 18 ياشقىچە بارلىق بالىلار ھەقسىز مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى جىددىي ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ 10 بالا بار يەردە بىردىن مەكتەپ ئېچىلىدۇ. ئورۇندۇق، كىتاب، چۈشلۈك تاماق ۋە بىر قۇر ئوقۇغۇچىلىق كىيىمنى ھۆكۈمەت بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ.

ھازىرقى دۇنيادا مائارىپ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ %60 ى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئىسرائىلىيىدە بولسا %75 بالا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ قارىشىچە، «ۋەتىنى بولمىغان» ئادەمنىڭ

مال ـ دۇنياسى ھەر ۋاقىت بۇلىنىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا
تۇرىدۇ، لېكىن بىلىم ۋە قابىلىيەت «ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىـ
غان، ئۆمۈربويى ئىشلىتىپ بولغىلى بولمايدىغان بىردىنبىر مال -
دۇنيا» ئىكەن. مانا مۇشۇ بىر مەسىلىلا ئۇلارنىڭ ئۇتتۇق قازىنىـ
شىدا قولايلىق مەدەنىيەت ۋاستىسى، مەدەنىيەت ۋاستىسىنىڭ
يادروسى مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىـ
تىپ بېرىدۇ. دېمەك، دۇنيانىڭ باشقا مىللەتلىرىمۇ يەھۇدىيلار-
دەك ئادەم بولۇپ، مەدەنىيەت ۋاستىسى دۇنيادىكى ھەرقانداق
مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىي قابىـ-
لىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئالدىنقى ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىلـ-
دۇر. ھەرقانداق مىللەتتىن چىققان خان ـ خاقان ۋە داھىي ـ
سەركەردىلەر بۇنداق بىر مەسىلىدە تەۋرىنىدىكەن، ئەمەلىيەتتە
ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق ئۆز خەلقىگە زىيانكەشلىك قىلغۇ-
چىدۇر. مەدەنىيەت ۋاستىلىرى جەھەتتىكى قولايلىقلار ياكى
ئۇنىڭ يادروسى مائارىپتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۇستۇنلۇ-
كىنى تالىشىش، ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ئىجادىيەت كېنىنى ئالاھىدە ۋەزىيەتتە تەتبىقلاش ئۇستۇن-
لۇكىنى تالىشىش بولۇپ، يەھۇدىيلار ئەسىرلەپ قوغلاشقان بۇ
ئۇستۇنلۇككە باشقا كىشىلەرمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسە ئەر-
زىيدۇ. چۈنكى ھازىرقى دۇنيانىڭ ھەرقانداق بېسىم بولۇۋاتقان
يېرىدىمۇ يۈكسەك مەلۇمات ئېلىشقا يول تېپىلىدۇ. شۇنداقلا
ھازىرقى ھەرقانداق خەلقنىڭ ئەھۋالى ئەينى چاغلاردىكى يەھۇ-
دىيلاردىن ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. يەھۇدىيلاردا نېمە ئۈچۈن
دانتىي، شېكسپىر، باخ ياكى مىكلئاند جىلۇدەك سەنئەت
گېنىئاللىرىنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ يەھۇدىي-
لارنىڭ «يەھۋە دىنىنىڭ ئابستراكت قاراشلىرى (ئابستراكت
خۇداغا چوقۇنۇش، ئوبرازلارنى چەتكە قېقىش، مەنتىققە ئەھمىـ-
يەت بېرىش) غا مەپتۇن بولغانلىقىدىن بولۇپ، بۇنداق دىنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەيپىيات ماتېماتىكا ۋە ئىلىم ـ پەنلەردە تەلەپ قىلىنىدىغان ئابست-راكتسىيىلەش تەپەككۇرىغا ئالاھىدە لايىق كەلگەنلىكىدىندۇر.

ئارەت مەپتۇن بولغان «مەدەنىيەت ۋاستىلىرى جەھەتتىكى قولايلىق» دېگەن كۆز قاراشتا، مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنىڭ بىر مىللەت ياكى شەخسنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ياكى بوغۇپ قويۇشتا تۈۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ناھايىتى كەسكىن جەزملەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا بىر مىللەتكە نىسبەتەن مۇنداق تەلەپ قويۇلغان: بىر مىللەتتە ماھىيەتلىك بولمىغان پايدا ـ زىيان ئۈستىدە ھېساب ـ كىتاب قىلىپ يۈرمەيدىغان، ھەرقانداق شەخسنىڭ ئىجادىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ۋەزىيەت دەماللىقتا قوبۇل قىلالمايدىغان غەلىتە قاراشلارنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالمايدىغان ھەمدە مۇشۇنداق قاراشلار تۈپەيلى بەزى ـ بەزىدە كېلىپ چىقىدىغان تەتۈرلۈكلەرنى ئالدىراپ جازالىمايدىغان، مىللەت رەھبەرلىرى تالانتلىق ئادەملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدىغان ۋە مۇھىم مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى چىن قېرىنداشلىق بىلەن قوغدايدىغان روھنىڭ بولۇشى شۇ مىللەت ياكى شۇ مىللەت ئەزالىرىدىكى يېڭىلىق يارىتىش قۇدرىتىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش، ئىجادىي قۇدرەتنى ئېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ يول ئېچىپ بېكىتىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىدىيىۋى ئازادلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ جەھەتتە ئويغىنىش ـ ئويغاناسلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ئۈنچىۋالا كارى بولمايدۇ. ئويغانمايمۇ بىر مەھەل بالا ـ قازاغا يولۇقماي ئۆتكىلى بولىدۇ. ئەمما، ئويغاناسلىق مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ بىمارلىقى بولۇپ، ئىجادكارلىق يوق بۇنداق خەلق مەنىۋى جەھەتتىكى گادايلىقى تۈپەيلى خۇددى بايلار تاشلىۋەتكەن كونا كىيىملەرنى تېرىۋېلىپ ياشاشنى تاما قىلىپ يۈرىدىغان قەلەندەرلەردەك مەدەنىيەت قەلەندەرى بولۇپ كېتىدۇ. ئەقىلدىكى تۆۋەنلىك تۈپەيلى ئۆزىنىڭ تۇرلۇك

چىمەنلىرى ۋە بايلىقلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆزىدە دۇنيانىڭ
كۆزىگە گۈلچىمەن كۆرسىتىدىغان قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىدىن باش-
قىلارنىڭ چىمەنلىرىگە قول ئۇزىتىدۇ - دە، ھەربىر تال گۈل
ئۆزگەندە ئابرۇيى بىر دەرىجە خورلىنىدۇ. ھە دېسىلا ئۆزىنى
بۇنداق خورلاپ يۈرىدىغان مەجرۇھ خەلقتىن باشقا مىللەتلەرمۇ
زېرىكىدۇ. شۇ مىللەت ئەزالىرىمۇ زەردىگۆش بولۇپ روھىي
چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ. شۇڭا خورلانماسلىقنى ئويلىغان ھەر-
قانداق مىللەت ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۆزىنىڭ قورساق كويىدىكى
تۇرمۇش تەلەپلىرىگە ئىلاھى لىباسلارنى كىيدۈرۈش بىلەن بو-
لۇپ كەتمەي، ھەق يولدىن ئازغان، قەلبى ئۆز ئادالەتلىرىگە
قارشى يولغا كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىدىن ئۆزد-
نى تارتىپ ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۇرغۇتىدىغان ئىجتىمائىي مەدە-
نىيەت ۋاسىتىلىرىگە، بىلىم ئوچاقلىرىغا پەرۋانىلەرچە ئۆزىنى
ئۇرۇپ تۇرۇشى، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يوقىتىشنى چۆنتىكى-
دىكى پۇلنى يوقىتىشتىن ئېغىر بىلىپ پەن - مەدەنىيەت ئەسلى-
ھەلىرىنى جان تىكىپ قوغدىشى، جانلاندۇرۇشى، تەرەققىي قىلد-
دۇرۇشى ھەمدە ئۆز ئارىسىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتتە ئۇستۇن
ئىجادىي رەھبەرلىرىنى ۋە قولايلىق مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىنى
يەتكۈزۈپ بەرگۈچى مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى قەدىرلەپ، ئىجادىي-
لىقى ئۇستۇن تالانتلارنى دادىل ئىشقا قويۇپ، مەيۈسلۈك ۋە
ئۈمىدسىزلىكنى قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، دۇنيا مەدەنىيىتى-
گە ئۆز قولى بىلەن تۆھپە قوشىدىغان روھنى تىكلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، مەدەنىيەت غىدىقلىشىغا قارىتا ئىشكىنى ئېچى-
ۋېتىش. بۇ — مەدەنىيەت غىدىقلىشىنى، مەدەنىيەت مۇھىتىنى
كۆچەيتىش ۋە بۇلار ئارقىسىدا تەرەققىي قىلىش ئېھتىمالى بول-
غان ئىجادىيەت قۇدرىتىنىڭ پايدىلىق، ئىستېمالچانلىق ۋە يار-
دەمچىلىك رولىغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. راست، دۇنيادا ھەرقان-
داق مىللەت بىر - بىرىدىن ئۆگەنمىسە بولمايدۇ. بۇ گەپنى

ھازىرقى كۈندە ئەمەس، ئوتتۇرا ئەسىرگە سۈرۈپ ئېيتقاندىمۇ
مەدەنىيەت غىدىقلىشىغا ئىشىك ئېچىش زۆرۈر بولىدۇ. بىزنىڭ
ئارىمىزدىن چىقىپ دۇنيادا «شەرق ئارىستوتېلى»، «ئىككىنچى
ئۇستاز» دەپ نام ئالغان بوۋىمىز فارابىنى مىسالغا ئالساق،
«فارابى ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى زور
قىزىقىش بىلەن ئۆگەنگەن. ت. خ. بوئېرنىڭ كۆرسىتىشىچە،
ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان دۇنياسىدا «ئۈچ بىلىم» دەپ
ئاتالغان گراماتىكا (نەھۋى)، ئىستىلىستىكا (ئىلمىي پاسا-
ھەت)، ئەخلاق دەرسلىكلىرىنى ۋە «تۆت ئىلىم» دەپ ئاتالغان
ھېساب، مۇزىكا، گېئومېترىيە (ھەندىسە)، ئاسترونومىيە
(پەلەكىيات) پەنلىرىنى پۇختا بىلگەن. ئۇ ھىرات ـ مەرۋى
ئىلمىي گۇرۇھى دەپ ئاتالغان تەبىئەت ئىلمىي گۇرۇھىنىڭ
ھەممە نەرسىسىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەقلىنى مىزان
قىلىش توغرىسىدىكى ئىلغار پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى قىز-
غىن قوللىغۇچى ئىدى. مەرۋى ئىلمىي گۇرۇھى بولسا، مىس-
سوپوتامىيەدىكى ھەمدان، بەسىر، تەبىئەت ئىلمىي گۇرۇھى-
نىڭ، ھىندىستان، جۇڭگو ئىلىم ـ مەدەنىيەت كۆز قاراشلىرى-
نىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ئىلمىي ئىزدىنىش گۇرۇھى بو-
لۇپ، گرېك باكتېرىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق
قىلاتتى»[①]. دېمەك، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىزنىڭ دۇنياغا تونۇلغان
ۋاقتى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ غىدىقلىشىغا ئىشىكنى ئېچىپ،
جۇڭگودىكى بەگلىكلەر، گرېك، ھىندى، باكتېرىيە. . . پۈتۈن
دۇنيانى ئۆگەنگەن ۋاقتى ئىدى.

زامانىمىزدىكى ئالىملارنىڭ دۇنيانىڭ ئىلىم چولپانى بولۇپ
كەتكەن يەھۇدىي مىللىتى ھەققىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش-

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىن-
جاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 34 ـ، 35 ـ بەتلەر.

لىرىدىن مەلۇم بولغان ئەھۋالمۇ خۇددى شۇنداق. يەھۇدىيلار-نىڭ مەدەنىيەت غىدىقلىشىغا قارىتا ئىشكنى ئېچىۋېتىشى دۇنيا-دىكى ھەرقانداق مىللەتتىن ئۈستۈن بولغان. بىزدىمۇ ۋەتەن، ئىلىم، تازىلىق، پاكلىق، بىرلىك «ئىمان جۇملىسىدىن» دې-گەن ئەقىدە بارغۇ؟ قېنى بىزدىكى غەيرەت؟

دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىزدىكى ئۆرلەش بىلەن يەھۇ-دىيلارنىڭ دۇنيانىڭ مەدەنىيەت چولپانى بولۇپ كېتىشىدىن ئىبا-رەت بۇ ئەھۋال باشقىلاردىن ئۆگىنىشنىڭ تەرەققىياتتىكى مۇت-لەق تەلەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ قاراشنىڭ نەقەدەر توغرىلىقىنى مانا بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە كۆ-رۈۋاتىمىز. ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە ئون نەچچە يىلدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ھەممىمىزنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلىرى-مىزدىن ھالقىپ كەتتى. بىز بۇرۇن سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلغان چاغلاردا ھەر كۈنى خۇددى ئەتىلا جەڭ بولۇپ كېتىدىغان-دەك جىددىي تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق، چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئال-لىقانداق گەپلەر بىلەن چەتكە قاقاتتۇق، ئىسلاھات داۋامىدا ئىل-غار ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت دولقۇنلىرىغا ئىشكنى ئېچىۋېتىپ-تۇق، خۇددى مەدەنىيەت كۆلچەكلىرىمىزگە يېڭى سۇ كىرىپ ئۇنىڭ تىنىق ئايىغىنى چىقىرىۋەتكەندەك جانلىق ئىجادىي ۋەزى-يەت بارلىققا كەلدى. دېمەك، مەدەنىيەت غىدىقلىشىغا ئىشكنى ئېچىش كەلگۈسىگە كۆچ توپلاش، تەرەققىياتقا پىلتە سېلىشتۇر. ھەرخىل مەدەنىيەت غىدىقلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ۋاقىتلىق پاسسىپ تەسىرلەردىن قورقۇش بولسا ئىچكى كونسېرۋاتىپلىق-نىڭ ئاشكارىلىنىشى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا توختاپ قېلىش-نىڭ ئالدىنقى ئالامىتى، ھاياتلىق پوزىتسىيىسىنىڭ خاتالىشى-شىدۇر.

ئۈچىنچى، مەۋجۇت بولۇۋاتقان نەرسىلەرگىلا ئەھمىيەت

بەرمەستىن، يېتىشۋاتقان نەرسىلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش. ئارەتنىڭ قارىشىچە، سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ھوزۇرلىنىش، خاتىرجەم ھەم ئەركىن ـ ئازادە ياشاش ۋە شۇ زامانلا خۇشاللىق بېغىشلاش تەلەپلىرىنى بىۋاسىتە قاندۇرۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان راھەتپەرەسلىك يۈنىلىشىدىكى مەدەنىيەت ئىجادىي قابىلىيەتنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. بەزى مەدەنىيەتلەردە ئاللىقاچان مەۋجۇت بولغان ۋە قىلىپلىشىپ كەتكەن بىرنەچچە خىل نەرسىلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەتتا ئەتە يېتىپ كېلىدىغان ئىشلارغىمۇ گۇمان بىلەن قارىلىدۇ. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق. بۈگۈنكى كۈندە بىزدە مۇشۇنداق زۆرۈر ھالاۋەت تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش شەكلىدىكى تۆۋەن قاتلام مەدەنىيەتكە بېرىلىش، مەدەنىيەت چوڭقۇر قاتلىمىغا بېرىلمەسلىك، مازار ـ ماشايىخلارغا دۇئا قىلىپ، كەلگۈسىدە ھازىرقى مازار ـ ماشايىخلىرىمىزدەك ئۇلۇغ گۈمبەزلەر بولۇپ ياتىدىغان ھايات ئادەملىرىمىزنى قەدىرلىمەسلىك ۋە بولارنى ئۇلگە قىلىپ يېڭى كەشپىيات ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدەنمەسلىك، يېڭى شەيئىلەرگە دەماللىققا ئىستېمال قىلىش ـ قىلماسلىق نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەھۋالى ئېغىر. شۇڭا، بىز يېڭى شەيئىلەرنىڭ يېتىلىشىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىمىز كېرەك. يېتىلىش يالغۇز بىرخىل مەۋجۇتلۇق بولۇپلا قالماستىن، پىشىپ يېتىلىشنىڭ مەلۇم ھەرىكەت يۈنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان شەيئىلەرنى قوللاش بىر جەمئىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىن دېرەك بەرسە، پەقەت مەۋجۇت شەيئىلەرنىلا تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇۋېلىش شۇ جەمئىيەتنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە توختاپ قېلىپ ئالغا باسالماسلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ھەممە ئادەم پەرقسىز ھالدا مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىدىن ئەركىن پايدىلىنىش. ئاق كۆڭۈل ئارەت ھازىرلا مۇنداق قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ مەسە-

لىنى شۇنداق ئۇتتۇرىغا قويغان. ئۇ، تارىختىن بۇيان مەدەنىيەت ۋاستىلىرىدىن ئەركىن پايدىلانغانلارنىڭ ھامان چەكلىك بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئەرلەر كۆپ، ئايالالار ئازلىقىنى ئىتىراپ قىلىش بىلەن بىرچاغدا، خوتۇن - قىزلارغا بولۇشۇپ بەرگەن ھەمدە خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت ساھەسىدە ئارقىدا قېلىشىدا بىئولوگىيىلىك ئاساس يوقلۇقىنى، مىڭلە بىلەن تەن ئېغىرلىقىنىڭ نىسبىتىدە تېخى خوتۇن - قىزلار ئەرلەردىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۇرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ — ئىنسانىيەت پاراسەت سەييارىسىدىكى ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت ئىككى يېرىم شارنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىدىن قېچىش تراگېدىيىسى: تەبىئىي پەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي پەنلەرگە سەل قاراش، ماددىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھۈنەر - سەنئەتكە سەل قاراش، ھۆسنىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋىيلىككە سەل قاراش، شىجائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، رەھىمدىللىككە سەل قاراش، مۇسپىيلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، مەنپىيلىككە سەل قاراش، سول شارچىسى (مېڭىنىڭ) غا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوڭ شارچىسىغا سەل قاراش، ئەرلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئايالالارغا سەل قاراش... لار بىر - بىرىگە ماسلىشىپ بىر سىستېما شەكىللەندۇرگەن. بۇ ھەرگىز تاسادىپىي قوشۇلۇش ھادىسىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت روھىدىكى كېسەللىك مەنتىقىسىنىڭ نەتىجىسى.

بەشىنچى، ئېغىر زۇلۇم ياكى ئىستىبداتلىق چىقىرىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئېرىشكەن ئەركىنلىك ياكى ئۇنداق ھالدىن مۇۋاپىق دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان نىسپىي ئەركىنلىك. بۇنداق قاراش دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن خالىي ھالدا پەقەت يەھۇدىيلار كەچۈرمىشلىرىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەتكە قارىتا غىدىقلاش رولىنى ئالىدىغان يوشۇرۇن ئامىللارنى ئۇيغىتىشنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىيلار شەخسلەرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىجادىي قابىلىيىتىگە قارىتا مۇئامىلىدە كەڭ قورساق بولغان. بۇنداق كەڭ قورساقلىقنىڭ يادروسى ئەركىنلىك بىلەن بېسىمنى تەڭشەش بولۇپ، ئەركىنلىك دېگەندە ئىجادىيەتچىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى يېڭى پىكىرلەرنى بوغۇشقا قارشى تۇرسا، بېسىم دېگەندە، مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىگە ئۆزى بېسىم قىلىشنى تەكىتلىگەن، يەنى ئۇلار ھېچقانداق بېسىم يوق راھەتپەرەسلىككە، مىللەتنى نەزەردە تۇتمايدىغان نەپسى ئاۋارىسى بولۇشقا قارشى تۇرۇپ، مەنىۋى دۇنيادا ھەرقاچان ئىجادىي پىكىر ئارقىلىق ئالغا ئىنتىلىشنى ئالغا سۈرگەن. جەمئىيەتكە قارىتا مۇئامىلىدە پۈتۈن مىللەتتە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق بولغان. مەسىلەن، يەھۇدىيلار ياۋروپانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا يەھۇدىيلارغا قارشى قانۇن بىكار قىلىنغاندىن كېيىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىغا كەلگەندە بىرخىل مەدەنىيەت كۆچى بولۇپ باش كۆتۈرگەن. بۇنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ: يەھۇدىيلار ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنى بايقىۋالغان. بىرنەچچە يۈز يىللىق زۇلۇمنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، باش كۆتۈرۈپ چەقىشنى ۋە بۇرۇن يوقىتىپ قويغان بارلىق نەرسىلەرنى تولۇقلاشنى كۆچلۈك تەلەپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلارغا قارشى ھەرقانداق جايدىكى ھەرقانداق ئىزىم يەھۇدىيلارنى قابىلىيەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتەلمىگەن. يەھۇدىيلار قوزغىلىپ ئۇ ئىزىملار بىلەن كۈرەش قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىنى يوقاتقان. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ناھەقچىلىق تەرەپلىرىگە سەزگۈر بولغان، شۇ تۈپەيلى جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىنى ۋە ئىسلاھات قىلىشىنى ھەرقاچان قۇۋۋەتلەپ تۇرغان.

ئالتىنچى، ئوخشاش بولمىغان، ھەتتا قارىمۇ قارشى بولغان مەدەنىيەت غىدىقلىشىنى قوبۇل قىلىش. بۇنداق قارىمۇ قارشىلىقنىڭ يىلتىزىنى ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىن ئىزدەش مۇمكىن. يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمكى ئىبراي ئەدەبىياتى ياۋروپا مەدە-

نىيىتى بىلەن ئۇچراشقان چاغدىلا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقان. ھەتتا مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە خەۋپىگە يولۇققان يەھۇدىيلاردىمۇ كونا ئىدىيىۋى ئادەتلەر ئۇستۇن ئورۇندا تۇرغان. ئەمما، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى - يېڭى تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەسىرلەرنىڭ ئۆزلىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە — ئۆزلىرىمۇ ئەزەلدىن ئويلاپ يەتمىگەن دەرىجىدە ئۇنىۋېرسال ئىجادىي كۈچ ھاسىل قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ شۇنچە پارلاق بولۇشىدىكى سەۋەبنىڭ گرېك خەلقىنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرگە قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ گرېكلەر مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئۈستۈرۈش ئىكەنلىكىنى، ئىتالىيە ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ قەدىمكى گرېك روما مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ بىرقەدەر ئەركىن بىرلىشىشى ئاستىدا، ھەتتا ئىلغار ئىسلام مەدەنىيەتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى يېڭىۋاشتىن بايقىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار: بىر مىللەت ئۇچۇن ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىنى قوبۇل قىلىش، قوبۇل قىلغاندىمۇ ئۆزىنى يوقىتىۋەتمەي قوبۇل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە، مۇنداق مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىنى قوبۇل قىلمىغان جاسارەتنى يوقاتقان مىللەت ۋە شەخس قاتماللىق بوھرانلىرىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق توقۇنۇشقا گەرچە ۋاقىتلىق بەدەل تۆلەش توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپرەك بايلىق، ھۇزۇر، مۇقىملىق ئېلىپ كېلىدىغان، بولۇپمۇ، پىكىر مەھبۇسچىلىقىنى تازىلاپ مىللىي مەدەنىيەت ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ھۇجەيرىلەرنى ياشارتىدىغان تەرەپلىرىنى ئويلاش، مىللەتتىكى ئۈمىدسىزلىنىدىغان تەرەپلەرنى تۈزىتىشكە تولىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاش كېرەك، دېگەن قاراشقا كېلىپ، ھەرقانداق مەدەنىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەھۇدىي

خەلقىگە پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۇنى ھەرباب بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالغا باسقان.

يەتتىنچى، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلىش. ئىجادىيەت جەھەتتە، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر مەيلى قايسى تەرەپنىڭ بولسۇن ئاڭلاش، مەيلى كۆپ سانلىق ياكى ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ پىكرى بولسۇن ھەق بولسىلا ئىقرار بولۇش يەھۇدىيلاردا ئومۇملاشقان پوزىتسىيە بولغان. ئالدى بىلەن ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى XVIII ئەسىردە مىسىرغا مەجبۇرىي كۆچۈپ كېلىپ، 430 يىللىق قۇللۇق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مىسىرغا كەلگەن ھەرقانداق مۇساپىر بولسا، ئېزىلگۈچى قۇللا بولىدىكەن، ئۇلارغا خەيرىخاھلىق قىلغان، تۇغقان مىللەتلەرگە چىن دوست بولغان، ئۇلارنى كەمسىتمىدگەن، بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ھەر تەرەپتىن دوست توپلىغان، كېيىنچە، شۇنداق خەيرىخاھلىقنى ھەقنى قوللىغۇچى ئادالەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق، توغرىلىق، ھەققانىيلىقنى قوللاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ياخشىراق نەپ بېرىدىغان تەلىمات يارىتىلغان ھامان، قېتىپ قالغان پايدىسىز قاراشلاردىن ۋاز كېچىپ، توغرىلىققا ھامىي بولۇپ، ئۇنى قوللاپ، تولۇقلاپ بېشىدىكى كۆلپەتنى ئازايتىش ئامالىنى قىلغان. تېخىمۇ كېيىنچە، ئوخشاشمايدىغان تەلىماتلارنى رەت قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى، ھەرىكىتىگە شۇ زامانلا ئۇيغۇن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىش تەرەپكە ئۆتكەن. ئارەتنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلىش ئىجادىيەت ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى قوبۇل قىلىش تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە بولغان كۈچلۈك قىزدىقىش، ئىجادىيەتكە بولغان ئىشەنچ بولۇپ، ئۇ گويا سېھىرگەرلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئومۇملاشتۇرۇشقا، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى ئېستېتىك سۈپەتكە ۋە ئىجادىيەت قىممىتىگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. قوبۇل قىلىش زۆرۈر بولغان



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەڭشەك، چىدام، كىرەلىشىش، ئەلالىرىنى تاللاش مەزمۇنلىرى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ غايىۋى چېكى بولسا بىر مەھەل-
لەرقلەندۇرۇۋالالمىغان شەيئىلەرگە ئەپۇچان بولۇش بولۇپ، بۇ
بىر مىللەتنىڭ پاراسىتىدە تەرەققىيات ئۇمىدى بارلىقىنىڭ تىل-
تۇمارى، شەخسلەر ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ تولۇق جارى بولۇ-
شىدىكى يەنە بىر زېمىن.

سەككىزىنچى، مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆر-
سىتىشى. بۇ پۇتكۇل ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدا ئەمەلىيەت
بولۇپ كېلىۋاتقان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ، پىپاگور ۋە
ئېۋكىلىدلارنىڭ ياۋروپادىكى مىڭلىغان ماتېماتىكلارغا كۆرسەت-
كەن تەسىرى، هومىر گومىرنىڭ ۋىرگىلغا كۆرسەتكەن تەسىرى
ۋە ۋىرگىلنىڭ دانتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، كۇڭ فۇزىنىڭ
جۇڭگودىكى مىڭلىغان ئالىملارغا كۆرسەتكەن تەسىرى، فارابى،
مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس هاجىپ، نەۋائىيلارنىڭ ئۇيغۇر
مىللىتى قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىكى مىڭلاپ تىلشۇناس، يا-
زارمەن، ئالىملارغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ھەربىر مىللەتتىن
باش كۆتۈرۈپ چىققان ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئۆز مىللىتىدىكى،
شۇنداقلا باشقا مىللەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىملارغا كۆرسەت-
كەن تەسىرى ئەنە شۇنداق ئوبيېكتىپلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ-
نىڭ بىلەن بىر چاغدا، پاراسەت جامائەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى
(مۇھىم ئىجتىمائىي تەشكىلات سۈپىتىدىكى ئىلمىي گۇرۇھلار)
نىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما، دەۋرنىڭ تەرەققى-
ياتىغا ئەگىشىپ مۇھىم شەخسلەر دېگەننىڭ ئىچكى مەزمۇنى
بىلەن تاشقى ئىپادىسىدە ئۆزگىرىشلەر بولماقتا. شۇنداقلا ئاز
ساندىكى ئادەملەرنىڭ ئاتالمىش «مۇھىم» لىقىنى ئۆز ئالدىغا
ئېلىۋالىدىغان ۋەزىيەتمۇ جىددىي ئۆزگەرمەكتە. بۇنىڭ بىلەن
كىشىلەرنىڭ نەزەرى مۇھىم يېڭىلىق پەيدا قىلىشقا، يېڭى تە-
پەككۇر يوللىرىنى، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا، يېڭى مۆجىزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەرنى پەيدا قىلىشتا ئىلھام بېرىدىغانلار تەرەپكە، ئۆزلىرىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ياكى بىرىكتۈرمە ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ جارى بولۇشىغا ئىلھام بېرىدىغانلار تەرەپكە يۆتكەلمەكتە. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق مىللەت ھەم رايوندا كۈچلۈك تەسىرى بار شەخسلەر باشقىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھام بەرسىمۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ چوقۇنغۇچىلىكى يوق، ھەتتا بۇرۇن ئاتىلىپ قالغان، ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە ئىجادىيلىقتىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بەزى شەخسلەر ئىجادىي قابىلىيىتنىڭ جارى بولۇشىغا پايدىسىز. قايسى مىللەت تارىخىي ئەنئەنىسى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇھىم شەخسلەرنى قەدىرلەش بىلەن بىر چاغدا، زامان ئېتىبارىدا يەنە شۇنداق مۇھىم شەخسلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارماستىن، كونا خامانىنى سورۇۋەرسە ياكى جېنىغا ئەسقاتمايدىغان ئاللىقانداق شەخسلەرگە چوقۇنۇپ يۈرسە، تازىمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزى مۇھىم شەخس دەپ ئاتالمىسىمۇ ئۇرغۇپ تۇرغان شەخسلەر بىلەن ئىلمىي ئەسلىھەلەرنىمۇ تۆۋەن چاغلىماسلىق، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسىتىش مەنبەسى ۋە تەسىرگە ئەگەشكۈچىلەر ئۈچۈن پايدىلىق يول باشلىغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

توققۇزىنچى، ئىلھام بېرىش ۋە مۇكاپاتلاشقا بولغان تەشەببۇس. ئارەت مۇنداق دەيدۇ: «ئىجادىي قابىلىيەتكە بېرىلىدىغان ئەڭ زور ئىلھام ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئۆزىدۇر. سەنئەتكارنى شۇ سائەتتە شۇغۇللىنىۋاتقان ئىجادىي پائالىيىتىدىن ياكى ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتىن ئارتۇق خۇشال قىلالايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق». بۇ يەردە ئارەت سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان مېخانىزمنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق دېگەن. بۇ ھەقىقەتەن شۇنداق. نورمال تۇرمۇش تەلەپلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ يۈرىكى ئۆزى ئىزدەۋاتقان ھەقىقەت ئۈچۈنلا سوقىدۇ.

ئۇنىڭ كاللىسىغا سەنئەت شارابىنى ئىچمىگەن ھاڭۋاقتى كىشى-
لەر تەسەۋۋۇرىدىكى ھايۋانىي نەپس - تەلەپلەر سىغمايدۇ. شۇ-
ڭا، جەمئىيەت سەنئەتكارىدىكى مۇشۇنداق ئىستىخىيىلىك قوزغى-
لىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يول قويۇش بىلەن بىر چاغدا،
پۈتكۈل جەمئىيەتتە سەنئەتكارلىق (بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلەر
بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى قەدىرلەش، ھۆر-
مەتلەش، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش روھىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.
مانا بۇ ھەرقانداق مىللەتنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى ئۈچۈن قىلى-
دىغان ئالدىنقى قاتاردىكى خىزمىتىدۇر. بۇ خىزمەتنىڭ ئورنىنى
ھېچقانداق كاتتا ئىش ئىگىلىيەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# IV ئىجادىي مائارىپ ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش

## 1. مائارىپ بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇش

ھەممەيلەن بىلىمىزكى، بىلىم ئىگىلىكى يېڭى بىلىم مەھسۇلاتى بەرپا قىلىشنى نېگىزلىك بەلگە قىلغان ئىگىلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل تالانت ئىگىلىكى، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى ئۇل تاش قىلىپ ئىلگىرىلەيدىغان ئىگىلىكتۇر. ئۇ بىزدىن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان يېڭى - يېڭى بىلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇكى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىدىغان كونا بىلىملەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە بىلىم ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىش بىلەن بىر چاغدا، مۇنتىزىم مائارىپ شەكلى بىلەن ئىجادچان ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئىگىلىكنىڭ ئاچقۇچى قىلىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن بەرپاچىلىق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ جېنى، بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي تېپىشىدىكى خورۇماس بۇلاق ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەپ، يېتىپ كېلىۋاتقان بىلىم جەمئىيىتىنىڭ دەۋر روھىنى توغرا ئىگىلەش بىلەن بىر چاغدا، ئەنە شۇنداق ئىگىلىك ۋە مائارىپ تەربىيىسىگىمۇ نىشان كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ روھ بىلەن قارىغاندا، بىلىم ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىش باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاساس ئادەم قابىلىيىتىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتۇر. تەبىئىيكى، بۇ خىزمەت قابىلىيەت مەۋقەسىنى تونۇش، ئەقىل چەمبى-

رىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇ-
رۇشقا پايدىلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تونۇش بىلەن بىر چاغدا،
بۇ نۇقتىلارنى ھەقىقىي بىلىم بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇنتىزىم
مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە، مائارىپ ئارقىلىق ئاشۇ نۇقتىلارنى
يۇكسەلدۈرۈشكە موھتاج، زامانىمىزنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىلىرى
ۋە ئەمەلىيەتلىرىنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ئادەم قابىلىيىتىنىڭ
ساپاسى بىلەن كارخانىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئىشلەپچىقىرىش
ئۇنۇمىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىدىكى ئىچكى ھەرد-
كەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كىشىلەر
تەبىئەت كۈچى بىلەن ماددىي نەرسىلەرگە بولغان ھەددىدىن زىيا-
دە بېقىنىشتىن قۇتۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت-
نىڭ تەرەققىياتى بىلىم بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنى تەتبىقلاش ۋە
بىلىم بىلەن ئەقلىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئېچىشقا قاراپ يۈزلە-
نىدۇ. بىلىم، ئەقلىي قابىلىيەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە بايلىقنى
قولغا كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ شەرت ۋە دەسمايە بولۇپ قالى-
دۇ. ئەمگەك قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەقلىي ئەمگەكنى
ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ،
بۇنىڭ بىلەن ئىجادچان تالانتلار دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان رىقابەت
كۈچى بىلەن كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈچىنى بەلگى-
لەيدىغان ئاچقۇچ بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىكەن، مائارىپ،
بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ «بىلىم بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى» دا
مۇھىم رول ئېلىپ، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالى-
دۇ. مەكتەپلەر ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇشتىكى تەييار بىلىملەرنى ساق-
لاش، تارقىتىش بويىچە بىلىم خەزىنىچىسى بولۇش بىلەن بىرگە
يېڭى بىلىم، يېڭى تەپەككۇر يېتىشتۈرىدىغان ئىدىيە خەزىنىچى-
سى، بولۇپمۇ ئىجادىي تالانتلارنى تەربىيىلەپ ئىقتىسادنىڭ تو-
مۇرلىرىنى جانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان تالانت خەزىنىچىسى بولىدۇ.
مائارىپ، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ بىلىم ۋە ئىدىيە خەزىنىچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رولىنى جارى قىلدۇرغاندا، ئۆز مەقسىتىنى جەزمەن تالانت خەزىنىسى قۇۋۋىتىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىم ئىگىلىكىدە ئىقتىسادنىڭ ئاساسى بولغان مۇنداق تەلىم ـ تەربىيىگە سەل قارالسا، ئىجادچان تالانتلارنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارالسا، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى پەن ـ تەتقىقاتىغا سەل قارالسا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆزىنىڭ نېگىزلىك ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، مائارىپ، بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ ئارقىلىق ئىجادچان تالانتلارنى تەربىيىلەش، يېتىلىپ بولغان مۇتەخەسسىلەرنىمۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاساسىي پەن تەتقىقاتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ داۋاملىق تەربىيىلەش بىلىم ئىگىلىكىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرتتۇر. بۇ خۇددى مېيى تۈگىگەن ماشىنىغا دائىم ماي قاچىلاپ ھەيدىگەندەك بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىسىغا دائىم ماي تولۇقلايدىغان — يېڭى بىلىم ئىجادىيىتى بىلەن ئىگىلىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى تەمىن ئېتىدىغان بىلىم ئوچىقىدۇر. بۇ ئاساس، ئالدىنقى شەرت — مۇقەددەس بىلىم ئوچىقىدىن ئايرىلىپ ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئومۇمىي مەدەنىيەت قالاقلىقىدىن ئازاد بولۇپ، بىلىم ئىگىلىكىدە ئۇتۇق قازانغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئۇلۇغ ھەقىقەتنى بۇرمىلاش، ئىنسانلار پۈتكۈل تارىخىدا قەدىرلەپ، بۈگۈنكى كۈنىمىزنى بىلىم دەۋرىگە ئۇلىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقا ساختىپەزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق بىر بۆلىكىنى زامانىۋى مائارىپ تەربىيىسىدىن مەھرۇم قىلىش زامانىمىزدىكى زىيانكەش ئالۋاستىلارنىڭ ئىشىدۇر.

بىز شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىلىم ئىگىلىكىدە ئىقتىسادنىڭ ئاساسى بولغان مائارىپ تەربىيىسىنى قەدىرلەشنى ھەرقانداق ئادەم، تەشكىلات ۋە مىللەتلەر ئۈچۈن مۇتلەق تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىمىز، ھەمدە مىللەتلەر مائارىپىغا زىيانكەشلىك قىلغانلارنى

خەلق دۈشمەنلىرى قاتارىدا كۆرىمىز.

ناھايىتى روشەنكى، ھەرقانداق بىر قەۋمگە ئوقۇتۇش يولى
بىلەن گۈزەللىك تۇيغۇسىنى سىڭدۈرمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىن-
سانلىق كامالەتكە يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، مائارىپ مەيلى قانداق
شەكىل ئالسۇن، ئۇ پەقەت غەرىزى يامان سىياسىي گۇرۇھ ياكى
دىنىي تۈس ئالغان خۇراپىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالمايدىكەن،
ئۇ جەزمەن ئىنسانلارغا قانداق ياشاشنى، كىشىلىك ھاياتنى
قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىتىدۇ. ھەرقاچان يېڭى تەپەككۇرغا باش
بولۇپ ئىزدىنىدۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا باشلاي-
دۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ تەربىيىسى ئىنسانىي بەخت –
سائادەتنىڭ ئوق يىلتىزى ۋە زامان تەلىپىدە ئىجادىي مۇھىت
يارىتىشتىكى باش ھالقىدۇر. ئادەم ئىنسانلىق كامالەتكە كۆتۈ-
رۈلۈش ئۈچۈن مىللىي مائارىپنى قەدىرلەش شەرتتۇر. ھازىرقى
دۇنيادا ئىلىم چولپانى دەپ ئاتىلىۋاتقان يەھۇدىيلارنى ئالايلۇق،
ئۇلار تارىختا دۈشمىنى ئەڭ كۆپ مىللەت بولغانلىقتىن، سەييا-
رىمىزنىڭ بەش قىتئەسىگە تارقىلىپ 2000 يىل ۋەتەنسىز يۈر-
دى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن باشقا مىللەتلەرگە ئاسسى-
مىلياتسىيە بولۇپ يوقىلىپ كەتمىدى؟ نېمە ئۈچۈن 5000 يىل-
لىق مەدەنىيەت تارىخىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەۋلىيا –
ئەنبىيالار ۋە دانىشمەن ئالىملارنى ئەڭ كۆپ يېتىشتۈرۈپ دۇنيا-
نىڭ ئىلىم – پەن چولپانى بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن بەش
قىتئەنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارغا يامان كۆزلەر تىكىلىپ تۇرسا،
يەنىلا دۇنيانىڭ ئەڭ دۆلەتمەن بايلىرىغا ئايلىنالىدى؟ بۇنىڭدا
تۇرلۇك سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئاساسلىقى مىللىي قېرىنداش-
لىقنى ۋە مائارىپنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىسىنى مەڭگۈ
داۋاملاشتۇردى. ئالدى بىلەن ئۇلار دۇنيانىڭ ھەر يەر – ھەر
يەرلىرىدە مۇساپىر بولۇپ ياشىسىمۇ ئۆزئارا ھېسداشلىق قىلىش-

نى تارىخى بىلەن تەڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. قەيەردە قانچىسى بولسا شۇنچىسى بىرسى بىرسىنى قوغدىدى، ئۆز ئىچىدىكى تەپرىقىنى، يۇرتۋازلىقنى «بىرلا يەھۇدىي مىللىتى» دەيدىغان مىللىي ئاڭغا ئۆزگەرتىپ، گۇناھسىز ئادەملەردىن كىمىكى تۇتۇلسا، ئەيىبلەنسە، زەربىگە ئۇچرىسا، ئۇنى يەھۇدىي مىللىتىگە قىلىنغان ئىغۋاگەرچىلىك ھېسابلاپ، زەربە بەرگۈچىلەرگە تاقابىل تۇردى، بىر يەھۇدىي خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىسا ئامان قالغانلىرى بىر ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مال - پۇلى ۋە تۇرلۇك قانۇنىي ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنى قوغدىدى. بارلىق خەير - ساخاۋەتنى ۋە ئۆشرە - زاكاتنى يارامىلىق تالانتلىقلارنى تەربىيىلەشكە، بىلىم ئېلىشقا سەرپ قىلىپلا قالماي، ئاپتونومىيە ھوقۇقى يۈرگۈزۈشكە مۇمكىن بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە «كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋۇي» دەيدىغان ھەشەمەتخورلۇققا قارشى تۇرۇپ، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا كېلىدىغان ئادەمنىڭ سانىنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە بەلگىلەپ، ھەرقانداق سۆھبەت ۋە ئىش - ھەرىكەتتە ۋاقىتنى تېجەپ، تۇرلۇك زىياپەتلەردە ئىسراپخورلۇق قىلىشنى تەڭرى ئالدىدا گۇناھ، مىللەت ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك دەپ قاراپ، بارلىق ئىقتىسادنى مىللەت ئەزالىرىنىڭ، يېتىم - يېسىر بالىلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە قاراتتى.

قەيەردە بەختسىزلىك بولسا، يەھۇدىي بايلىرى ئىئانە توپلاپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇردى. قايسىبىر يىلى ئامېرىكىغا جەنۇبىي ئافرىقىدا دەھشەتلىك يەر تەۋرەيدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالغاندا، ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي بايلىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئايروپىلانلاردىن نەچچە ئونىنى سېتىۋېلىپ، ئافرىقىدىكى يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، 10 مىنۇتتىن كېيىن يەر تەۋرىگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك دەلىلى. مانا مۇشۇنداق مىللىي قېرىنداشلىق روھى ئۇلارنى مىلادىدىن بۇرۇنقى XIII ئەسىردە مىسىردىكى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى www.uyghurkitap.com

قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرسا، مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ۋە VII
ئەسىرلەردە ئاسورىيە ۋە بابىلونىيىلەرنىڭ باسقۇنچىلىقىدىن قۇ-
تۇلدۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پارسلارنىڭ، گرېكلەرنىڭ، ئىتا-
لىيانلارنىڭ بېقىندۇرۇشىدىن ئامان قېلىشقىمۇ ياردەم بەردى.
مىلادىدىن بۇرۇنقى V ئەسىردىن باشلانغان سەرگەردانلىق هايا-
تىنىڭ هازىرقى ئىسرائىلىيىنى قايتۇرۇۋېلىش بىلەن ئاياغلىشى-
شىغا ياردەم بەردى. مائارىپ ئەنئەنىسىگە كەلسەك، پەيغەمبەر-
لەر ئىسخېمىسىدا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز بۇ دۇنياغا كەل-
گۈچە بولغان ئارىلىقتا كۈچلۈك پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلاردىن
چىققاندەك، ئۇلارنىڭ مائارىپى دۇنيادىكى يازما يادىكارلىقى بار
مىللەتلەرنىڭ ھەرقاندىقىغا قارىغاندا ئىزچىللىقنى ساقلىدى، ئۇ-
لار ئۇلۇغ مائارىپچى باربىيوس ئېيتقاندەك: «مەكتەپ ۋايىغا
يېتىۋاتقان ئەۋلاد تەپەككۇرىنى شەكىللەندۇرۇش دەرسخانىسى-
دۇر. ئەگەر كېلەچەكنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمىساڭ،
مەكتەپنى قولدا مەھكەم تۇتۇشۇڭ كېرەك»[1] دەپ قاراپ، پۈتكۈل
تارىخنىڭ ئەڭ مۇقەددەم چاغلىرىدىكى مائارىپ ئەنئەنىسىنى تاكى
هازىرغىچە ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ مېڭىش بىلەن بىلىم ۋە بى-
لىملىكلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى ئالىيجاناب
مىللىي غۇرۇر ھېسابلاپ، مائارىپنى بەخت ـ سائادەت ۋە كىشى-
لىك كامالىتىنىڭ ھەقىقىي ئۇق يىلتىزى قىلدى. ئۇلار قانچە
خورلانغانسېرى بىلىمگە شۇنچە بېرىلدى: قانچە نامراتلاشقانسېرى
بىلىمدىن يۈز ئۆرىگەن، نادانلىقتا ھامىي بولغان گۇناھلىرىغا
توۋا قىلدى. ھەتتا يەھۇدىي دېگەننى پۈتۈن مىللەت بويىچە ئۆز
خەلقىگە قارا يۈزلۈك قىلىدىغان مۇناپىقلىق ۋە ئۆز ئىشلىرىغا
لايىغەزەللىك قىلىدىغان سۆرەلمەپالاسلىقنى تۈگىتىش، باشقا
جايلاردا ئۆزىدەك قىيىنىلىۋاتقان يەھۇدىيلارنىڭ غېمىنى يېيىش،

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 9 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماتارىپ ئارقىلىق ئەقىل تېپىپ ئۇلارغا ياردەم بېرىش، دۇنيانىڭ پەن - مەدەنىيىتىنى ئۆز مىللىتىگە ئۆزلەشتۇرۇش، ئىلىم - پەن ئۇستىدە ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىبادەت دەپ بىلىش، دېگەن مەنىدە چۈشەندى. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار ماتارىپنى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىشى ھېسابلىماستىن، بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئورتاق ئىشى دەپ قارىدى. يەھۇدىيلار تەخمىنەن 4 مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ XII ئەسىردىكى پەيلاسوپى مايمۇند ئېيتقان سۆز بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەربىر ئىسرائىلىيىلىك مەيلى ياش ياكى قېرى بولسۇن، مەيلى ساغلام ياكى ساقسىز بولسۇن، «تەۋرات» نى تەتقىق قىلىشى پەرز. ھەر كۈننى سەدىقىگە تايىنىپ ئۆتكۈزىدىغان، ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن كوچىلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان قەلەندەرلەر، بالا - چاقىسىنى بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىچارىلەرمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، كېچە - كۈندۈز دېمەي «تەۋرات» نى زىكرى قىلىشى پەرز («يەھۇدىيلار» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 136 - بېتىدىن). پەيلاسوپ مايمۇندنىڭ بۇ يەردە ئېيتىۋاتقىنى يالغۇز تەڭرى تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن «تەۋرات» ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس كىتابى «تالمود» نى ئۆگىنىش ئۇچۇن ئۆگىنىش بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتكۈل يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش ئۇچۇن ئۆگىنىش ئاساسىدىكى ئومۇمىي خەلق ماتارىپىغا كۆندۈرۈش بولۇپ، ھەربىر ئادەمدە ئىككى كالامنى تەتقىق قىلىدىغان قابىلىيەت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما، ھەممە ئادەمنى شۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدىغان «ئىمان» غا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ماتارىپ ئەنئەنىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى جاكاسى ئىدى. چۈنكى، خىروستوس ئەرشتىن چۈشۈشتىن بۇرۇنلا پەلەستىندە بىرمۇنچە

مەدرىسلەر بار ئىدى. بۇنداق ئىلمىي تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ چوڭلىرى تېخى بابىلونىيىنىڭ سوزا، پومپېدىت، تاھاردا شەھەرلىرىدىمۇ بار بولۇپ، بۇ يەردىكى ئىلمىي مەركەزلەر مىلادى II ئەسىردىن تاكى X ئەسىرگىچە گۈللەپ - ياشناپ تۇرغانىدى. ئىراق، بۇ مەدرىس — تەتقىقات مەركەزلىرىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ناھايىتى تار بولغاچقا، مايمۇنىد مائارىپ تەتقىقات مەركەزلىرىدىن يەھۇدىي خەلقىنىڭ ھەربىر ئەزاسىغىچە كېڭەيتىش بۇرۇلۇشىنى ئورۇنداپ، دىنىي ئەقىدە بىلەن پەننىي بىلىم ئېلىشنى بىرلەشتۈرگەن بىر يۈنىلىشنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇنداق يېڭى تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىش دەيدىغان بۇنداق مەدرىسلەر شىمالىي ئامېرىكا، ئىسپانىيە ۋە رېيىنلاردا بارلىققا كېلىپلا قالماي، XVI ئەسىردىن كېيىن، پولشا ۋە لىتۋالاردىمۇ باش كۆتۈرۈپ، يەھۇدىي دىنىنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرى بولۇپ قالدى. XVIII ئەسىرگە كەلگەندە ھاشىدىزمنى شەكىللەندۈردى. بۇ مەسلەكنىڭ تەشەببۇسچىلىرى تەقۋادارلىق بىلەن بىلىم بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئېتىقادنى ئىلگىرى سۈردى. يەنى ئۇلار: تەبىئىتى تەقۋادارلىق بىلەن تولمىغان بولسىمۇ، ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ تەقۋادارلارغا ئايلىنىدۇ؛ تەقۋادار ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاز بولسىمۇ، تەقۋادارلىقنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشىپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارىدى. بۇنداق ئىلغار مائارىپ ئىدىيىسى يەھۇدىيلاردىكى ئىلىم - پەنگە قارشى خۇراپىيلىقنى جازالاپ، مىڭلاپ ياشلارنىڭ قەلبىنى داۋالاش بىلەن ئۇلارنى جىسمانىي ھەم مەنىۋىيەتكە زىيانلىق پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ياندۇردى. مانا مۇشۇنداق ئىدىيە ھازىرلىقى بولۇۋاتقاندا، ناپالېئون ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى - دە، شەرقىي ياۋروپادىمۇ غەربىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپاغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشىكى يەھۇ-

دۇنيالارغا ئېچىۋېتىلدى. ئۇلار خۇددى ئەزىم دەريانىڭ سۈيى يار ئېلىپ كەتكەندەك تەۋرەپ ئاشۇ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلارنىڭ پەننىي مەكتەپلەرگە مۇنچىۋالا قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كېتىشى «تەۋرات» ۋە «تالمود» تىن كەچكەنلىكى ئەمەس، بەلكى، ئاشۇ كالاملارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىش دەيدىغان ئەنئەنىسىنى يېڭى دەۋردىكى مۇقەددەس مەجبۇرىيەتكە — پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى شانلىق مىللىي ئادەتكە ئايلاندۇرۇش ئىدى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق شانلىق مىللىي ئادىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن تۈركۈم - تۈركۈملەپ تېببىي ئىنستىتۇتلار، ئاكادېمىيىلەر ۋە تۈرلۈك ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ ئالىملارغا ئايلىنىش بىلەن نادانلىق ئىلكىدىكى خۇراپىيلىقلىرىنى يەڭدى، «تىل — ھەقىقەتنىڭ ھاياتى، مىللەتنىڭ قەلبى، تارىخ ئۇنىڭ شانۇ - شەۋكىتى، تىل، تارىخ ئۆلگەن جايدا، مىللەتنىڭ ھاياتى خازان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن قەدىمكى تىللىرىنى، تارىخىي ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلدى، ئېتىراپ قىلدى. دەسلەپتە پۇلى كۆپ غەنى بايلارنىڭ باللىرى ئوقۇشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئوقۇشنى ھەممە يەھۇدىي «ئىمان» جۈملىسىدە تونۇغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنچە باي بولمىغان كىشىلەر تەقۋادارلىقنى ئوقۇش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەر ئىشتا ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇپ، پۇل توپلاپ پەرزەنتلىرىنى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش بىلەن بايلارنىڭمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىلىم ئالماي كالۋالىشىپ يۈرگەن ياكى ئازغىنە بىلىملىرى بىلەن ئالچاڭلاپ يۈرگەن، بالا - چاقىسىغا ھەقىقىي بىلىم كامالىتى بىلەن پۇل تېپىش يولىنى ئۆگەتمەي، نەدىكى كىچىك بايلىقلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن قايغۇرۇپ يۈرگەنلەر مىللەت ئىچىدە يېتىم قالدى. يەھۇدىيلاردا كۆتۈرۈلگەن بۇنداق مائارىپ قىزغىنلىقى يەھۇدىي ئاھالىسىنى ئاساسەن جىم تۇرماي ئۆگىنىدىغان، ئۆگەنگەندىمۇ

رىقابەتچىلىرىنى يېسىپ چۈشكۈدەك، دوستلىرىنى كۈلدۈرگۈدەك سەۋىيە يارىتىدىغان، مىللەت يېشىدىكى بارلىق كۈلپەتنى بىلىم ئارقىلىق يوقىتىدىغان ئومۇمىي دولقۇنغا ئېلىپ كىردى. بۇنداق دولقۇن ئاخىرىدا يېرىپ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىدىكى بارلىق ئامىللارنىڭ ھەرقانداقىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىلىم - پەن يولىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان يەرگە ئېلىپ باردىكى، ھەرقانداق يەھۇدىي ئائىلىسى بىر، بىرنەچچە دوكتور يېتىشتۇرۇش بىلەن، بولۇپمۇ دوختۇرلۇق بويىچە دوكتور يېتىشتۇرۇش بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولدى. دوكتور دوختۇرلار تېبابەت بىلەن ئالىملىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىشتا باشقا دوكتورلاردىن ئۈستۈن بولغانلىقتىن بولسا كېرەك، يەھۇدىيلار دوكتور دوختۇرلارنى گويا مۇقەددەسلىك دەرىجىسىدە ئەيمىنىپ ھۆرمەتلەيدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىرەر پەندە دوكتور بالا تەربىيەلىمىگەن ئاتا - ئانىلار ھەسرەت - نادامەت قىلىدىغان، خۇددى ئۆز مىللىتىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتقاندەك نومۇس قىلىپ ياشايدىغان ئادەت ئۇلاردا ئومۇملاشتى. بۇنداق ئادەت ئالىملارنى شۇنداق دەرىجىدە قايىل قىلدىكى، خۇددى «يەھۇدىيلار» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى چايىن بېرمانت ئېيتقاندەك، يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئالىم بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى: «بىر ئادەم چوڭراق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى بىلەنلا ئېينىشتېيىن ۋە ئېرلىچ بولۇپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى، ئالاھىدە تالانتلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن تۇغما ئۇستۇنلۇكمۇ كېرەك بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، بارلىق يەھۇدىيلار بىردەك ئېينىشتېيىن بولۇپ كېتەتتى». دېمەك، يەھۇدىيلاردا 5 مىڭ يىل ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان مائارىپ ئىجتىمائىي بەخت- سائادەت ۋە كىشىلىك كامالەتنىڭ ئوق يىلتىزى سۈپىتىدە قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ، يەھۇدىيلارنى ھازىرقى دۇنيانىڭ ئىلىم - پەن چولپىنىغا، ئەڭ باي مىللەتكە، باشقا خەلقلەرنى ئەيمەندۇرىدىغان سۇر - ھەيۋىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگە قىلدى. ھازىرقى كۈندە، ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى «مائا-
رىپچىلىق ئىسرائىلىيىنىڭ ئاساسلىق كەسپى، تالانت ئىسرائى-
لىيىنىڭ ئاساسلىق بايلىقى» دېگەن شوئارى ئاستىدا بۇنداق سۈر -
ھەيۋىنى بارغانسېرى ئەۋج ئالدۇرۇپ ماڭماقتا. بىز بۇنى تېخى
تۆۋەندە ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ جارى بولۇشىغا پايدى-
لىق مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستىدىكى تەھلىل ئارقىلىق تېخىمۇ
چوڭقۇرلاپ چۈشىنىمىز.

يەھۇدىيلار تارىخىدا، مائارىپنىڭ تارىختىن بۇيان ئىجتىما-
ئىي بەخت - سائادەت ۋە كىشىلىك كامالىتىنىڭ ھەقىقىي ئوق
يىلتىزى، ئۇلى ۋە پىشاڭى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكرارلاپ
ئولتۇرمىغاندىمۇ، كۆز ئالدىمىزدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك
رىقابەتتە مائارىپنىڭ بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ ئۈنۈۋېرسال
كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ھەم ئالدىنقى شەرتى بولۇۋاتقانلى-
قى ھەممىگە ئايان پاكىتتۇر.

قاراپ باقايلۇق، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ بەرپاچىلىقىغا ئۇيغۇن-
لاشقان تالانتلارنى تەربىيىلەش تەلىپى بويىچە خەلقئارادا، بولۇپ-
مۇ ئىلغار ئەللەردە كېتىۋاتقان ئۆگىنىش ئىنقىلابى شۇنداق
چوڭقۇرلاپ كەتتىكى، ئۇلار بارغانسېرى مائارىپنى ئۆز ئەللىرى-
نىڭ ئەڭ ئالىي ئىنسانچىلىق ھەرىكىتى ھېسابلىدى. شۇ تۈپەي-
لى، ھازىرقى كۈندە بىز ئېسىلىپ يۈرگەن توپ - توپ بولۇپ
ئوقۇش شەكىللىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، يېڭىچە
ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش شەكىللىرىنى ئىجاد قىلدى. بولۇپمۇ ئەقىل
بۆلىقىنى ئېچىش جەھەتتە مەكتەپ ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان
مەسىلىلەرنى بايقاپ چىقتى. ئېينىشتېين، چېرچىل، ئېدى-
سوندەك ئۇلۇغ ئالىملار ۋە داھىي، ناتىقلارنىڭ ئەينى چاغدىكى
مەكتەپلەردىن ھەيدەلگەن، ئوقۇتقۇچىلاردىن تاياق يېگەن، «دۆت
ئاتالغان» مۇشكۈل ئوقۇش سەپەرلىرىنى يەكۈنلىگەندە، ئۇلار-
نىڭ شۇنداق تۇرۇپ دۇنياغا داڭق چىقارغان ئالىملار ھەم داھىي-

لارغا ئايلىنىشىدىكى سىرلىق مەزمۇنلارنى ئېچىپ بېرىپ، بىز-
نىڭ ھەرقانداق «دۆت» ئاتالساقمۇ ئۇلۇغ ئادەملەردىن بولۇ-
ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارلىقىغا ئىلھام بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئۇلارنىڭ مائارىپنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى رولىنى چۈشىنىپ
يېتىشىدىن باشقا، كېلەچەكنى مائارىپتىن ئىزدەيدىغان دادىل
ۋە ئىلمىي ھەرىكەتتۇر.

قاراڭلار، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئادەم بايلىقىنى ئېچىش-
قانچىلىك چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى. «دۇنيانىڭ كىتابلار
قامۇسى»دا ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى ئېينىشتېيىننىڭ ئانىسىنى تەس-
ۋىرلەپ شۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قاراشلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ
جامائىتى بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ ئوقۇش —
ئۆگىنىش بىر خىل ھۇزۇرغا ئايلىنالايدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ شۇ
دېگىنى بويىچە ئېينىشتېيىننى ئوقۇتۇشنى بىر خىل ئويۇنغا —
ئۇنىڭ تىلىدىكى ئىزدىنىش - كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بى-
لىم دۇنياسىغا ئايلاندۇردى. بۇ ئوغۇل بالا دەسلەپتە بۇنىڭدىن
ھەيران قالدى، ئارقىدىنلا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ-
زاققا بارماي ئۇ شۇنداق بېرىلىپ كەتتىكى، ئانىسى ئۇنىڭغا
داۋاملىق ئۆگىتىشكە ھاجەت قالمىدى». ئانىسى ئۆگەتمىگەن
بىلەن ئۇ بىلىمنى ھۇزۇر ئالىدىغان ئويۇن تەرىقىسىدە ئۆزلەش-
تۇرۇۋېتىدىغان ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى — ئانىسىنىڭ باشلىغان يو-
لىدا داۋاملىق ئىزدەندى، تەجرىبە قىلدى، بىلىم دۇنياسىنى
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇنىڭ ھاياتىغا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ
كەتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ قامۇستا بۇ ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇشتىكى
مەقسىتى ئەنە شۇنداق ۋەتىنىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى «دۆت»
دېمەي تەربىيىلەيدىغان ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىلدۈرۈپ،
«دۆت» لەرنىڭ ھەيۋەتلىك دۇنياۋى ئالىملارغا، يادلاش ئىمتىھا-
نىدىن ئۆتەلمىگەنلەرنى ئىختىراچىلارغا، كېكەچلەرنى ناتىققا ئاي-

لاندۇرۇشتىن ئىبارەت. راست، ئۇلار ئوقۇتۇۋاتقان دەرسلەرگە مۇناسىپ كەلسىمۇ، ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالمايدىغان ياكى بولمىسا توپلىشىپ يۈزەكى ئوقۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئاشۇ تىپتىكى ئادەملەر ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ نازۇك تىپلارنى بايقىۋالالمايدىغان نائەھلى مائارىپچىلارنىڭ قولىدا داۋاملىق قالغان بولسا ئىدى، بەلكىم ناھەق يەنجىلىپ كەتكەن بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان باشقا ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇددى ئاشۇلاردەك مۇناسىپ كەلمەسلىك داۋاملىق مەۋجۇت بولماقتا. بۇ ئېھتىمال مەكتەپلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىكى ئەڭ زور ئامىللارنىڭ بىرىدۇر[1].

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئادەم مېڭىسىدىكى 7 خىل ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىردىن دۇنيا بولۇپ، ئۇ ھەربىر ئادەمدىن ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكنى بايقاپ توغرا ئۇسۇل بىلەن ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، مائارىپچىلاردىنمۇ ئالدى بىلەن ئەقىل پىسخىكىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەربىر ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاشۇ تۈرلەر بويىچە بايقىيالايدىغان، ھەمدە ئۇنى ئۈستۈرۈشكە توغرا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئالىملارغا، مۇتەخەسسىسلەرگە ئايلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈنكى، ئەقىل بۆلىقىنى ئېچىشتا ئادەتتىكى ئوقۇتۇش — بىلىم ۋە تېخنىكىنى كىتابى ئوقۇتۇش تۈۋەن قاتلامغا تەۋە ئەقىل پائالىيىتى بولۇپ، بۇنداق ئوقۇتۇش پاراسەتنىڭ ئىشكىنى تولۇق ئاچالمايدۇ. ئۇ پەقەت پاراسەتتىن ئىبارەت ئادەم مېڭىسىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق پائالىيىتىنى ئوقۇتالىغاندىلا، ئۆز مەج-

---

① ج. ۋاس: «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» شاڭخەي سەنلىيەن نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 331 ـ بەت.

بۇرىيىتىنى ئورۇندىيالايدۇ. ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن ئەنئە
ئوقۇتۇشتا ئۆزلۈك ئېڭى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئو
قۇچى ۋە مائارىپ باشقۇرغۇچىلار ئەقىلنى بىلىم ئىلىش بى
تەڭ تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ، دەپ چۈشەندى. بىلىم ئەقىل تەر
قىياتىدا رول ئوينىسىمۇ تەپەككۇر مەشىقىنىڭ تېخىمۇ مۇ
رول ئوينايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. بىلىم ئىگىلىكىد
بەرپاچىلىق مانا مۇشۇنداق ئوقۇتۇشتىن بىزار. چۈنكى، بەر
چىلىق بىلىمنىڭ قەدىر - قىممىتىدىنمۇ پاراسەتنىڭ قىممىتى
بەكرەك تونۇيدۇ. بىر جەھەتتىكى بىلىملەردىن كۆپ جەھەتتى
بىلىملەرنى قەدىرلەيدۇ. بىر نەرسىنى ئىجاد قىلىشتىن ھەم
نەرسىنى ئىجاد قىلىشنى قەدىرلەيدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلە
ئېيتقاندا، ئۇ ئادەمنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، ياشاش ئېھتىياجىدىك
ھەرقانداق بىر ساھەدە ئىجاد قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ماگ
رىپ تەپەككۇر مەشىقى ئارقىلىق ئادەمنىڭ كۆزىتىش، خاتىرە
تەسەۋۋۇر، نورمال تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاسا
سىدا، پاراسەتنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشى، تەپەك
كۇر مەشىقى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل قابىلىيىتىدىكى
كۆپ تەرەپلىمىلىك ساپا - سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈش، پاراسەت
بۇلىقىنى ئېچىش ۋە ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۈستۈرۈش
نى مۇھىم نۇقتا قىلىشى كېرەك. بۇنداق تەلەپلەرنى ئاش
جەھەتلەردە ئالىملاشقان ئوقۇتقۇچىلار بولمىسا قانداق ئورۇندى
غىلى بولىدۇ؟

بولۇپمۇ بىلىم تارقىتىش ۋە يۇقىرى ساپالىق تالانت تەربى
يىلەشنى ئاساس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بىلىم بەرپ
قىلىدىغان ۋە بىلىم ئۆزلەشتۈرۈشنى بىللە ئېلىپ بارىدىغان
ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۇستازلار ئوقۇغۇچىلاردا كۆمۈلۈپ كې
تىش ئېھتىماللىقىدىكى ئەقىل بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئېچىش
ئۈچۈن، مېڭىمىزنىڭ تىل سەزگۈسى، مۇزىكا سەزگۈسى، زا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مان ـ ماكان سەزگۈسى، ھەرىكەت سەزگۈسى، ئالاقە سەزگۈسى، ئىچكى ھېسسىيات سەزگۈسى رايونلىرىنى تولۇق بىلىشى، بۇ سەزگۈلەرنىڭ ئەقىل نۇرلانغاندا گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتتە كۆرۈنىدىغان بەلگىلىرىنى بىلىشى ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزدىن ئالىملارنى، ئىختىراچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك. بۇنى يەنە مۇنۇ نۇقتىدىن چۈشىنىش تېخىمۇ مۇھىمكى، ھازىرقى دۇنيادا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى بەرپاچىلىق، ئىختىراچىلىققا قارىتىلىپ كەتتى. بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەلەپلىرىدىن ئالغاندا، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، كارخانىچىلىقىغا بارغانسېرى يېقىنلىشىش، كىتابى مۇللىچاق بولۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجلىرىغا ئۇيغۇنلىشىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. پەن ـ تېخنىكىدا بەرپاچىلىق قىلىشتا، بولۇپمۇ بۈگۈنكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات دەۋرىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى زىچلىشىپ، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلىكىدىكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى بارغانسېرى روشەنلىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجادىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەرنى بارغانسېرى جەلپ قىلىپ، خەلقئالەمنى قايىل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن باي دۆلەتلەر ئاساسلىقى ئالىي مەكتەپلەرگە، بولۇپمۇ تەتقىقات بىلەن بەرپاچىلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن مەكتەپلەرگە مەبلەغ سېلىشنى بارغانسېرى كۈچەيتمەكتە.

ھازىر ئامېرىكىدا 50 ئالىي مەكتەپتە ئىجادىيەتشۇناسلىق ياكى بەرپاچىلىق تەتقىقات ئورگىنى قۇرۇلدى. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشنى XXI ئەسىرگە كىرىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك كاپالىتى قىلدى. ئۇ ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە

30 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئامېرىكىدىن باشقا بار
تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپ، دۇنيا
ئىككىنچى باي دۆلىتى، تېخنىكا بۇلىقىنى ئېچىش تەتقى
جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ رىقابەتچىسى بولۇپ قالدى. ياپونىيە لل
لىكتە تېز سەكرەپ ئىلگىرىلىگەندە بەرپاچىلىق قۇرۇلۇشنا
تېخنىكا ياكى ھۈنەر - سەنئەت قىسمىدا كۆچ سەرپ قىلغانى
لېكىن، ھازىرقى پەن - تېخنىكا 3 - 4 يىلدا بىر قېت
يېڭىلىنىپ كەتكەچكە، ئامېرىكىنىڭ بىلىم ئىگىلىكى بىل
سېلىشتۇرغاندا ياپونىيە ئاساسىي تەتقىقاتتا ئاجىز بولۇپ چىقتى - د
يۇقىرى پەن - تېخنىكىنىڭ بىرىنچى قول ئاساسىي تەتقىقا
بىلەن ئېچىش خىزمىتىدە ئامېرىكىغا تەڭلىشەلمىدى. بۇنى
بىلەن 1992 - يىلدىن باشلاپ ئىقتىسادىي رىقابەتتە ئامېرىك
نىڭ ئارقىسىدا قالدى. 1997 - يىلى 4 - ئورۇنغا چۈشۈپ
ئامېرىكا، سىنگاپور ۋە شياڭگاڭنىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئامېرىك
ھەر يىلى ئاساسىي تەتقىقاتتا 25 مىليارد دوللار سەرپ قىلىپلا
قالماي، باشقا تۈردىكى تەتقىقاتلارغىمۇ تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ
سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بويىچە ھەر يىلى 80 مىڭ يېڭى
تېخنىكا شىركىتى مەيدانغا كەلدى. ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن دۇنيا-
نىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىپ ھەيۋەتلىك باي دۆلەت بولۇپ كېتىشىدى-
كى مۇھىم سەۋەب ئەنە شۇ. گەرچە ئېلىمىزنىڭ بىلىم ئىگىلى-
كىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالىي
مەكتەپلىرىمىزدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆس-
تۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، مائارىپچىلارنىڭ ئىجادىيەت-
تىكى ئورنى، غورۇرىنى ئېتىراپ قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان
بولسىمۇ، ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بەكمۇ ئاز، ئالىي مەكتەپلىرى-
مىزدىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلار تېخىچە ئىجادچانلىق ئوقۇتۇشنى
نىشان قىلمىدى. بىز يەنىلا باشقا جايلارنىڭ تېخنىكىسىنى تۇتىيا
بىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىختىراچىلىرى، ئىجادىيەتچىلىرىنى يې-

تىشتۇرۇپ، قەدىرلەپ بولالمىدۇق.
شۇ تۈپەيلى، بىز ھازىرقى كۈندە ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز ۋە زامانىۋىلاشقان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆزىمىزگە ئېچىنىمىز. ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىز بىزنىڭ قېنىمىزدا بىرەر چاتاقنىڭ بارلىقىدىنمۇ؟ ياق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتەن قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا زامان تارىخىدا قالدۇرغان پاراسەت ئىزلىرى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس بابلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا ۋەتىنىمىز جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەللىرى قايىل. ئۇنداق بولسا، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەسكىلىكىدىنمۇ؟ ياق، بىزنىڭ يايلاق ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان يىراق ئەجدادلىرىمىز قىشلاق، ئېكىنزارلىق، خەلقئارا سودا ھەم سودىنىڭ دەسمايىسى بولغان زامان ئېتىبارىدىكى ھۈنەرۋەنچىلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تاكى ھازىرقى كۈنگىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق مۇزېيلارغا قويۇلۇۋاتقان ئەۋرىشكىلىرى، قۇم ئاستىدا قالغان شەھەرلەر ۋە زور تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىمۇ بۇزۇۋېتەلمىگەن مىڭئۆي ھەم بىز كىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دۇنيانى «ئاپىرىن» دېگەن يەرگە كەلتۈرمەكتە. توغرا، ئادەملەرنىڭ يېتىلىشىدە مەدەنىيەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇپلا ئۆزى تۇغۇلغان جايدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىغا كۆز ئاچىدۇ. مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ ئانا مەدەنىيەت ئۇنىڭغا تىل، ئادەت، ئېتىقاد ۋە قورال – سايمانلارنى ئاتا قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداق مەدەنىيەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پاسسىپ ھالدا بولماستىن، ھەزىم بولۇش، تاللىنىش ۋە ئىجاد قىلىش جەريانىدىن ئۆتىدۇ. ھەمدە مۇشۇنداق ئۆتكەللەردىن ئۆتكەن ۋە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنى كەنجى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈ-

زۇش بولىدۇ. مەيلى ئالدىنقى ئەۋلادلاردىن قوبۇل قىلىش
سۇن ياكى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بولسۇن يە
مائارىپقا تايىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، خەلقنىڭ ساپاسىنىڭ
سۇشى ۋە مۇكەممەللىشىشى بىۋاسىتە مائارىپقا باغلىق بولىد
خەلقنىڭ ساپاسىنى تۆۋەنلەشتۈرىدىغان تۈرلۈك ئىللەتلەرمۇ ما
رىپ ئارقىلىق تۈزۈتىلىدۇ. بۇ يەردىكى تەلىم - تەربىيە يالغ
مەكتەپتىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن
ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە. ياشلار
ئۆسمۈرلەرگە يۈرگۈزۈلىدىغان ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئۆز ئىچىگ
ئېلىپلا قالماستىن، چوڭلار مائارىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
سۆزلەپ ئوقۇتىدىغان مۇنتىزىم مائارىپتىن باشقا، تۇيدۇرما
ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك تەلىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگ
ئالىدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ ساپاسى مەدەنىيەت مۇھىتىدا يېتىل-
گەندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مائارىپ شەكلىنى ئاساس قىلىپ
يېتىلگەچكە، مائارىپ ئادەم ساپاسىنىڭ يېتىلىشىدە، بولۇپم
ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.
مەدەنىيىتىمىزنىڭ ياخشى ياكى يامان تەرەپلىرىنىڭ بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئاخىرقى ھېساباتتا ئۇنىڭغا مائارىپ ئۆزىنىڭ زاما-
نىۋى تامغىسىنى باسىدۇ. شۇڭا، ئىجادىي ئادەملەرنى تەربىيە-
لەشتە جەمئىيەت ۋە ھەربىر ئادەم مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇندا
قويۇشنى زامان تەلىپى، تەرەققىيات تەلىپى، خەلققە مەسئۇل
بولۇش ۋىجدانى دەپ بىلىشى كېرەك.

مائارىپ ئارقىلىق ئالغا كەتكەن خەلقلەرنى ئالىدىغان بول-
ساق، يەھۇدىيلار ۋە دۇنيادىكى زامانىۋىلاشقان ئەللەر شۇنداقلا
ئېلىمىز جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ
زامانىۋى مۆجىزىلىرىنى كىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەن؟ ئۇلار-
نى بىلىم ئارقىلىق ئۆزلىرى ياراتقان. مائارىپ ئارقىلىق تىرى-
شىپ شارائىت ياراتقان ۋە ئىجادىي پائالىيەتنى يوقلۇقتىن بار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقتا كەلتۈرگەن. بىزمۇ يىراقتا كۆز تىكىپ، ئۆزىمىزنى ئىدد-
يە جەھەتتە خۇراپىيلىقتىن ئازاد قىلساق، مائارىپنىڭ ئەنە شۇن-
داق ئۇتۇق يىلتىز ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇ ئارقىلىق
باللارغا بىلىم ئېلىش تەربىيىسى بەرسەك، ئۇلارنىڭ يۇمران
رايىغا باب كېلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولساق، بىزنىڭ باللىرد-
مىزمۇ ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق بولالايدۇ، ئادەم بىلىم بىلەن
قابىللىشىدۇ. قايسى خەلقنىڭ بىلىملىك، ئىجادچان كىشىلىرى
كۆپ بولىدىكەن، شۇ خەلقنىڭ سودا ـ سانائىتى تەرەققىي قىلى-
دۇ. خەلقى باي بولىدۇ، روناق تاپىدۇ، بۇنداق خەلق جاھاننىڭ
رىقابەتلىرىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ نەتىجە ئالدى بىلەن
مۇنتىزىم مائارىپنى ــ مەكتەپنى ئۇل مەنبە قىلىدۇ. بىز
باللىرىمىزنى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ كادىر قىلىش ئۈچۈنلا
ئوقۇتماي، ئۇلارنى خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا
مەڭگۈلۈك ياشاش ئۈچۈن ئوقۇتۇشقا تىرىشىدىغان بولساق، ھا-
زىرقى ھالىتىمىزدىن تېزلىكتە تەرەققىي قىلىشقا ئاساسي تايانچ
بولىدىغان ئىجادىي ئادەملەرنى تەربىيىلەپ، شۇنداق زامانىۋى
خەلقلەرگە يېتىشۋالالايمىز. توغرا، ئىجادىي ئادەم تەربىيىلەش-
تە مائارىپتىن باشقا ئۇسۇللارمۇ بار. مەسىلەن، مىللەت، ئىن-
سانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان ئانىلارنىڭ بىلىم سە-
ۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش يولى بىلەن باللارنى ئەقىللىق قىلىش
قاتارلىقلار. ئەمما، شۇنداق بولغان بىلەنمۇ، بۇ ئۇسۇللار ئا-
خىرقى ھېسابتا يەنىلا پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەربىيىگە ياكى ئو-
مۇملاشتۇرۇش مائارىپىغا تايىنىدۇ، بولۇپمۇ مائارىپ نۇقتىلىق
ھالدا باللارغا قارىتىلىدۇ. باللار بىزنىڭ كەلگۈسىمىز. مىل-
لەتنىڭ تەقدىرى جەزمەن باللارغا قالىدۇ. ئەۋلادلارنى تەربىيە-
لەشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن، ھەر جەھەتتە قابىل ئىز باسارلارنى
يېتىشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلمىغان ھەرقانداق خەلق مەھكۇم
خەلق بولۇپ قالىدۇ. ئەدناسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ تالانتقا

ئايلانغانلارمۇ يەنىلا مۇنتىزىم مائارىپ ئاساسىدىكى بەلگە
مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى
يادا ئىجتىمائىي رىقابەتنىڭ ماھىيىتى تالانتلىق ئادەملەر رىقا
تىدىن ئىبارەت. تالانتلىق كىشىلەر مائارىپقا تايىنىش ئارقى
يېتىشتۈرۈلىدۇ. مائارىپسىز جەمئىيەت ۋە تەرەققىيات بول
دۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئىجادچانلىقى
ئۇرغۇتۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇ
دۇ. بىر دۆلەتنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە تالانتلىق
ئەھۋالى شۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆ
سىتىپ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى
بەلگىلەيدۇ. پەن- تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىر دۆلەتنىڭ ئىگ
لىكىنىڭ گۈللىنىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىل بولۇپلا قا
ماي، بەلكى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ دۆلەتنىڭ نامراتلىق، قالا
لىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلغار دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلى
ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشىدىكى ئاساس. چەت ئەل ئىقتىساد
شۇناسلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، باشلانغۇچ مەك
تەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئەمگەك - ئىشلەپچىقىرىش ئۈ
نۈمدارلىقىنى 43%، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى
لار 108%، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 300%
ئۆستۈرەلەيدىكەن. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادشۇناسى خارسىنى
ھېسابلىشىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇرۇش
تىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىشى پەن - تېخنىكىنىڭ نەتىجىسى
ئىكەن. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققى
ياتىنىڭ ناھايىتى تېز بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبمۇ ئەقلىي قابى
لىيەتكە كۆپلەپ مەبلەغ سالغانلىقتىن بولغان. 1960 - يىلىدى
1975 - يىلىغىچە بولغان 15 يىل ئىچىدە ياپونىيىنىڭ مائارى
راسخوتى توققۇز ھەسسىدىن كۆپ ئاشۇرۇلغان. يېقىندىن بۇيا
تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيانىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپى

سىدە مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوز-غىماقتا. بىرىنچى، مائارىپ نوقۇل پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ساھە بولۇشتىن قېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈ-رىدىغان، ئۈنۈم بېرىدىغان ساھە دەپ قارىلىدىغان بولدى. 1961 ـ يىلى 10 ـ ئايدا غەربتىكى 18 دۆلەت ۋاشىنگتوندا «ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە مائارىپقا مەبلەغ سېلىش يىغىنى» نى چاقىر-دى. يىغىندا ۋەكىللەر ئىقتىساد بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئورتاق تونۇشقا كېلىپ، مائارىپقا مەبلەغ سېلىش ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ قارىدى. ئىككىنچى، خەلقئارادىكى كەسكىن رىقابەت كۆپ ھاللاردا پەن ـ تېخنىكا رىقابىتى، ئاخىرقى ھېسابتا تالانتلىق ئادەم ۋە مائارىپ رىقابىتى بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە سى-ياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلاردا دۆلەتلەر ئارا كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان رىقابەت بارغانسېرى مەركەزلىك ھالدا پەن ـ تېخنىكا رىقابىتىدە گەۋدىلەندى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مائارىپ رىقابىتىگە ئۆزگەردى. كىمكى مائارىپنى ئالدى بىلەن راۋاجلان-دۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈپ چىقالىسا، XXI ئەسىردىمۇ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتەلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ لانا شىركىتى مۇشۇ ئە-سىرنىڭ ئاخىرىدىن XXI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە كىم دۇنيا رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئەگەر سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بول-غاندا، تېخنىكا مەبلىغى ۋە تالانتلىق ئادەم بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالىسىلا، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ، دەپ خۇلاسە چىقاردى.

بۇنداق ئىكەن، بىز پۈتكۈل ئىجادىي مۇھىت يارىتىشتىكى ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەر ئىچىدە مائارىپنى، بولۇپمۇ ئۆزىدىن باشقا بىرنەچچە مىللەتنىڭ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ

تىلىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا رىقابەتكە چۈشىدىغان ئالىي ماگارىپ
ئەڭ مۇقەددەس بىلەيلى. رېئال ھاياتىمىزنى ياخشىلاشقا ياردە
بېرىدىغان ھەقىقىي بىلىملىك، ۋىجدانلىق ئادەملەر ۋە ئومۇم
كامالىتىمىز ئۈچۈن ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ياشلارنى تەربىيىلەشنى
خەلققە كۆيۈنۈشىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى دەپ قاراپ، ھەرجايلا
بولساق، ئۇلارنى قورقۇمسىز، جىگىرى بار، ئەقىللىق ئالىملا
ر، ئەدىب سەنئەتكارلار قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ غېمىنى يەيلى.
يەر شارى بويىچە ھەممە ئىنسان ئۆزىنىڭ چىقىش يولى ئۈچۈن
تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دائىم تارىختىكى
مەشھۇر كىشىلەرنى ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەي ماختاش بىلەن
ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئاجىزلىقلىرىمىزنى يوشۇرىدىغان ساختا
شۆھرەتپەرەسلىكلىرىمىزگە لەنەت ياغدۇرۇشقا جۈرئەت قىلاي-
لى. تارىخنامىلىرىمىزگە ئاساسەن، «مىللىتىمىز ئەسلى مەدە-
نىيەتلىك مىللەت ئىدى، بۇرۇن يۇرتىمىزدا نۇرغۇن ئالىي بىلىم
يۇرتلىرى بولۇپ چەت مەملىكەت، باشقا مىللەت كىشىلىرى بۇ
يەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كېلەتتى» دېگەن سۆزلەرگە ئېسى-
لىنىۋېلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىمىزنى خاتا مۆل-
چەرلەيدىغان قۇرۇق پوچىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەسلىدە شۇن-
داق شانلىق مەدەنىيىتىمىز بولغان بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىمىز
قانچىلىك، بىزنىڭ قانچىلىك ئىختىراچىمىز بار؟ مىللىي مەدە-
نىيەتكە ۋەكىل بولالايدىغان كەشپىياتچى ئالىملىرىمىز قانچە؟
بولۇپمۇ تەبىئىي پەندە، تېخنىكا پەنلىرىدە ئىختىراچىلىق قىلى-
ۋاتقان ئالىملىرىمىز بارمۇ؟ بار بولسا، بۇ سان تارىخىي شەرەپ-
لىرىمىزگە ھەم ھازىرقى دۇنيادا مىللىي غۇرۇرىمىزنى ساقلاپ
تۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى قويايلى. ئۆزى-
مىزگە بۇنداق سوئاللارنى قويغاندا مەيۈسلىنىپ كەتمەستىن،
ئاجىزلىقىمىزنى يېڭىپ كۈچىيىشكە جۈرئەت قىلايلى، ئۆزىمىز-
نى ئېتىراپ قىلايلى، ئىنسانلىق كامالىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇشقا ھەقىقىي ئۇنۇمى بولغان مائارىپ ئىشلىرىغا دادىل قەدەم تاشلايلى. بىلىمگە، ئىجادكارلىققا ئىنتىلگەن ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى ۋە شۇنداق مۇنەۋۋەر پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن زور بەدەللەر بېرىۋاتقان ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلەيلى، ئۇلارغا مەدەت، ئىلھام بېرەيلى. مائارىپ ئۈچۈن جان پىدا قىلغان بۇنداق مۇنەۋۋەر ئادەملىرىمىزگە زىيان سالغان مەلئۇنلار «يولدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر - ئۇر» غا قالسۇن!

دۇنيادىكى ھەرقانداق خەلق ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملىرىنى، ئىجادكارلىرىنى، سەنئەتكارلىرىنى، ھاكىملىرىنى ئىززەتلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى قەدىرلىگەنلىك — خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىگەنلىكىدۇر. ئۆز خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ياراتقان مەدەنىيەت - مەرىپەت نەتىجىلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزگە خەلقلەرگە تونۇتقۇچىلارمۇ شۇلار؛ شۇنداقلا مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلارمۇ شۇلار. لېكىن قاشاڭلىق، نادانلىق، ھەسەت - ئاداۋەت، كىبىرى - رىقابەت ئىللەتلىرى بىلەن چىرمالغان خەلقتە ئالدى بىلەن ئۆزىنى تونۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولىدۇ ۋە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ - دە، ئۇنداق خەلق ئۆزىدىن چىققان ئۇلۇغلارنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئۆزىنىڭ قەدرىنى يوقىتىدۇ. خەلق ئۆز قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن تارىختا بېسىپ ئۆتكەن يولىنى، مەدەنىيەت تارىخىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. ئالىملار، ئەدىب - سەنئەتكارلار خەلققە ئۆز مەدەنىيىتىنى تونۇتقۇچى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. بىزمۇ بۇلارنى قەدىرلەپ ئۆزىمىزنى قەدىرلىك ئورۇنغا كۆتۈرەيلى. بىز قاشاڭلىق قىلىپ بۇلاردىن ئايرىلىپ قالساق، بۇلارنى يېتىشتۈرىدىغان مائارىپ بازىلىرىغا سەل قارىساق، مەكتەپلەرنى قولدىن بېرىپ قويساق، تېخىمۇ بەتتەر گادايلارغا ئايلىنىپ كېتىمىز. ئىجادىي مۇھىت-

نىڭ مائارىپتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بازىسىدا قىلىنىدىغان كونكرېت خىزمەتلەرگە كەلسەك، بۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - پەن چولپانلىرى ئاچقان ئورتاق زامانىۋى تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ئاساسىدا مىللىي خاسلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

## 2. بالىلارغا ئىجادىيەت تەربىيىسى ۋە خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش

بىزنىڭ ئىجادىي تەربىيىنى بالىلاردىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بالىلارغا بىلىم خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىدۇ، بۇنداق يۇمشاقلىق ھاياتنىڭ ھېچقانداق باسقۇچىدا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كىچىكىدە ئالغان تەربىيىسى قۇرامىغا يەتكەندىكى غۇرۇر، پەزىلەتلىرىنىڭمۇ يادروسى بولۇپ قالىدۇ. «كىچىكىدە ئۆگەنگەن بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، چوڭ بولغاندا ئۆگەنگەن بىلىم قۇمغا خەت يازغاندەك» دېگەن تەمسىل شۇنىڭغا چىقىرىلغان. ئادەمنىڭ ھاياتىدا «ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلىدىغان، ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىغان، ئۆلگۈچە ئۇ ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەخلاق ياكى رەزىللىكنىڭ ئۇرۇقى ئەنە شۇ كىچىك ۋاقتىدا ئادەمنىڭ قەلبىگە ئورۇنلىشىپ قالىدۇ، چۈنكى، بالا تۇغۇلغان ھامان يېڭى دۇنيانىڭ مەنزىرىسىدىكى ھەربىر نەرسىگە ھەيران قالىدىغان ھەۋەسكاردۇر. ئۇ «ئالدى بىلەن تۆت ئەتراپىغا قارايدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي كۆزىتىدۇ، كۆڭلىگە پۈكىدۇ، تەھلىل قىلىپ سېلىشتۇرىدۇ، دورايدۇ، شەيئىلەردىن ئالغان تەسىراتىنى قەلبىگە پۈكۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلەنسە، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغان تەرەققىياتى ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بىرۇم تۆرەمنىڭ تەتقىقاتىدا بايقىلىشىچە، بالا 18 ئايلىق بولغاندىن 30 ئايلىق بولغۇچە ئارىلىقتا ماددىي دۇنياغا، ئۆز قابىلىيىتىگە، باشقا جىسىملارنىڭ مەنسۇ-

www.uyghurkitap.com

بىيتىنگە، ھەتتا ئۆزىنىڭ قەلبى ھەم باشقىلارنىڭ قەلبىگە بول-
غان چۈشەنچىسى ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمۈرلۈك ئالغان
چۈشەنچىسىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە كۆپ بولىدىكەن. بۇ ئارىلىقتا
بىر بالىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدا توپلىغان بىلىمى ۋە قەلبىدە ھاسىل
قىلغان ئىدىيىسى شۇنداق مۇھىم بولىدىكەنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا
كېمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملىرىنىڭ
كېيىن ئالغان بىلىمى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىكەن. ناۋادا بىر
ئادەمنىڭ بىلىمىنى ئۆچۈرۈپ يوقىتىۋېتىشكە بولىدۇ دەپ پەرەز
قىلساق، بىر بالىنىڭ ئاشۇ 30 ئايلىق يېشىدا ئۆگەنگەن بىلىمە-
نى بىر ئۆمۈر كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولسا، بۇ
ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئالىمنىڭ بىلىمىنى بىر ھەپتىدە پاكپاكى-
زە ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولىدىكەن.» شۇڭا، ئالىملار بالىلىق،
ئۈسمۈرلۈك، ياشلىقنى پۈتۈنلەي بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيدۇ. دې-
مەككى، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ باشلىمىدا ئۇلارنى ئائىلىدە قانداق
تەربىيىلەش، مەكتەپتە قانداق ئوقۇتۇش تولىمۇ مۇھىم مەسىلە-
دۇر. بىز بۇ يەردە ئائىلە تەربىيىسى ئەمەس، مائارىپ تەربىيە-
سى ئۈستىدە توختىلىمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما، بىز ئوقۇتۇۋاتقان
بالا خۇددى ئالىملار ھەيۋەتلىك ئالىي مەكتەپلەردە لېكسىيە قى-
لىدىغان بىلىملەردىن نۇرغۇن دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرمۇش بىلى-
مى ۋە خۇددى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن
ھالدا داۋام قىلىش كېرەككى، ئۇلارنى «خام سويما» دەپ ئۆزى-
مىزگە بولغان تەلەپنى ئاجىزلاشتۇرماسلىقىمىز كېرەك. چۈن-
كى، بۇ چاغ بالىغا بىلىم بېرىش بىلەن توختاپ قالماي، ئۇ
بالىنى قايسى ئائىلىگە، مىللەتكە ۋە قايسى تالانت تىپىغا مەن-
سۇپ قىلىش بىلەنمۇ باغلانغان.

بۇ ھەقتە ياپونىيىلىك مەشھۇر ئالىم ئىنتىيەنجاڭ ئۆزىنىڭ
«ئىجادىيەت بۇلىقىنى ئېچىش ۋە باھالاش توغرىسىدا» دېگەن
ئەسىرىدە ئىجادىي تالانتلارنى يېتىشتۈرۈشنى بالىلاردىن باشلاش-

نى تەكىتلەيدۇ ۋە ئومۇمەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشنى كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچى، بالىلارنى كىچىك دائىرىدە رامكىلىماستىن، خىلمۇ خىل پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدا ھەۋەسكارلىقنى يېتىلدۈرۈش.

ئىككىنچى، بالىلارنىڭ ھەيران بولۇش ۋە ئىزدىنىش پسىخىكىسىنى ئاسراپ، ئۇلاردىكى قىزىقىش ۋە ھەۋەسكارلىق بىخلىرىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە ياخشى تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش.

ئۈچىنچى، بالىلارنىڭ تەپەككۇر ۋە پائالىيەتلىرىنى ياخشى نىشانغا قارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆلۈك رامكىلارغا چىرمىلىپ قېلىشتىن ساقلاش ۋە تورمۇشقا پايدىسىز كونا مۇقاملارغا دەسسەتمەسلىك.

تۆتىنچى، بالىلارنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ناھايىتى زۆرۈر. بەرپاچىلىق مائارىپنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسىدە خاسلىق، قابىلىيەت ۋە تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل بار. بىلىم ئىگىلىگەندە پەقەت خاسلىقى بار ئادەملا ئۆز ئالدىغا ئىجاد قىلالايدۇ. مائارىپ تەربىيىسىدە ئەنە شۇ خاسلىقنى نامايان قىلىدىغان شەخسلەردىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قىممىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، شۇ ئارقىلىق ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى يار بەرگەن دائىرىدە بىر قەدەر تولۇق تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش ۋارىسلىق قىلىنىدىغان بىلىملەرنى ئوقۇتۇشتىن ئىجاد قىلىدىغان ئوقۇتۇشقا ئۆتۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. شۇڭا، ئىجادچانلىقنى قوزغاشتا خاسلىقنى قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇش تەلىم - تەربىيىنىڭ گۈلتاجىسىدۇر. قابىلىيەت بىلىمنىڭ ئۆزلىشىش ھالىتى بولۇپ، قابىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى www.uyghurkitap.com

يەتنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بىلىم ئۆگىنىش بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئىجاد قىلىش بەرپاچىلىق قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىدە بىلىم قۇرۇلمىسى يەنە شۇ ئادەمنىڭ خاسلىقىغا قاراپ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇش شەرت قىلىنىدۇ، تەتقىقات بارلىق ئىجادىيەتلەرنىڭ بۇلىقى بولۇپ، تەتقىقات قابىلىيىتىمۇ ھەربىر ئادەمدىكى ساغلام خاسلىق ئاساسىدا تېز تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئىجادىي مائارىپنىڭ بۇ ئۈچ مەزمۇنىنى بىرلىكتە ئۆستۈرۈشنى تەكىتلەش بىلەن خاسلىقنى تېخىمۇ تەشەببۇس قىلىمىز. يەنە كېلىپ، ھەربىر بالىدا باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئىقتىدار ۋە خاراكتېر بولىدۇ، بۇنداق تۇرۇقلۇق ھەممە كىشىگە بىر خىل قېلىپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان مائارىپ تالانت يېتىشتۈرۈشكە مۇخالىپ كېلىدۇ.

مېنىڭچە، بىز بۇ مەسىلىدە مېڭە فىزىئولوگىيىسى ئېچىپ بەرگەن ھەقىقەتلەر بىلەن مېڭىمىزدىكى 7 خىل قابىلىيەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېچىلىدىغان خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالاھىدە ئويلىنىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ. چۈنكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزدە نەچچە مىڭ يىللار ئۆزىنىڭ ھاياتىي قۇدرىتىنى ساقلاپ تۇرالايدىغان ئاجايىپ زور ئارتۇقچىلىقلار بولسىمۇ، يېقىنقى زاماندا، ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ ئادەمنىڭ خاسلىقىغا سەل قاراش ناھايىتى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئادەمنىڭ خاسلىق تەرەققىياتى ھەققىدە تەتقىقات كەمدىن كەم بولدى. بولۇپمۇ بەزىلەر «مەن» دېگەننى تىلغا ئېلىشتىن قورقۇپ، ھە دېسىلا «ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش» نى ئابستراكت ھالدا تەكىتلىدى، ھەتتا بۇنداق قاراشنى بەزىلەر بۇرمىلاپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشنى «ھەممە ئادەم تەڭ تەرەققىي قىلىش» دېگەن مەنىدە تەشۋىق قىلىپ، تالانت تەرەققىياتىنىڭ خاسلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلانغانلىقىنى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. كىمدە

كىم ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىقتىدارىنى ئىپادىلىسە، ئۇنى قەدىر-لەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا ئۇنداقچى، بۇنداقچى دېگەن نام-لارنى قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى كۈندە ئۆزىگە لايىق زاما-نىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە، بۇنداق مىللىي مەدەنىيەتنى دۇنياغا تونۇتىدىغان مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇ-ۋاتقانلىقىنى كۆرمەسلىككە سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى ۋە يۈز بەرمەكتە. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، بىز بوۋىلى-رىمىز فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، نەۋا-ئى. . . لەرگە ئوخشاش بىزنى دۇنياغا تونۇتىدىغان زامانىۋى گېنىئاللارنى قاچان تەربىيىلەپ چىقىمىز؟

بىز بۇ مەسىلىنى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، خاسلىق ئادەمدىكى ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلىتىش ئۈچۈن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى يارقىن-لاشتۇرۇش غايىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان غۇرۇرنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، خاسلىق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى ياخشى بولغان ئادەم ھەرقاچان رېئاللىق ئالدىدا ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى توغرا مۆلچەرلەش ئاساسىدا، تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، كەلگۈسىگە جا-ۋابكارلىق بىلەن خىزمەت ئۆتەشتىن ئىبارەت ئاكتىپ پوزىتسى-يىدە تۇرىدۇ ۋە ھەرقاچان زامان ئېتىبارىدىكى ئىشلارغا ئىجادىي ئۇيغۇنلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالمايدۇ. شۇڭا، خاس-لىق تەربىيىسى ھالىمىزنى ۋاي قىلىۋاتقان «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، يولۇڭغا ماڭ، كۆتۈڭنى قىس»، «تۆگە كۆر-دۈڭمۇ كۆرمىدىم» دەيدىغان شەخسىيەت ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادىمىزنىمۇ رودىپاي قىلىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دۇنيادىكى ئادەملەر-نىڭ ھېچقايسىسى بىرسى بىرسىگە بەئەينى ئوخشاپ كەتمىگەن-دەك، ھەربىر ئادەمدىكى خاسلىقمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ قىممىتى-نى ئىپادىلەيدىغان ئايرىم ھادىسە سۈپىتىدە بىر ـ بىرىگە ئوخ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىمايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەمنىڭ گەپ - سۆز ۋە ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىچە تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى ئەنە شۇ ئادەمنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە سۆزلەۋاتقان سەنئەتكارلىقمۇ ئەمەلىيەتتە ھەربىر ئادەمدىكى مۇشۇنداق خاسلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شۇ خاسلىقتىكى گۈزەللىك بىلەن تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇلاردىكى ئۆزىنى ھۆرمەتلەش غورۇرى ئاساسىدىكى جاۋابكارلىق روھىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، ئۇلاردىكى تالانت ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ بەك پايدىلىق بولىدۇ.

خاسلىقنىڭ دەل مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خاسلىق —— بىر ئادەمدە ئىپادىلىنىدىغان تۇراقلانغان پسىخىك پائالىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. بۇ پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ئالاھىدە بولغان خاراكتېرى، ئېھتىياجى، قىزىقىشى، قابىلىيىتى، مىجەزى، ھەۋىسى، ئېتىقادى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاسلىق بىر ئادەمدە ھازىرلانغان بەلگىلىك ئاڭ خاھىشچانلىقىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ، ھەم شۇ ئادەمنىڭ باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان ئالاھىدە ئۇسۇلىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەمنىڭ خاسلىقتىن ئىبارەت پسىخىك ئالاھىدىلىكى ئادەمنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئاساسلىق پسىخىك ئاساسى بولىدۇ ۋە ئىجادىي خاسلىقنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كامالىتىنى تەپەككۇر ھەم ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىر دەۋردە كىشىلىك ھاياتنىڭ توپ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە، كىشىلىك ھاياتنىڭ توپ ۋەزىپىسى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتى ئاساسىدا ئادەمنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى، ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى، ئادەم بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى يېڭىۋاشتىن بىلىش ئارقىلىق كىشىلىك ھايات

بىلەن تەبىئەتنىڭ، كىشىلىك هايات بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاڭلىق تەڭشەپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەكپۇڭ بىرلىكىنى ئىجادىي يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

كىشىلىك هاياتنىڭ بۇنداق تۈپ ۋەزىپىسى پەقەت ساغلام خاسلىق يېتەكچىلىكىدىلا تولۇق ئورۇندىلىدۇ. ئالاھىدە تالانت مانا مۇشۇنداق خاسلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى، شۇنداقلا خاسلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ساغلام تاكامۇللۇقىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە.

— بارلىق تالانتلار ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ ئاۋازى دەيدىغان بىرخىل نەرسە بار، — دەيدۇ ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى تۇرگېنېف. خېلى كۆپ ئالىم، سەنئەتكارلارمۇ تالانت ھەققىدە گەپ قىلغاندا «ئۆز ئاۋازى» نى ئاڭلىتالايدىغان بىرخىل خاسلىقنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىر ئادەمنى دەسلەپكى مۇستەقىللىقتا يۇزلىنىشتىن ئاخىرىدا مۇستەقىل «ئاۋاز» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەدىغان تالانت باسقۇچىغا ئېلىپ بارىدىغان خاسلىقنى تەكىتلەش ۋە يېتىلدۇرۇشنى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلىش زامانىمىزدىكى مەكتەپلىرىمىزنىڭ تۈپ نىشانى بولۇشى كېرەك. ئىجادىي مائارىپ دېگەننىڭ ئۇل تېشى مانا شۇدۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆز ئاۋازىلا ئۇنىڭ سىرلىق ئەقىل بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقالايدۇ ۋە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى نۇرنى جانلاندۇرۇپ، ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى يورۇتالايدۇ. بۇنداق نۇرلاندۇرۇش، ھەتتا ناھايىتى كىچىك، جانسىز بولغان ئەقدىردىمۇ پىكىر قىلىشقا يارالغان ئىنساننىڭ پىكىرسىز مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈنلۈكىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن ئازراقمۇ پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان ئادەمسىياقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنىمۇ نامايان قىلىدۇ. بۇنداق مۇستەقىل ئا-

ۋازدا يالغۇز ئەقىل ئامىللىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى غەيرىي ئەقىل بولغان پەزىلەت ئامىللىرىنىڭ جەملەنگەن كۈچىمۇ بولغانلىقتىن، ئۇ مۇستەقىل هالدا ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىتىشقا ئاتلانغان ئادەمنىڭ تېخىمۇ كامال تاپىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز قەدىرلەيدىغان ھەربىر شانلىق پىلان، ئۇلۇغ ئىلمىي بايقاش، ئىختىرا، يارقىن بەدىئىي ئەسەر ئەنە شۇنداق مۇستەقىل ئاۋازنى ئاڭلىتىشنىڭ ئۈلگىلىرى.

بىزدىكى «مەرگەن تۇرنىلارنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئاتىدۇ»، «بوران دەرەخنىڭ ئېگىزىنى ئاسان سۇندۇرىدۇ»، «شۆھرەت دۈشمەنلىكنى قوزغايدۇ» دېگەندەك يارىماس ھېكمەتلەرگە ئەقىدە باغلاپ، ئارىمىزدىن باش كۆتۈرگەن كىشىلەرنى مازاق قىلىدىغان، خاراب قىلىدىغان، روھىغا سوغۇق سۇ سېپىدىغان، قورقىتىدىغان، ھەسەت قىلىدىغان ناچار قىلمىشلار، ئوتتۇراھاللىقنى قوغلىشىپ ياشايدىغان روھىي ھالەت، «خۇدانىڭ بەرگەن كۈنىگە شۈكرى» دەپ كونىلىقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار ۋۇجۇدىمىزدا چۆكمە ھاسىل قىلغان تارىخىي ئىللەتلەر بولۇپ، مىللىي پسىخىكىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلاردۇر. بۇ «مۇستەقىل ئاۋاز» لارنى ئۆچۈرىدىغان، خاسلىقنى تۇنجۇقتۇرىدىغان، قالاقلىقنى، نادانلىقنى توختىماي چىللايدىغان، بىزنى مەنىۋى جەھەتتە كاردىن چىقىرىدىغان رەزىل ئالۋاستى.

ئەگەر بىزنىڭ مائارىپىمىزدا ھازىرقى كۈندىمۇ ئادەمنىڭ مۇستەقىل ئاۋازى ئارقىلىق دۇنيانىڭ گۈزەللىكىگە رەڭ بېرىدىغان خاسلىق ئىنكار قىلىنىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش تەكىتلەنسە، مۇقەررەر ھالدا كىشىلەرنى باراۋەر تەرەققىي قىلىش يولىغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. مىڭلاپ ئالىملار پەن تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققان ئادەم مېڭىسىدىكى پەرق ھەممە ئادەمنى بىر خىل ئىشتا تەڭ كارامەت كۆرسىتىش-

كە، بىر ئادەمدىكى ئارتۇقچىلىقنى ئىككىنچى ئادەم شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنداشقا يول قويمايدۇ. شۇڭا، ھەممە ئادەم باراۋەر تەرەققىي قىلىش تاماسىدىلا يۇرگەن يەردىن تالانتلىق ئادەملەر-نىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. ھازىرقى كۇندە بىزدە ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ مەيدانغا كەلمەسلىكىدە بىرمۇنچە ئوبيېكتىپ ئەھۋاللار بولسىمۇ، ئەمما ئاتا- ئاتا يولىدا، ئانا- ئانا يولىدا، ئالىم- ئالىم يولىدا، باتۇر- باتۇر يولىدا . . . ھۆرمەتلەنمەي، كارامەتلىك ئۇ ئىنسانلارنىڭ پاراسىتىدىكى تا-لانت ئۇچقۇنلىرىغا يول بەرمەي، ئىجادىيەت ئۇستىدە زادىلا بىل-مەيدىغان ئادەملەر سۆزلەيدىغان، ھەممە ئادەم بىلەرمەنلىك قى-لىدىغان، ئۆزىدىكى تالانتلىق ئادەملەر بىلەن پەخىرلەنمەيدىغان نادانلىقمۇ مەلۇم دەرىجىدە سەلبىي رول ئالماقتا. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنىڭ دەۋر ئېتىبارىدا يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش، يېڭى مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىگە سوۋغات يوللاش خىياللىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتمەكتە. بىز ئەجدادلار روھى ئالدىدا نومۇسقا قالماقتىمىز. كېسىپ ئېيتىش كېرەك-كى، بىر خەلق ئۇچۇن ھامان ئۇلۇغ ئادىمىنى تىكلەش، پىرى ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەش، بۇلار ئارقىلىق نا كەسلىككە خاتىمە بېرىش زۆرۈر بولىدۇ. شۇڭا، مائارىپ تەربىيىمىزدە بولۇپمۇ باللارغا قارىتىلغان مائارىپ تەربىيىمىزدە خاسلىقنىڭ ئادەمنى ئىجادىيلىقتىن ئىبارەت كامالەت ئۇستۇنلۇكىگە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى، ئىجادىيلىقنىڭ ئادەمنىڭ ھايا-تىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ماھىيەتلىك مەز-مۇن ئىكەنلىكىنى، ئادەم ياكى جەمئىيەت ئۆز تەرەققىياتىدا خاسلىققا ئەڭ موھتاج بولىدىغانلىقىنى، ساغلام خاسلىق ياكى ئىجادىيلىق بولمىغاندا، ئادەم ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش تولىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ زۆرۈر-يەتنى پۇتۇن دۇنيا ئاللىقاچان بىلىپ بولغان. ئۇنىڭ تىپىك

مىسالى سوپېتىدە ئۇلارنىڭ ھەتتا تېخى ھېچقانداق ئىجادىي مېۋە بەرمىگەن زىيادە تالانتلىق بالىلار تەربىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. زىيادە تالانتلىق بالا دې- گەندە، زېھنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى بالىلاردىن ئالاھىدە يۇقىرى بالىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەلىم - تەربىيە پسىخولوگلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇنداق بالىلار بار- لىق بالىلارنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. زىيادە تالانتلىق بالىلارنى پەرق ئېتىشكە بولغان ئۆلچەم ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى نىسبەتمۇ ئوخشاشمايدۇ. يۇزەكى ستا- تىستىكا قىلىنىشىچە، ئامېرىكىدا زىيادە تالانتلىق بالا ئومۇمىي بالىنىڭ 3 ـ 5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. يەنى 1 مىليون 300 مىڭ زىيادە تالانتلىق بالا بار ئىكەن.

50 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە سابىق سوۋېت ئىت- تىپاقىدا سۈنئىي ھەمراھ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىپ، ئامېرىكىنىڭ مائارىپ جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا سە- ۋەب بولغان، دۆلەت مەجلىسى بۇيرۇق ئارقىلىق زىيادە تالانتلىق بالىلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتكەن. جامائەتمۇ نۇرغۇن زىيا- دە تالانتلىق بالا سەل قاراش سەۋەبلىك كۆمۈلۈپ قالغان، دەپ ھېسابلىغان.

70 ـ يىللارغا كەلگەندە ئامېرىكىدا زىيادە تالانتلىق بالىلار تەربىيىسىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇل- غان، يەنى قوشما شتاتلار مائارىپ مىنىستىرلىقىدا زىيادە تالانت- لىق بالىلار مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان، ھەرقايسى شتاتلاردى- مۇ ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ، زىيادە تالانتلىق بالىلار تەربىيىسى خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. دۆلەت مەجلىسى زىيادە تالانتلىق بالىلار تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە مەخسۇس پۇل ئاجراتقان. 1976ـ يىلى ھۆكۈمەت قوشما شتاتلار فوندىدىن زىيادە تالانتلىق بالىلار تەربىيىسىگە 2 مىليون 300 مىڭ دوللار ئاجرىتىپ

ىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرى تۇرقىدىن، زامان ئەپسانىلىرى ۋە ماكان چەكلىمىلىرى تۇرقىدىن، ھادىسە كۆرۈنۈش، ۋەقە - ھېكايىلەر تۇرقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنسانىنى بىۋاسىتە ۋە روشەن ھالدا ئۆزى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، تاشقى ئالەم بىلەن بولغان بىلىش پائالىيىتىدە ماھىيەتلەرنى كۆرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ زامان ئېتىبارىدىكى گۈزەللىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدىغان قىلىشتۇر. شۇ نەرسە ئايان بولسۇنكى، بۇنداق بىلىش مەدرىس پەلسەپىسى، دوگماتىزم، سەپسەتىۋازلىق، ساختا شۆھرەتپەرەسلىك، «زاھىد» لىق بىلەن سىغىشالمايدۇ.

تەلىم - تەربىيە سېتكىلىرىنى تاماملىغان، چوڭ - كىچىك مەكتەپلەرنى كېزىپ چىققان، توم - توم كىتاب - قامۇسلارنى ئوقۇپ چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر دەك «ئارىف» بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ قانداق مەندە، قايسى دەرىجىدە تەلىم - تەربىيىگە ئېرىشكەنلىكىدە بولسا كېرەك. بۇلاردىن مۇنداق ئۈچ يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن. بىرىنچى، تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى «ئارىف» بولۇپ چىقمايدۇ. ئىككىنچى، «ئارىف» لىق مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى ۋە مىزانى. ئۈچىنچى، قايسى پەن ساھەسىدە بولسۇن، «ئارىف» لىق مۇتەپەككۇرانە پىكىر ئىقتىدارىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەيلى ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرى ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولسۇن، پەن تارىخى ئۇلارنىڭ ئابىدىگاھى بولۇپ قالىدۇ[1]. بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە، ئىنسانىيەت گۈزەللىك تەلپۈنۈشلىرى ۋە تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش كۈرەشلىرىنى بارغانسېرى ھەمەجەھەتلەشتۈرمەكتە. ئىجادچانلىق بارغانسېرى تارىخنىڭ پائالىيەتچان ۋە ئۇلۇغۋار ئىلھامبەخش كۈچى، مەنىۋى پېشاڭى بولۇپ

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، 9 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسىر كۆرسەتمەكتە ھەمدە مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم سىمۋولىغا ئاي-
لانماقتا. ئېستېتىكا ئىلمىدىن خەۋەرسىز ۋە ھازىرقى گۈزەللى-
كى ئۈچۈن ئىجاد قىلالمايدىغان مىللەت ھازىرقى زاماندىكى
مەدەنىي مىللەت سالاھىيىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بەپىلى
مىللەت بولۇپ قالماقتا. شۇڭا، چېرنىشېۋسكى: مىللەتنىڭ
مۇھىم بايلىقى — خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر دېسە، ئامېرى-
كا شائىرى ئېمېرسون: تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بايلىق
ئەمەس، بەلكى، شۇ ئۆلكە باغرىدا تەربىيە كۆرگەن ئىنسانىنىڭ
مەنىۋى قىياپىتىدۇر دېگەن. مارتىن لوتېر بولسا «بىر دۆلەت-
نىڭ گۈللىنىشى ئۇنىڭ خەزىنە بايلىقىنىڭ مولluقىغا، ئۇنىڭ
شەھەر قەلئەلىرىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە باغلىق بولمايدۇ. ئۇ-
نىڭ جامائەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىغىمۇ باغلىق
بولمايدۇ؛ بەلكى پۇقرالارنىڭ مەدەنىيلىك تەربىيىسىگە، يەنى
كىشىلەر قوبۇل قىلغان تەلىم - تەربىيىگە، كىشىلەرنىڭ يىراق-
نى كۆرىدىغان نەزەر دائىرىسى بىلەن پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى -
تۆۋەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ. مانا بۇ - ھەقىقىي پايدا - زىيان
مەنبەيى، ھەقىقىي كۈچ مەنبەيىدۇر»[1] دېگەن. بۇنداق مەنىۋى
قىياپەتنى پەقەت ئۆزىنى تارىخىي يوسۇندا يېڭىدىن بىلىۋېلىپ،
ئىجادچانلىق روھى بىلەن ئۆزىنى كونا تۇرقىدىن ھالقىتىپ كې-
تەلەيدىغان «ئارىق» لىقتىن باشقا يول بىلەن يېتىلدۈرۈش
مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس.

بۇنداق «ئارىق» نىڭ كونكرېت ئەمەلىيەتلىرى ناھايىتى
كەڭرى مەنىلەرگە ئىگە، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ يىلتىزى جەزمەن
بالىلىق دەۋرىدە يېتىلىشى كېرەك. ئالىملار بۇنداق يىلتىزنى
ھەر تەرەپلىمە شەرھلەيدۇ. بىز بۇ ھەقتە «تالانت بوسۇغىسى»

[1] مارتىن لوتېر: «غۇرۇر - پەزىلەت قۇدرىتى» بېيجىڭ كۈتۈپخانا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1 - بەت.

دا توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش — ئۆگىنىش ئادىتى، تەپەككۇر ئادىتى، يېزىق ئادىتى. . . يېتىلدۈرۈشنىلا تەكىتلەپ ئۆتىمىز.

چۈنكى، بۇ ئىجادىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. بالىلارنى ئىجادىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشتە ياخشى ئادەم يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى بىر ئۇلۇش كۈچ سەرپ قىلىپ مىڭ ئۇلۇش پايدا ئېلىشنىڭ پىششىق ئۇسۇلىدۇر. ئالىملارنىڭ يەكۈنلىشىچە، بىر ئادەمدە ياخشى بىر ئادەت يېتىلسە، بۇ ئادەت ئۇنىڭغا خۇددى ناھايىتى كۆپ پۇلنى بانكىدا ئامانەت قويۇپ ئۆمۈرۋايەت ئۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلىپ خەجلىگەندەك پايدا يەتكۈزسە، يامان بىر ئادەتنىڭ يېتىلىشىمۇ خۇددى ناھايىتى كۆپ پۇلغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ ئۆمۈرۋايەت تۆلەپ تۈگىتەلمىگەندەك زىيان كەلتۈرىدۇ. دۇنيادا باش كۆتۈرگەن ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئېسىل ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زېھىن ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئادەملەر ئىكەن. دانىشمەن كارنىگمۇ چوڭلار مائارىپىنى يولغا قويغاندا، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، بارلىق ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئۆزگىچە خىزمەت ئادىتى بارلىقىنى جەزمەنلەشتۈرگەن ۋە ئۇلارنى ئورتاقلاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك كۆرسەتكەن:

1. ئۇلاردا خىزمەت ئۈستىدە كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى ئويلاپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسى نىشاننى پىلانلايدىغان ئادەت بولىدۇ. ئۇلار بەلگىلىۋالغان نىشان بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ، بۇ نىشان ئۇلارغا ھەرقانداق قىيىنچىلىق ياكى توسالغۇلارغا باش ئەگمەي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىدىغان كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

2. ئۇلاردا پىلاننى جەسۇرلۇق بىلەن ئىجرا قىلىش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار زېھىننى بۇلغىۋېتىدىغان ئېزىتقۇلۇقلارنى چىقىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىپ تاشلايدۇ، ئۇلاردا كېلەچەك ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئىشلارغا چىشىنى چىشلەپ سەۋر قىلىپ تۇرالايدىغان جاسارەت بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلاردىكى ئالدىن كۆرەرلىكتۇر.

3. ئۇلاردا خىزمەتكە پايدىسىز شەيئىلەرگە ھەرقاچان «ياق» دەيدىغان ئادەت بولىدۇ. ئۇلار ھەرقاچان ھەققانىي يول-لارغا ئېتىلىپ تۇرىدۇكى، تەتۈر يوللارغا ماڭمايدۇ.

4. ئۇلاردا خىزمەتكە پايدىلىق كىتاب - ژۇرناللارنى ئو-قۇپ تۇرۇش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار يېڭى ئۇقۇم، يېڭى بىلىم ياكى يېڭى ئىلھاملارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ.

5. ئۇلاردا كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئالدىن بىر تەرەپ قىلىۋې-تىدىغان ئادەت بولىدۇ. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈستىدە ھېساب - كىتاب قىلىپ يۈرۈپ، كۆز ئالدىدىكى نەق پائالىيەت-لەرنى كېچىكتۈرمەيدۇ.

6. ئۇلاردا ئۈزلۈكسىز خىزمەت ئىشلەش ئادىتى بولىدۇ، ھەرگىز لايغەزەللىك، ئەزمىلىك قىلمايدۇ.

7. ئۇلاردا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى غاچ - غۇچ قىلىۋېتىدىغان، تېز سۈرئەتتە جىددىي ھەل قىلىۋېتىدىغان ئا-دەت بولىدۇ، ھەمدە ئۇلار زادىلا زېرىكمەستىن، كېيىنكى ئىش-لارنى قانداق قىلىش ھەققىدە چوت سوقۇپ تۇرىدۇ.

8. ئۇلاردا خىزمەتلەرنى ئوغۇل بالىچىلىق بىلەن تېزدىن باشلاش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سەھەردە ئورنى-دىن تۇرۇپ خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدىغان، پۇت - قولىنى سوزۇپ يېتىپ كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى ئاقسىتىپ قويمايدىغان ئادەملەردۇر.

9. ئۇلار ئاق كۆڭۈل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ روھى بىلەن خىز-مەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، خىزمەتنىڭ «مىقدارى» غا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ، «سۈپىتى» گە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ - دە، قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

10. ئۇلاردا بوش - بىكار ۋاقىتلاردىن، ئىككى قولدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بىرلا چاغدا ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلىۋېتىدىغان ئادەت بولىدۇ. ناھايىتى ئاز ۋاقىتنىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەيدۇ. ھېچ ئىش قىلماي ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ.

11. ئۇلاردا باشقىلارنى ئۆزلىرىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئادىتى بولىدۇ. باشقىلارنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ كۆزى، قولى ۋە مېڭىسى ئورنىدا ئىشلىتىشنى بىلىدۇ.

12. ئۇلاردا پۇل - مالدىن ھالقىغان نىشان بەلگىلەش ئادىتى بولىدۇ. كامالەتكە يەتكەن خىزمەت ئۇلار ئۈچۈن پۇل - مالدىن قىممەتلىك بولغان ھەقدۇر.

13. ئۇلاردا ئۆزلىرىگە تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى مەجبۇرىيەت قىلىش ئادىتى بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتلىرىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىپ بارىدۇ، ھەمدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىكتە كۈچەيتىدۇ - دە، شۇ ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى كېڭەيتىپ، كونىلىققا پېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. ئۇلار خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى بېسىم قىلىپ، ئۇ بېسىملارغا جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

14. ئۇلاردا ئۆزى قىلغان ئىشقا جاۋابكار بولۇش، باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ جۇداچىلىق قىلماسلىق ئادىتى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بەخت - ئامىتىدە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن كاللىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ يەنە ئىلگىرىلەيدۇ[1].

---

[1] «كارنىگ ھېكمەتلىرى» جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، خەنزۇچە نەشرى، 174 -، 175 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىمەك، مەشھۇر، تالانتلىق ئادەملەرمۇ ياخشى ئادەتلەر بىلەن دوستلاشقان ۋە شۇ تۈپەيلى ئاپتوماتىك ھالدا ئېتىلىپ تۇرۇپ گېنىئاللىق ئوبرازىنى تۇرغۇزغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەمنىڭ مېڭىسى ۋە ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، ياخشى ئادەتلەرنىڭ ماھىيىتى نېرۋا سىستېمىسى قۇدرىتىنىڭ بىرخىل بېكىتىلىشىدىن ئىبارەت. چوڭ مېڭە پوستلىقى سىستېمىلىق پائالىيەت مېخانىزمىغا ئىگە بولغانلىقتىن، تاشقى غىدىقلاشلارنى قانۇنىي رەۋىشتە تەكىتلەپ بىرخىل شەرتلىك رېفلېكسنىڭ زەنجىرسىمان سىستېمىسىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ شەكىللەنگەن ھامان مۇۋاپىق پەيتتە ئاپتوماتىك ھالدا مەيدانغا چىقىرىۋېرىدۇ.

شۇڭا، بىر بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياخشى ئادەت قابىلىيەتنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. بىز ھازىرغىچە ياخشى تەربىيە ئارقىسىدا تېتىك، ئوچۇق چىراي، پاكىز، رەتلىك ئۆسكەن بىر بالىنىڭ ئادەتتە ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ ھال مۇشۇنداق قابىلىيەت شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقىللىق بالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا مۇنداق ئورتاق ئالامەتلەر بار ئىكەن: (1) بالىلار ئارىسىدا دائىم باشلامچىلىق رول ئويناپ، بۇيرۇق چۈشۈرىدىكەن، كۈچلۈك تەسىر كۈچىگە ئىگە بولىدىكەن؛ (2) يالغۇز يۈرۈشنى خالايدىكەن، كىتاب ئوقۇش، يېزىقچىلىق قىلىش، رەسىم سىزىشتا، بەس مۇنازىرىگە كۆپ ۋاقىت چىقىرىدىكەن، بۇنداق بالىلارنىڭ دوستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدىكەن؛ (3) دۇچ كەلگەن مەسىلىنى ئەقىل ئىشلىتىپ، مەنتىقلىق تەھلىل قىلىدىكەن؛ (4) تۇرمۇشتا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىكەن؛ يۈرەكلىك بولۇپ قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىكەن؛ (5) ئويۇنچۇقلارنى بۇزۇپ، قۇراشتۇرۇپ ئويناشقا، بولۇپمۇ يېڭى ئويۇنچۇقلارنى ئويناشنى

ياخشى كۆرىدىكەن. ئەگەر باللاردا بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەقىللىق بولۇپ يېتىلىشىدىن 80% ئۈمىد بولىدىكەن. ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تاپشۇرۇق ئىشلەش ئادىتى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچى باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا 50% ۋاقىتنى تېجەيدىكەن، تاپشۇرۇق دەپتىرىدىن كۆرۈلىدىغان خاتالىق باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا 80% تۆۋەن بولىدىكەن، شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار باللاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇش كۆچ بىلەن مىڭ ئۇلۇش پايدا ئالىدىغان ئۇسۇلنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

دۇنياۋى پسىخولوگ ئۇستازلارنىڭ تەلىماتلىرىغا قارىغاندا، باللاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، تەربىيىنى باشتىن چىڭ تۇتۇش پرىنسىپى. ياپون ئالىمى چىتيەنجىن «يېشىغا يەتمىگەن باللارنى تەربىيىلەشنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئادەم ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشى ياشنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ ئاستىلايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشمۇ شۇنداق بولۇپ، بالا قانچە كىچىك ۋاقتىدا ياخشى ئادەتكە كۆنسە، شۇنچە تېز ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىلىدىكەن.

ئىككىنچى، چوڭلار ئۈلگە كۆرسىتىش پرىنسىپى. ياخشى ئادەت كۆندىلىك تۇرمۇش ئارقىلىق تۇيدۇرماي سىڭدۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ ياخشى ئۇدۇم ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن يېتىلىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ھەدەپ نەسىھەت قىلسام، ھەيدەكچىلىك قىلسام، ئەسكەرتىپ تۇرساملا بالامدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرەلەيمەن دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشتە تامامەن پەرھىز تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ، ھەرىكەت بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى كېرەك. يەنى باللارغا ياخشى ئادەتلەرنى كۆرسىتىش، ئاندىن باللارنىڭ شۇنداق ھەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشىغا ئىشەنچ قىلىپ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك. ئالدىراڭغۇلۇق، كۆپ گەپ قىلىش، چات كىرىۋېلىش، بالىلاردا ئىزىلەڭگۈلۈك، يۈنىلىشچانلىق، جاسارەتسىزلىك قاتارلىق يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. دېمەك، بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەرىكەت ۋە ئۇسۇلىدا ياخشى ئادەتلەر بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، خۇشال - خۇرام تۇرۇپ تەربىيىلەش پرىنسىپى. بەزى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا خۇشال - خۇرام ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئاجايىپ ھۇزۇر ھېس قىلىدىغانسىز. چوقۇم شۇنداق ھېس قىلىسىز، چۈنكى، ھەرقانداق ياخشى ئادەت بالىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش مۇستەقىللىقى، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش غورۇرى ۋە خۇشال، ئازادە، ئاكتىپ كەيپىياتى بىلەن باغلىنىدۇ. لېكىن، رېئال تۇرمۇشتا بىرمۇنچە ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلار بۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ، ھەتتا چىرايىنى تۈرۈپ بۇيرۇقچىلىق قىلىدۇ، كايىيدۇ، ئۇرىدۇ، تىللايدۇ، . . . بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كەيپىيات جەھەتتە خۇشال - خۇرام تۇرۇپ تەربىيىلىمەيدۇ، بۇمۇ نادانلىقتۇر.

تۆتىنچى، قاتتىق تەلەپ قويۇش پرىنسىپى. ياخشى ئادەتلەرنىڭ يېتىلىشى چوڭلارنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق قاتتىق تەلەپ ئەركىلىتىپ بولۇشىغا قويۇۋېتىش، ئارقىسىدىن مەجبۇرلاش بولماستىن، بەلكى، بالىلار خۇشال قوبۇل قىلىپ ئىختىيارىي ئىجرا قىلىدىغان دەرىجىدە بولۇش كېرەك، بۇ ئاساسلىقى، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلارغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە تايىنىدۇ. بالىلارغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئىشەنچ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بارا - بارا چېنىقتۇرغاندا، قىسقا ۋاقىتتا مەجبۇرلىغاندىن نۇرغۇن دەرىجىدە يۇقىرى ئۈنۈم قازىنىش مۇمكىن.

يەھۇدىيلاردا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىجادىي ھەم جەسۇر

پەرزەنت تەربىيىلەش ئۈچۈن بالىنى ئانا ئىمتىپ چوڭ قىلىش ۋە يەتتە ياشقىچە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىماسلىقتەك قان ۋە روھنى پاكلاش ئادىتىمۇ بار ئىكەن. ئەرەبلەردىمۇ «بىر ئەر تەربىيىلە-سەڭ، بىر ئادەم تەربىيىلىگەن بولىسەن، بىر ئانا تەربىيىلە-سەڭ، بىر ئائىلىنى تەربىيىلىگەن بولىسەن» دېگەن ئەقىدە بار ئىكەن، يەنى بۇ مىللەتلەر مەيلى قانداقلا تەرەپتىن بولسۇن، بالىلارنى قېنى ساپ، دىلى پاك قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئانىلار-نىڭ بىلىملىك، قېنى ساپ، ئائىلىسىنىڭ تەربىيىچىسى بولالاي-دىغان سۈپەتلىك بولۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇنىمۇ مائارىپ تەربى-يىسى دائىرىسىدە يۇقىرى ئورۇنغا بېرىدىغان ئادەت دەيدىكەن. بىزدىكى ناباب بالىلار بىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئادەتلەر بىلەن بالىلا-رنى تەربىيىلىمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىققان. قىسقىسى، ئى-جادىي بالا تەربىيىلەشتىن بۇرۇن ياخشى ئادەتلىك بالا تەربىيە-لەش، تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئەمگەك، تەنھەرىكەت، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتلەردە بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا كىچىككىنە تۇرۇپ چوڭلاردەك ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، ياش چېكىدىن ھال-قىپ ئىختىرا، ئىجادىيەتكە يول ئالىدىغان بالىلارنى يېتىشتۈ-رۈش مۇمكىن.

مۇنتىزىم مەكتەپلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى ئىجادىي مائا-رىپنى مانېۋىر قىلىپ، ئىجادىي تالانتلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم بازا. ھەرقانداق بىر خەلق مۇشۇ بازىنى كۈچەيتمىسە ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد مەركەزلىرىدەك ئاسراپ قوغدىمىسا، ئۇ خەلقنىڭ ھازىرقى زامان شارائىتىدا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشى-نى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مەكتەپ ۋە يەنە مەكتەپتىلا ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ شەرتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىجادچانلىقنى يېتىشتۈرۈش ۋە مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ ئەۋلاد تەربىيىلەش مەكتەپلەر ئۈچۈن ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھىم بىر تەتقىقات ھەم ئەمەلىيەت تېمىسىدۇر.

شۇڭا، ئوقۇغۇچىلاردا ئىجادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلغان ئوقۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى مائارىپىمىزدىكى ئەۋزەل تەرەپلەرنى جارى قىلدۇرۇش، «ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن ئالىم بولۇش كېرەك» دېگەن تەشەببۇستا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىشتە مۇھىم تەركىبلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر چاغدا، دۇنيا بويىچە سىغەن مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ «ئالىمنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولالىشى ناتايىن» دېگەن قارىشى بويىچە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشكە ماھىر بولۇشىنى، شۇنداقلا ئوقۇتۇش مېتودى ۋە ئەمەلىي ئوقۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، مەۋقەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشكە توغرىلاش كېرەك.

ئىجادىي تەلىم ـ تەربىيە ھەرخىل مەكتەپلەردە ھەرخىل ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت ھالەتتىكى بىلىم قۇرۇلمىسى ھەققىدە بىز «تالانتشۇناسلىق» دېگەن كىتابىمىزدا مەلۇمات بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ھەرقايىسى ئەل ئالىملىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاساسەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەققىدە سۆز ئالىمىز.

## 3. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىجادىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش تەلەپلىرىنى ئىگىلەش

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىجادىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا تۆۋەندىكى تەلەپلەر قويۇلىدۇ:

بىرىنچى، ھەۋەسلەندۈرۈش. بۇ تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەۋىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، پاسسىپ ھالدىكى ئۆگىتىشنى ئۆزلۈكىدىن ئۆ-

گىنىشكە ئۆزگەرتىش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش زۆ-رۇر. ئالايلۇق، ئوقۇتقۇچى «چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى» ھەققىدە دەرس ئۆتمەكچى بولسا، دەرس ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئوقۇ-غۇچىلارغا ئۆزلىرى چەمبەر شەكىللىك بىرەر جىسىمنىڭ دىئا-مېتىرى بىلەن ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ئايرىم - ئايرىم ئۆلچەپ كېلىش ھەققىدە تاپشۇرۇق بەرسە، كېيىن دەرسكە كىرگەندە، ئوقۇغۇچى ئۆزى ئۆلچىگەن دىئامېتىرنى مەلۇم قىلسا، ئوقۇتقۇ-چى دەپ بەرگەن چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقىنى ئېيتىپ بەرسە ھەمدە شۇ تەرىقىدە ئۇدا بىرقانچە قېتىم تەجرىبە ئېلىپ بارسا، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى دەپ بەرگەن چەمبەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇ-قى بىلەن ئۆزلىرى ئۆلچەپ چىققان ساننىڭ ئاساسي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، بۇنىڭدىن ئوقۇغۇچى ھەيران قالىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ھەۋىسى ئوقۇتقۇچىنىڭ چەمبەر ئايلانمى-سىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى قانداق تاپقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىتىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئوقۇتۇشنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئەركىن پىكىر بايان قىلىدىغان ئۆگىنىش ئىستىلىنى شەكىللەندۈرۈش. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى ئويلاپ تاپ-قان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ خىلمۇ خىل ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ھەرخىل مەسى-لىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىمۇ قارشى ئېلىش لازىم. خاتا سۆز-لەپ قويسا ھېچ گەپ يوق. ئىجادىي پىكىر دېگەن ئەزەلدىن مەۋجۇت تۇرغان بەزى نەرسىلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن رەت قىلىش ياكى خاتاسى بار نەزەرىيىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قو-يۇلغاچقا، تولا چاغلاردا خاتا بولۇپ چىقىدۇ، توغرا گەپ قىلمىمەن دەپ ئىجاد قىلمايدىغان 1000 ئادەمدىن خاتا سۆزلەپ قويسىمۇ ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ ۋە ئەمەلىي ئۈنۈم كەلتۈرىدىغان بىر ئادەم ياخشى، شۇڭا، تەنقىد قىلىش ئورنىغا تەقدىرلەپ، ئوقۇ-غۇچىلارنى بېرىلىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان، ئۆز پىكرىنى بايان

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

قىلىشقا تىرىشىدىغان قىلىش لازىم. چۈنكى، بۇ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر.

ئۈچىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىلىمىنى ئاشۇرۇش. ئوقۇغۇچىلارغا كىتابتىن سىرت تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلدۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرى ۋە نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، كىتابىي بىلىم دائىرىسىدىن چىقىپ، نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتىپ، مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھالدا ئويلىيالايدىغان بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئىجادىي تەسەۋۋۇر قىلىشقا يې-تەكلەش. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تەربىيىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوبرازلىق، كۆرسەتمە-لىك بولۇشىنى ئىمكانقەدەر ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا تە-سەۋۋۇر قىلىش شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتى ھازىرلاپ بېرىش لازىم.

بەشىنچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا تەشكىللەش. دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئەمە-لىي ئېھتىياج ھەمىشە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چوڭلار بالىلارنى ھەرخىل پائا-لىيەتلەرگە كۆپلەپ قاتناشتۇرۇشى، ئۇلارنى مەسىلىلەرنى مۇس-تەقىل ھەل قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. بالىلارنى كۆپرەك ئويلاشقا، پىكىر قىلىشقا، كاللا ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلىدىغان، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىجادىي ھالدا تېپىپ چىقالايدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەندە، ئۇلارنىڭ تە-پەككۇرى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

ئالتىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش. بالىلارنىڭ سۆز قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر، ئۇلارنى توغرا لوگىكىغا ئۇيغۇن سۆزلەيدىغان قىلىپ

تەربىيىلەشتە، بالىلارنىڭ ئىشلەتكەن سۆزلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئىپادىلىگەن ئوي - پىكرىنىڭ باغلىنىشلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. بالىلارنىڭ ئۆگىنىدىغان سۆزلىرىنى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيتىپ، ئۆز پىكرىنى توغرا، مۇكەممەل ۋە راۋان ئىپادىلەيدىغان قىلىپ چىققاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىغىلى بولىدۇ.

يەتتىنچى، رىغبەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇش. يېقىنقى زامان مائارىپ ئىسلاھاتچىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىزدىنىش ئاساس قىلىنغان بايقاش ئۇسۇلىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان، سۆزلەشنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋى تەربىيىگە قارشى تۇرغان. ئېلىمىزدە رىغبەتلەندۈرۈش شەكلىدىكى تەربىيىنى يولغا قويۇش زۆرۈر. چۈنكى، ئۇ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىقى، ئاڭلىقلىقى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان، تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان پائالىيەتلەرنى، مەسىلەن، قالايمىقان مەشىق قىلىش، قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ يېزىش، ھەددىدىن زىيادە يادلاتقۇزۇش، شۇنىڭدەك بىر تەرەپلىمە، ئۆلۈك ھالدا يادلاپ ئىمتىھان بېرىش قاتارلىقلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىسلاھ قىلىپ، بالىلارنىڭ ئوقۇش يېشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تەپەككۇرنى تولۇق يېتىلدۈرۈش لازىم.

ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلى ئادەم ھاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇن دەۋرى. بىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەننى كېلەر ئەسىرگە ئاتلايدىغان ئىز باسارلىرىمىز دەپ چۈشىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى تەربىيىلەشتە، بىرىنچىدىن، ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پىسخىك ساپانى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، ئىككىنچىدىن، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى توغرىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك پىسخىك ساپا قانداق بولىدۇ؟

بىرىنچى، چىدام. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە يالغۇز ئۇتۇق قازىنىش ئارزۇسى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇلاردا جەزمەن تۇرمۇشتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان رېئال توقۇنۇشلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان چىدام بولۇش كېرەك. رېئال تۇرمۇشتىكى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىۋېلىش ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك رىيازەت، ئەتۇرلۇكلەرنى توغرا تونۇش بىلەن تۈرلۈك نەرسىلەرنى كۆڭۈلگە سىغدۇرۇش، ھەتتا بېسىم بولغان تەقدىردىمۇ تىرىشىپ ئۇنى ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى سەۋىيىسى، ئىقتىدارى، . . . دىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، غەيرەت. ھازىرقى ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالغا قانائەت قىلىپ توختاپ قالمايدىغان، يول ئېچىپ مېڭىش ئېڭىغا ئىگە ئادەملەرگە موھتاج. چۈنكى ھازىرقى دۇنيا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەرقانداق دەۋرىگە قارىغاندا زىچلىشىپ كەتكەن دۇنيا بولۇپ، ھەر ئادەم ئالغا باسىمەن دەيدىكەن، كاللا ئىشلىتىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئالغا باسىدۇ. يەنى ھازىرقى كۈندە بوشلۇقتىن پايدىلىنىش ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىمكانىيەت يولى بولۇپ، شۇ بوشلۇقنى تېپىپ ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن ئادەمدە غەيرەت بولۇش كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپ دەل ئاشۇنداق بوشلۇقنى تونۇپ يېتىپ تېخىمۇ پىلانلىق ئىلگىرىلەشكە نىشان تاللايدىغان چاغ. جەمئىيەتتىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئۇتۇق قازانغان تىجارەتچىلەرنى

مىسالغا ئالىدىغان بولساق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانمايدى.
غانلىرىمىزغا سودا ـ تىجارەت ساھەسىدىن زادىلا بوشلۇق كۆ-
رۈنمەيدۇ، ھەممىلا ئادەم سودا- تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولۇ-
شۇۋاتقاندەك، ئالغۇچىلاردىن ساتقۇچىلار كۆپتەك، بۇ ئىشقا يې-
ڭىدىن كىرىشىشكە ئىمكانىيەت يوقتەك بىلىنىدۇ. ئەمما، بەزى
كىشىلەر بۇ سورۇنغا سەكرەپ كىرىپ بىردىنلا تىجارەتتە ئۇتۇق
قازىنىدۇ، تىجارەتتە بۆسۈپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى سىر زادى
نەدە؟ بۇنىڭدىكى سىر جەمئىيەتنى كۆزىتىشتە، بازارنى تەتقىق
قىلىشتا. كىشىلەر تىجارەت قىلىشتا مەلۇم بىر بوشلۇقنى ئۇ-
تۇق قازىنىشنىڭ مەنبەسى قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ بىرخىل ياكى
بىرقانچە خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى روناق تېپىشنىڭ ئاسا-
سى قىلىدۇ. تەرەققىيات ئۈچقاندەك بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە،
تۇرلۇك ئۈسكۈنە، ماشىنا ـ سايمانلار تەرەققىي قىلىپ، يېڭىلى-
نىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ تۇرتكىسىدە، كىشىلەرنىڭ يۈرۈش –
تۇرۇش ۋە ھەرخىل پائالىيەتلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش يېڭى ـ يېڭى بوشلۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ.
يىراقنى قويۇپ، يېقىن ئەتراپىمىزدىكى قاتناش ۋاستىلىرىگە
نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەينى چاغدىكى ئېشەك ھارۋىسىنىڭ
ئورنىنى ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت، ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتنىڭ
ئورنىنى ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت، بۇنىڭ ئورنىنى كىچىك
ماشىنا تەدرىجىي ئىگىلىدى. بۇخىل دەۋر قىلىش تىجارەتكە
نۇرغۇن بوشلۇق پەيدا قىلىپ بەردى. ئەنە شۇنداق دەۋر قىلىش
مەزگىلىدىكى بوشلۇقتىن بەزىلەر ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن
پايدىلاندى، يەنى ئاشۇ خىل ئەھۋالغا ماس قەدەمدە ھەرىكەت
قىلىپ، دەۋر سۈرگەن ئۈسكۈنە تىجارىتى بىلەن، ئاشۇ خىل
ئۈسكۈنىلەرنىڭ رېمونتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۇقىرى تاپا-
ۋەتكە ئېرىشتى، مانا بۇنى بوشلۇق ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا
ماھىر بولغانلىق دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئۇچۇن يالغۇز تىجارەتتە بوشلۇق بولۇپلا قالماستىن، باشقا ئىشلاردىمۇ نۇرغۇن بوشلۇق مەۋجۇت، ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش سورۇنلىرىدىمۇ نۇرغۇن بوشلۇق بار. نۇرغۇن كىشىلەر بۇخىل بوشلۇقتىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىدۇ، خىزمەتتىكى قولايلىق شارائىت، پۇرسەت ۋە بىكار ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى بوشلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، گۈل ئۆستۈرگىلى، تۈرلۈك مەزمۇندىكى ماقالىلەرنى يازغىلى، تۈرلۈك مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بالىلارمۇ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا كىرىپ مۇقىم مائاشلىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇشنىڭ زىچلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا بوشاپ كەتمەستىن، ئۆزدىگە ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولسام يەنە قانداق يېڭى بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىپ ھازىرقى خېلى چوڭ باشلىقلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىمەن؟ ئەگەر بولالمىسام، كىشىلەر بايقىمىغان قانداق يېڭى كەسپلەرنى ئاچىمەن؟ ئەگەر يېڭى كەسىپ ئاچالمىسام، كىشىلەر مىڭلىداپ يۈرگەن زىچلىقلار ئىچىدىن قايسى بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىمەن؟ ئەگەر ئادەم نوپۇسى يەنە مۇشۇنداق زىچلىشىپ كەتسە، مەن قانداق يول بىلەن شۇ زىچلىق ئىچىدە پۇت تىرەپ تۇرالايمەن؟ دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ، يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى بوشلۇقلارنى ئىگىلەپ ئالغا باسىدىغان غەيرەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئويغۇنچانلىق. ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان بۇ دۇنيا ھە دېسىلا بىر مۇقامدا توۋلايدىغان، بىرخىل ئەندىزە بىلەن ئىشلەيدىغان ئادەملەر بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كونا تەرەپدارلىرىدىكى تەپەككۇر

سى بىلەن تونۇشىدىغان مۇھىم مەزگىل بولۇپلا قالماي، كەسىپ تاللاشقا تەييارلىنىش ۋاقتىدۇر. شۇڭا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇ-غۇچىلىرى جەمئىيەت ئالدىدا، يۇرت ئالدىدا، ئاتا ـ ئانا ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەشكە ئۆزىنى بېغىشلىشى، كەلگۈسىدە ئۆزىنى تەربىيىلىگەن جەمئى-يەت، يۇرت، ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلارغا شەرەپ كەلتۈرۈشى كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەر XXI ئەسىرگە ئاتلايدىغان ئىز باسارلىرىمىز-نىڭ كۆپ قىرلىق قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن قويۇلىدىغان پىششىق ساپا بولۇپ، دەۋرىمىزنىڭ تەلىپىدىكى مۇنداق ئەقىل قۇرۇلمىسى ۋە پىششىق ساپانى يېتىلدۈرۈشتە، يەنە تۆۋەندىكىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش مۇمكىن.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىجادىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا تۆۋەندىكى تەلەپلەر قويۇلىدۇ:

بىرىنچى، دەرسلىكلەرنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش. تالانتلىق-لارنى يېتىشتۈرۈش بىر ھالقىسىنىمۇ تاشلاپ قويۇشقا بولمايدى-غان ئىش، «ئوتتۇرا مەكتەپتە ئاساس سېلىنىدۇ، ئالىي مەك-تەپتىن تالانتلىقلار چىقىدۇ» دېيىش بىلىمنىڭ چوڭقۇر ـ تې-يىزلىقى جەھەتتىنلا ئالغاندا توغرا، لېكىن ساپاسى ۋە ئىجاد قىلىش روھىنىڭ يېتىلىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا مەك-تەپ مۇھىم ئۆتكەل. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرس-لىكى ھازىرقى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. پەن ـ تېخنىكا شىددەت بىلەن يۈكسىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇنلۇق ماسلىشىش ئۈچۈن، دەرسلىكلەرنى ئۈزلۈكسىز يې-ڭىلاپ تۇرۇش، يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى ئۇسۇللارنى تولۇقلاپ تۇرۇش لازىم. ئوقۇتۇش جەريانىدا، يېڭى ئىلمىي ئۇقۇملارنى يېتەكچى قىلىپ، ۋاقتى ئۆتكەن تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە كونا ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى داۋاملىق تۈردە چىقىرىپ تاشلاپ، ئوقۇغۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىلارنىڭ دۇنيا يەككە - يېگانە، تورغۇن نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ بارىدۇ، دەيدىغان ئوبيېكتىپ كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ يېڭى بىلىملەر ئۈستىدە ئىزدە-نىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلىش روھىنى يېتىلدۈرگە-لى بولىدۇ.

ئىككىنچى، بىلىم ئۆگىتىش بىلەن ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش. نۆۋەتتە، ئەنئەنىۋى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ بوغۇپ قويۇشى بىلەن «بى-لىم ئەلا» دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر ۋە يالغۇز ئوقۇتقۇچىلار سۆز-لەيدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مەكتەپلەردە يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىلەپ تۇرماقتا، بۇ ھال ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلى-قىنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇڭا، بىلىم بېرىش جەريانىدا ئوقۇغۇچى-لارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇ-رۇش، ئىخچاملاش، ھۆكۈم قىلىش، خۇلاسىلەش قاتارلىق پائا-لىيەتلەر ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلىم ئىگىلەشكە يې-تەكلەش لازىم.

ئۈچىنچى، ئىلمىي ھالدا تەكشۈرۈش. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى تەكشۈرگەندە، مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئاسا-سىي چۈشەنچىلەرنى ئىگىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، بىلىملەر-نى جانلىق ئۆگىنىشى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا مەسىلىلەر-گە تېز، توغرا، جانلىق جاۋاب بېرىشنى، قېيىن بولۇشنى قوغلاشماسلىقنى تەكىتلەش لازىم.

تۆتىنچى، دەرستىن سىرتقى مەزمۇنلۇق، ھەرخىل پائالى-يەتلەرنى قانات يايدۇرۇش. مەسىلەن، پەن - تېخنىكا گۇرۇپپى-سى، ھەۋەسكارلار گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ،

دەرستىن سىرتقى ۋاقىتنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىختىيارىغا كۆپ-رەك ئاجرىتىپ بېرىپ (ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا)، ئۇلارغا كۆپرەك كىتاب كۆرۈش، ئىختىيارىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، تەجرىبە ئىشلەش، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قى-لىش، دەرستىن سىرتقى ئەركىن مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىش ئىم-كانىيىتى يارىتىپ بېرىش لازىم. يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىك دىسسېرتاتسىيە ـ مۇھاكىمە يىغىنلىرى، كۆرگەزمە ۋە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھەۋىسى ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مۇستە-قىل كۆزىتىش، مۇستەقىل ئويلاش، مۇستەقىل مەشغۇلات قى-لىش ۋە مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈر-گىلى بولىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ غايىسىنى كۈچەيتىپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، ئېھتىياتچان ئىلمىي پوزىتسىيە بى-لەن ئىش قىلىدىغان ۋە ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەيسەر ئىرادىگە ئىگە قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

شەرت ـ شارائىتى يار بېرىدىغان بەزى مەكتەپلەر تاللاپ ئۆگىنىدىغان دەرسلەرنى تەسىس قىلىسىمۇ، مەلۇم دەرسنى ئۆ-گىنىشنى كەچۇرۇم قىلىش، سىنىپ ئاتلىتىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويسىمۇ بولىدۇ.

قىسقىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ـــ ئادەمنىڭ ھاياتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملىشىدىغان دەۋر، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش يا-كى خىزمەتكە چىقىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە ياخشى ساپا بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا مەكتەپ يەنە كېلىپ مۇ-شۇنداق ساپانى يېتىلدۈرىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيت①.

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، ئۇيغۇرچە 1992 ـ يىل نەشرى، 1 ـ سان، 150 ـ، 151 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزىلەر يۇقىرىقىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىجادىي تەلىم - تەربىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە قارا - قويۇق ئېلىپ بېرىلامدۇ؟ ئىجادىي تەربىيە ئارقىلىق ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئىجادكار قىلغىلى بولامدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بىز «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىمىز. ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئىچىدىكى تۇغما تەبىئەتلىك ۋە مېڭە قاتارلىق ئەزالىرى مەجرۇھ بولغانلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجادىيلىق بولىدۇ ۋە بۇنداق ئىجادىيلىقنى مائارىپ ئارقىلىق ئۆستۈرۈپ، پۈتكۈل خەلقنى ئىجادىي خەلققە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. پسىخولوگىيىنىڭ بۇ قارىشى بويىچە ئويلىغاندا، مەكتەپتە بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۈمىد باغلاش مۇمكىن.

بۇنداق دېسەك، بەزىلەر كونا خامانىنى سورۇپ، ئەقلىي قابىلىيەت دېگەن بىلىم بىلەن بىللە ئۆسۈپ مېڭىۋېرىدۇ دەپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەپەككۇر مەشىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر دەرسنى قوشۇپ ئۆتۈشكە ئۇنىمايدۇ. لېكىن، نوقۇل ھالدا بىلىم ۋە تېخنىكا ئوقۇتۇپ ئۇلارنى يىغىنچاقلاپ رەتلەيدىغان ۋە تەتبىقلاشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرخىل توغرا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئوقۇتمىغاندا، ئۇتۇننى دۆۋىلەپ قويۇپ قالمىغاندا ئوت يېنىپ ئىسسىق چىقىرالمىغاندەك، جۇغلىنىۋالغان بىلىممۇ يېڭىچە تەرتىپ بىلەن ئىجادىي پائالىيەتكە قاتنىشالمايدۇ. بۇخىل دەرس ئېلىمىزدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە يولغا قويۇلغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇلارنىڭ يولغا قويۇش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىدا ئېگىز - پەسلىكلەر بولسىمۇ، ئەمما دەسلەپكى ئۈنۈمىنى كۆردى. ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىدە ئۇنىڭ نېمە دەرس ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلار كۆپ. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، خەنزۇ مەكتەپلەردىكى «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئىلمى» دېگەن دەرس ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بۇ دەرس ئۆتۈلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا 8 ـ 9

ھەسسە تېز بولغان. يالغۇز 1991 ـ يىلى ئەتىياز ۋە يازدا ئېلى
بېرىلغان زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدىن قارىغاندا، مۇشۇ دەر-
كە قاتناشقان 99 نەپەر ئادەمنىڭ 36 سائەتلىك دەرس مەشىق
ئارقىلىق زېھنىي بۆلۈنمىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2% .
ئاشقان، بۇنداق دەرسكە قاتناشمىغانلارنىڭ بولسا 32%
ئۆسكەن. بۇ ئەھۋال تەپەككۇر تېخنىكىسىنى دەرس قىلىپ كىر
گۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، تەپەككۇر ۋ
ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق قانۇنىغا ئاساسەن، ھەر دەر-
جىلىك مەكتەپ ھەم سىنىپلارغا تەپەككۇر مەشىقى دەرسىنى
پەرقلىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەت
بىلىم ئىگىلەش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، بىلىم سەۋىيە-
سى قانچىكى يۇقىرى بولغانسېرى، ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيە-
تىنى جارى قىلدۇرۇشقا شۇنچە قولايلىق تۇغۇلىدۇ. ئىجادىي
قابىلىيەت تەپەككۇر بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئىجادىي قابىلى-
يىتى بار كىشىلەر تەپەككۇردا ئۆتكۈر، پۇختا بولىدۇ. كىشىلەر
ئادەتلىنىپ كەتكەن ھاسىلاتلار ۋە نەزەرىيىلەرگە قارىغۇلارچە
ئىشەنمەستىن، بەلكى، ئۇلارغا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي ئەمەسلىكىنى ئايرىيالايدۇ ھەمدە
ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئىجادىي
قابىلىيىتى بار كىشىلەردە يەنە يېڭىچە ئىپادىلەش قابىلىيىتى
بولۇشى ۋە شۇ قابىلىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجادىي پىكىرلى-
رىنى يازما ھالەتتە ئىپادىلەش ماھارىتى بولۇشى كېرەك. ئەڭ
مۇھىمى، بۇنداق ئادەملەردە ئالدى بىلەن يۇكسەك ئىزدىنىش
روھى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ مائارىپىدا ئاسا-
سىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشتىن باشقا، يەنە ئاساسىي كۈچنى ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى (بولۇپمۇ تەپەككۇرنىڭ ئۆت-
كۈرلۈكى، تەنقىدىيلىكى ۋە يېڭىلىقى) نى، تەتقىقات قابىلىيە-
تىنى، ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈشكە قارىتىش، شۇ-
نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئۆگىنىش ئۇ-
سۇلى ۋە پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشقىمۇ ئىلھام بېرىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلمىسى ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، ئەگەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى يۇقىرى بولسا، ئۇلاردىن دەرس ئالغان ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار «ئىجادىي قابىلىيەت كۆرسەتكۈچى» نىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە تۇرسا، تالانتلىق ئوقۇغۇچىلار كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئۇلاردىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىجادىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئوقۇتقۇچىلار تالانتلىقلارنى ياخشى كۆرۈپ ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان، ئىجادىي قابىلىيىتى تۆۋەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلارنى ياقتۇرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن تالانتلىق ئادەم يېتىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. بىزنىڭ ئەۋلادىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان ئوقۇتقۇچىلار سېپىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆگىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى مەلۇماتلاردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ساقال - بۇرۇتىنى ئالماي، كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلىك كىيمەي... ئۆز تۇرمۇشىنى باشقۇرۇشتىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشقا تېگىشلىك نازۇك تۈيغۇلار ۋە روھىي ئىنژېنېرلىق سۈپەتلىرىنى يوقىتىشى بىزنى چۆچۈتىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئىجادىي قابىلىيىتى بار كىشىلەر بىلەن تولۇقلاش ناھايىتى مۇھىم. بۇ ھەقتە بىز «تالانتشۇناسلىق» دېگەن كىتابىمىزدا مائارىپ تېپىدىكى تالانتلارنى ئۈلگە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قانداق ئادەملەر بىلەن تولۇقلىنىشى شەرتلىكىنى شۇنىڭدىن بايقىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىپ بۇ يەردە گەپنى بولدى قىلىمىز.

# ئۈچىنچى قىسىم

## سەرخىللار ۋە ئۇتتۇق قازانغۇچىلار-دىن ئۈلگە ئېلىش

ئۈلگە ئىنسانىيەتنىڭ مەكتىپى[①]．

① ئەنگلىيىلىك دوكتور تۆرەم بىك．

# I سۆز بېشى

سەرخىللار ياكى ئۇتتۇق قازانغۇچىلار كىم؟ ۋەتىنى ئۈچۈن جان پىدا ئەيلىگەن باتۇرلار، ئىش ـ ئەمگەكتە داڭ چىقارغان نەمۇنىچىلار، پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تەر تۆككەن ئوقۇتقۇچى ـ باغۋەنلەر، تۇرمۇشىمىزنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان مۇنەۋۋەر ئىشچى ـ دېھقانلار، سالامەتلىكىمىز ئۈ-چۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتقان دوختۇرلار، بىزنى توغرا يولغا باشلىغان تەشكىلاتچىلار. . . ئىش قىلىپ ھەرقانداق بىر كەسىپتە ئالدىدا كېتىۋاتقان ئۈلگىلىك شەخسلەردۇر، بۇلار-نى ئانىمىز بىۋاستە تۇغۇپ بەرمەيدۇ، بەلكى مىللەت بىر پۈتۈن ئائىلە سۈپىتىدە تۇغىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خاسىيەت-لىك پەزىلەتلىرى بىزنىڭ ھەر تەرەپتىكى ئەھۋالىمىزنى ياخشى-لاش ئۈچۈن تۈرتكىدۇر. بۇلار خۇددى دېھقان تاشلاندۇق يەرگە گۈل تېرىپ ئۆستۈرگەندىن كېيىن بىز كېلىپ ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى پۇراپ زوقلانغاندەك، زامانىۋى قۇرۇلۇشىدىكى بىنەم يەرلەرگە گۈل تېرىيدىغان ئۇلۇغ ئۈلگىلەردۇر. بۇنداق ئۈلگى-لەرنىڭ كىچىكلىرى مەھەللىمىزنىڭ جامائىتى دىلىدا سۆيۈنۈش ھاسىل قىلىدىغان مۆتىۋەر بولسا، چوڭلىرى خەلقىمىزنىڭ يۈ-رىكىدە ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ يانىدىغان ماياكلاردۇر. بىز مانا مۇشۇنداق ئۈلگىلەرنى ئۆگىنىش، دوراش ئارقىلىق بۈگۈنكى ئىنسانلىق كامالىتىمىزگە كېتىۋاتىمىز. بۇنداق ئىكەن، ياخشى ئۈلگىلەر ئىنسانىيەتنىڭ مەكتىپى بولسا، يامان ئۈلگىلەرمۇ ئىنسانىيەتنى رەزىللىككە باشلاپ كېتىدىغان ئېزىتقۇدۇر. چۈن-كى، ياخشى ئۈلگە ھەرقاچان قايناق ھېسسىيات ئىلكىگە ئۆتۈپ

ئىختىيارسىز ھالدا بىزنى ئۆلۈغلۈققا باشلىسا، يامان ئۆلۈم
«بۆرە بىلەن ياشىساڭ، سەنمۇ قاۋايسەن» دېگەندەك بىزنى ياما
تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئەخلاقشۇناس سمىيىل سە
مىلىز «غۇرۇر - پەزىلەتنىڭ قۇدرىتى» دېگەن ئەسرىدە مۇنداق
دېگەن:

«مەن سېنىڭ كىمگە چوقۇنغانلىقىڭدىن سېنىڭ كىملىكىڭ
گە ھۆكۈم چىقىرىمەن. كەم دېگەندىمۇ سېنىڭدىكى يوشۇرۇنلۇق
نى، قىزىقىشنى ۋە پەزىلەتنى بىلىۋالىمەن. رەزىل ئادەملەرگ
چوقۇنساڭ، سەنمۇ رەزىلسەن، نام - ئاتاققا چوقۇنساڭ خۇشامەت
چىسەن، ساداقەت، باتۇر ۋە جەسۇر ئادەمگە چوقۇنساڭ، سەنمۇ
ساداقەت، باتۇر ۋە جەسۇر ئادەمسەن.»

دېمەك، بىز قانداق ئادەم بولۇشتا خېلى كۆپ ھاللاردا
تاللىۋالغان ئۆلگىلىرىمىزنىڭ مېۋىسى بولۇپ قالىمىز. بىز
كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۆزىمىزگە يۇقىرىقىدەك ياخشى ئۆلگە-
لەرنى تىكلەپ جەمئىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر ھەم قانۇنىي ئەزاسى بو-
لۇشقا تىرىشىپلا قالماستىن، بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى بىلەن
ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان تۈرلۈك خۇراپىيلىقلاردىن
قول ئۈزۈپ ئىجادىي مۇھىت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدىغان ئىجاد-
چان ئادەملەرنى ئۆلگە قىلغاندىلا، ئاندىن بەرپاچىلىق تەلىپىدە
كى ئىجادىي ئادەملەردىن بولالايمىز. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىجادىي
مۇھىت ھاسىل قىلغۇچى ئۆلگىلەر دەپ قاراۋاتقان ئالىملارنىڭ
خۇسۇسىيەت، پەزىلەت ھەم خىسلەتلىرى ئىجادىي مۇھىتنىڭ
ئۆلگىلىرىدۇر.

پۈتكۈل جەمئىيەت تارىخى بىزگە تەكرار ئۇقتۇرىدۇكى،
بىر مىللەتتىكى باتۇرلار، ئالىملار، يولباشچىلار شۇ مىللەتنىڭ
قەلبىدە ئوت بولۇپ ياندىغان مۇھەببەت ۋولقانى بولۇپلا قالماس-
تىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۆلگە بولىدىغان ئالىملار بىلەن
ئىنسانىيەت ئازادلىقىدا ئۆتۈق قازانغۇچىلارمۇ سەييارىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ يۇرۇشلىرىدە ئىجادىيەتنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇر-
غۇچىلاردۇر. غۇرۇرلۇق ۋە تالانتلىق شەخسلەردىن ھاسىل بول-
غان ئەنە شۇنداق كۈچ ھەربىر خەلقتىكى باتۇرلۇق، ھاياجان ۋە
سەممىيەتنى ئويغىتىدۇ. ئۇلاردىكى جامائەتكە ئوخشىمايدىغان
ھەربىر كۆز قاراش ھەر قاچان باتۇرلار ۋە غازىلارنى ئەھميا
قىلىدۇ. . . ئۇلۇغ روھ ھەرقاچان نۇر چاچار قۇياشتۇر. ئۇ
كۈچ ھاسىل قىلىپلا قالماي، كۈچنى كۈچكە ئۇلاپ پۈتۈن خەلق-
نىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئىجاد قىلىدۇ. شۇڭا، ئىتالىيانلاردا
دانتى مەيدانغا كېلىشى بىلەن پېتراركا، بوكاچچودەك بىر تالاي
ئۇلۇغ ئادەملەر مەيدانغا كەلگەن. ئېيىنشتېيىن ئۆلگىسى بىلەن
مىڭلاپ يەھۇدىي ئالىم بولغان، فارابى، يۈسۈپ، مەھمۇد، نەۋا-
ئىيلارنىڭ ئۆلگىلىك ئىجادىيىتى بىلەن بىزنىڭ مەدەنىيەت گې-
نىمىز داۋاملاشقان، ئۇلارنىڭ پىسخىك پەزىلەتلىرى بەرپاچىلىق-
نىڭ ئىجادكارى بولىمەن دەيدىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن نۇرلى-
نىپ تۇرىدىغان ئۆلگىدۇر. كىمدە - كىم بىلىم ئىگىلىكىنىڭ
بەرپاچىلىق سەھنىسىدىن غىل - پال قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان
ئۆتكۈنچى بولماي، تەكرار كۆرۈنىدىغان ياخشى نەتىجىلەرگە ئې-
رىشىپ، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ بەرپاچىلىق پائالىيەتلىرىدە ئۆتۈپ
چىققالايدىغان ئىجادكارلارنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىدە بىر پۈتۈن ھالەت-
تە تۇرغۇزىمەن دېسە، ئىجادىيـەت يولىنى توسۇپ ياتقان يولۋاس -
يامان ئۆلگىلەرنى، پىسخىك ئاجىزلىقلارنى مەغلۇپ قىلىدىغان
دائىمىي جاسارەت ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى، سەرخىللار -
ئالاھىدە تالانتلار، ئالىم، ئىختىراچى، پەن - تېخنىكىنى ئا-
ساس قىلغان كارخانىچىلار ۋۇجۇدىدىن بىزگە ئۆلگە بولۇپ نۇر-
لىنىدىغان ئىجادىي خاسلىق ۋە پىسخىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە
ئۆلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، ئىمكانى-
يەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇزاقچە بو-
شاشماستىن چېنىقىشى كېرەك.

## Ⅱ سەرخىللار ياكى ئالاھىدە تالانتلار

ھازىر ئىنسانىيەت بىلىم ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئاساس قىلغان يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا سانائىتى بىلەن بازاردىن تەركىب تاپقان ئەقلىي ئىقتىدار ئىگىلىكى (بىلىم ئىگىلىكى) دەۋرىگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئىگىلىكنىڭ تازا باش كۆتۈرگەن ئامې-رىكا كىرىمىنى جىلغىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا سودىسى بىلەن شۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن چېپىۋاتقان باشقا جايلاردىكى جىد-دىي ئىلمىي رىقابەت كىشىلەرگە ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە ئادەمدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ دەۋرىمىزدە ھەل قىلغۇچ رول ئېلىۋاتقانلىقىنى، ئىجادىيەت ۋە ئىجادكارلارنىڭ ئىلغار مەدەنى-يەت، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەممىسىنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى تونۇتۇپ قويماقتا. شۇ-نىڭ بىلەن بىللە بىلىمنى ئازاد قىلىشقا، تالانتنى ئازاد قىلىشقا، ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئازاد قىلىشقا ئۇيغۇن ئىشلەپچى-قىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئۇستقۇرۇلما ئورنىتىشنى ھەر قانداق بىر رايون ۋە دۆلەتكە تەقەززا قىلىپ قويماقتا. بۇنىڭ بىلەن ئىجادى-يەتنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان سەر خىل كىشىلەر — ئالاھىدە تالانتلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئىجا-دىي مۇھىت ھاسىل قىلىشتىكى مۇھىم تېمىغا ئايلىنىپ، بۇ تەتقىقات ئىگىلىكى روناق تاپقان ئىلغار ئەللەرنىڭ تەتقىقاتىنى ئۇلگە قىلغان ھالدا غۇلاچ يايماقتا. بۇنداق ئىكەن، دۇنيانىڭ سەرخىللار — ئالاھىدە تالانتلار ھەققىدىكى قارىشى نېمە؟ ئۇنى بىز قانداق ئۈزلەشتۈرىمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

## 1. ئالاھىدە تالانتنىڭ تەبىرى

ئالاھىدە تالانت ئېلىمىزنىڭ تەتقىقاتىدا تالانت قاتلىمىنىڭ يۇقىرىسى بولۇپ، بۇ خەلقئارا ئىلىم - پەن تەتقىقاتى گېنىئاللىق (Genius) نىڭ جۇڭگوچە ئاتىلىشىدۇر. گېنىئاللىقنى يەنى ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنىڭ مەشھۇر نەتىجە قازىنىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (روسىيە ۋە ئەزەر بەيجان)، ياپونىيە قاتارلىق باي، مەدەنىي دۆلەتلەردە XX ئەسىردە ئەۋجىگە چىققان زور بىر ساھە بولۇپ، بۇ تەتقىقات شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئالىم مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئىجادىي مۇھىت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق خەلقئارالىق رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشتىكى چوڭ ئىستراتېگىيىسىدۇر. ئېلىمىزدە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھازىرقى كۈندە مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بۇ نەزەرىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ تالانتشۇناسلىق ساھەسىدە قولغا ئېلىندى. ئەمما ئۇ تالانتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى، مەشھۇر نەتىجە قازانغانلار ئۈستىدىكى تەتقىقات بولغانلىقتىن، ئېلىمىزدىكى تالانتشۇناسلىقنىڭ بىر بۆلىكى بولىدۇكى، شۇ پەننىڭ ئۆزى بولالمايدۇ.

ئەسلىدە ئالاھىدە تالانتلارنى تەتقىق قىلىش خاسلىق پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىش تارىخى بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 1870 - يىلدىن 1907 - يىلغىچە ئەنگلىيە ئالىملىرىدىن گالتوننىڭ «ئىرسىيەتلىك گېنىئاللار» دېگەن ئەسىرى بىلەن سپېرماننىڭ «ئومۇمىي ئەقلىي قابىلىيەت» تەلىماتىنى بايراق قىلدى؛ ئىككىنچى باسقۇچى 1908 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە فروييدنىڭ «مەدەنىيلەشكەن جىنسىي ئەخلاق ۋە زامانىمىزدىكى روھىي جىددىيلىك»، «شائىر ۋە كۈندۈزدە

چۈش كۆرۈش» ئەسەرلىرىنى بايراق قىلدى؛ ئۈچىنچى باسقۇچى 1950 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە گيولفوردنىڭ «ئىجادچانلىق» دېگەن ئىلمىي دوكلاتى بىلەن توررانسنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر تەجرىبىسىنى بايراق قىلدى؛ 1970 ـ يىلدىن هازىرغىچە خاسلىق سىستېمىسىنى ـ ئىجادىيەتكە يارامىلىق بولغان خاسلىق ساغلاملىقىنى تەتقىق قىلىشنى بايراق قىلىپ، ماسلوۋنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق ئالاھىدە تالانت ياكى گېنىئاللىقنى ئېچىپ بېرىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ باسقۇچلاردىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن تالاش ـ تارتىشلارنى قېلىنراق كىتابلار ئارقىلىق ئۆگىنىشكە قالدۇرۇپ، نان تېگىدىغان يەرنى تۇتىدىغان بولساق، ئېلىمىزنىڭ تالانتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا گېنىئاللىقنى تەتقىق قىلىشتا ۋەكىللىك خاراكتېرى بار دەپ قارالغان ئادەم كالفورنىيىلىك پسىخولوگ ئالبېرت بولۇپ، ئۇ «تارىخ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئالاھىدە تالانتنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر جىددىي تەتقىقات ساھەسى شەكىللەندى، بۇ تەتقىقات ساھەسى مەركەزلىك هالدا مەشھۇر نەتىجە قازانغانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر نەتىجە قازىنىشىغا ھەمدەم بولىدىغان ئامىللار بىلەن كەچۈرمىشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلىرى ئارقىسىدا توختالغان نۇقتىئىنەزەرنى تونۇشتۇرغاندا ئىز قوغلاش ۋە سېلىشتۇرما قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئەڭ زۆرۈر بولغىنى نورماللىقتىن هالقىغان گېنىئال باللار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ئۈستىدە ئىز قوغلاپ تەتقىقات يۈرگۈزۈش كېرەك. چۈنكى، بۇلارنىڭ كەلگۈسىدە مەشھۇر شەخسلەر كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ مول بۇلاق ئىكەنلىكى روشەن. يىراقنى نەزەردە تۇتقاندا، پەقەت مۇشۇنداق تەتقىقاتلا گېنىئال باللار تەرەققىياتىنى نېمىنىڭ ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى ۋە نېمىنىڭ ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەتقىقات بولمايدىكەن، تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك مەلۇم ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى بىلىملەر پارچە - پۇرات بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، خالاس». (جىجياڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى نەشر قىلىنغان «گېنىئاللار ۋە مەشھۇر نەتىجىلەر» نىڭ خەنزۇچە 40 - بېتىدىن ئېلىندى.)

سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۈستىدە توختىلىپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «گېنىئاللار ئۈستىدىكى تەتقىقات مەشھۇر ئادەملەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ۋە كەسپىي ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق بىلىملەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. لېكىن ئوخشاش بىر ساھە ياكى كەسىپتە مەشھۇر نەتىجە قازىنالمىغان ئادەملەر ھەققىدە بىزگە ھېچنېمە دەپ بەرمىدى. گېنىئال ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئەگەر يېتەرلىك تىزگىنلەش گۇرۇپپىسى ۋە توغرا لىنىيىلىك تەتقىقات پىلانى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بىز بىر ئادەمنىڭ كەسپىي ھاياتىدا ئۇتۇق قازىنىشى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالماسلىقىدىكى ئامىللار بىلەن كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە باشتىن - ئاخىر ماھىيەتلىك بىلىمگە ئېرىشەلمەيمىز.» (يۇقىرىدىكى كىتاب 31 -، 32 - بەتلەر).

ئالبېرتنىڭ توختالغان بۇ نۇقتىئىنەزەرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئۇ گېنىئاللىق — ئالاھىدە تالانت ھادىسىسىنى بارلىق خىيالپەرەسلىك، تەقدىرچىلىك، مەۋھۇم نەزەرىيىچىلىك، ساختا شۆھرەت قوغلىشىدىغان قۇرۇق دىپلوم، نام - مەنپەئەتپەرەسلىك ئېقىملىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ چىقىپ، تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت ھالىتىدە تەسۋىرلىگەن. مەشھۇر نەتىجە قازانغان ياكى قازانمىغانلىقنى ئاساسلىق ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، يۇرتى، خەلقى، ۋەتىنى، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇش يولى بىلەن گەۋدىلىنىپ چىقمىغانلارنى ئالاھىدە تالانت دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئەمەلىيەتچانلىق روھى ھازىرقى ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدى-

كى ئالىملارنى تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈش، ئالدىنقى قاتاردىكى ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن بولۇپ، بىزنىڭ ئالاھىدە تالانتلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇ تالانتقا تەبىر بەرگەندە، ئالدى بىلەن تارىختا ھۆرمەت قىلىپ، گالتون بىلەن فرويىدنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان: ئالاھىدە تالانت يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئومۇمىي قابىلىيەتلەر بىلەن ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغان، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، يۈكسەك شەخسىي تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكى، يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئومۇمىي قابىلىيەتلەر بىلەن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان شەخستە خاس بولىدىغان مۇددىئا گېنىئاللارنىڭ سەۋىيىسىنى، ئىجادىيەت ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ساپا شەرتىدۇر. ئالبېرتنىڭ بۇ يەكۈنىدە ئالاھىدە تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىككى تۈرلۈك ساپا شەرتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسا، بۇلارنىڭ بىرى، يۈكسەك تەرەققىي قىلغان قابىلىيەت، يەنە بىرى، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان شەخستە خاس بولىدىغان تىرىشچانلىق بىلەن مۇددىئادۇر.

بۇ تەبىردىن كېيىن ئالبېرت ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا ئىجادىي ھەرىكەت، مەشھۇر نەتىجە، كۈچلۈك تەسىر قاتارلىق ئامىللارنى تەكىتلىدى.


ئىجادىي ھەرىكەت دېگەندە، ئۇنى ئالاھىدە تالانتنىڭ ئاچقۇچى دەپ قاراپ، گېنىئاللارنىڭ ئىجادىيەتلىرى سان جەھەتتە خېلى كۆپ بولىدۇ، ئالاھىدە تۆھپە قوشىدىغان ۋاقتى ئۇزاق بولىدۇ، ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە باشقىلار ئويلىمىغان مەزمۇنلار بولىدۇ. ئالاھىدە تالانتنىڭ ئادەتتىكى تالانتقا ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىدىكى ئۈستۈنلۈك بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ سان جەھەتتە كۆپلۈكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرداشلىق بېرىش ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى، سۇپىتىنىڭ ئۇستۈن، يېڭىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەتتىكى تالانتلاردىن تېخىمۇ بۇرۇن، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئۇزاق، تېخىمۇ ياخشى ئىجاد قىلىدۇ، دېدى. مەشھۇر نەتىجە دېگەندە، ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ھەرىكەت مەشھۇر نەتىجە قازىنىشنىڭ ئاساسى ۋە شەرتى، مەشھۇر نەتىجە ئالاھىدە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئەمەلىيەتتە گەۋدىلىنىشى، دېدى. تەسىرى كۈچلۈك دېگەندە، ئالاھىدە تالانتتا تۆت تۈرلۈك «تېخىمۇ» بولۇشتىن باشقا، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بولىدۇ، دەپ قارىدى. تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقى مەشھۇر نەتىجىنىڭ تىكلىنىش - تىكلەنمەسلىكىدىكى ھالقا بولۇپ، تەسىرنى مۇنۇ تەرەپلەردىن باھالاش مۇمكىن: ① نەقىل قىلىنىش ۋە تەتبىقلىنىش ئەھۋالى؛ ② بىلىم، مەدەنىيەت، مائارىپ، سىياسىي قاتلاملارغا تەسىر قىلىش ئەھۋالى؛ ③ تەسىر كۆرستىش كىشىلەرنىڭ مەقسىتى ئەمەس، بەلكى خىزمەتنىڭ يىغىندىسى، ئۇنىڭغا كىشىلەر ھەر خىل پوزىتسىيە تۇتۇشى مۇمكىن؛ ④ تەسىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تالانتلارنىڭ خىزمەتلىرى جامائەتكە ئاشكارىلىنىشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى، ئەكس تەسىر پەيدا قىلىشى، تەكشۈرۈلۈشى، كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىشى كېرەك. ئالبېرت بۇ قاراشلىرىنى تېخىمۇ يىغىنچاقلاپ: ئالاھىدە تالانت شۇنداق بىر ئادەمكى، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق بىر ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى زور بىر تۈركۈم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ تەتقىقاتلار نۇرغۇن يىللار نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەسىر پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن.

ئالبېرتنىڭ يۇقىرىدىكى بايانلىرى ئاساسىدا ئالاھىدە تالانت ياكى گېنىئاللارنىڭ ساپا شەرتى ۋە ئاچقۇچلۇق خۇسۇسىيەتلىرى-

...نى مۇنداق خەرىتىلەشتۇرۇش مۇمكىن:




ئالبېرتىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن بۇ ساھەدىكى داڭدار ئالىملار-نىڭ قاراشلىرى ۋە بۇ قاراشلارنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىشىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرگەندە، ئالاھىدە تالانت ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى تۇغما ساپا ۋە قابىلىيىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ساغلام خاس-لىقىنىڭ — ئىجادچانلىقنىڭ ئادەم ۋۇجۇدىدا تەڭكەش ئۆسۈپ بېرىشىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇ گەرچە بىلىش ۋە ئىجتىمائىي كاتېگورىيىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن، ئەڭ ئەلا بولغان تۇغما شەرتلەر ئاستىدا ئېچىلغان ئەڭ يارقىن گۈلدۇر. ئۇلار ئىقتىدار تەرەققىياتىنىڭ زىيادە يۈكسەك ۋە مۇكەممەل بولغانلىقى بىلەن مەشھۇر ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ، ئىجادىي مېۋىلىرىنىڭ باتۇرلۇق خاراكتېرى ۋە موللۇقى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، ئانا ۋەتىنى، قان قېرىنداش خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇ-ھىم تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن ئىنسانىيەت ئالىمىدە مۇھەببەت شارابىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەشھۇر نەتىجە قازىنىشىدا ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتى، ئائىلە تەربىيىسىنى كۆپ كۆرۈ-شى، ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشى قاتارلىقلار رول ئوينىسىمۇ، ئالاھىدە تالانتلاردا بولىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئاممىسى

تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت تاكتىكىسى قاتارلىقلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنداق بولسا، ئالاھىدە تالانتلاردا نورمال تالانتلاردىن پەرقلىنىدىغان قانداق خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ؟

## 2. ئالاھىدە تالانتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

تالانت بىلەن ئالاھىدە تالانت ئېگىزلىك تەرەپلەردىن ئوخشاشلىقتا ئىگە بولسىمۇ، ئالاھىدە تالانتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئۆزگىچىلىكنى بىلىش جەمئىيەتتە ئىجادىي مۇھىت ھاسىل قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجادىي تەربىيىلىنىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدۇر. ئالايلۇق، ئىجادىيەت جەريانىدا ئالاھىدە تالانت بىلەن دانىشمەنلەر قاتارىدا باش كۆتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى قوزغاشنىڭ نورمال ئادەملەردە، بولۇپمۇ ئىجادىيەت تەرىپىدە كۆپ تەربىيە كۆرۈپ ئەتراپلىق تەييارلانمىغان ئادەملەردە تەسكە چۈشۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ خۇددى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قويسىلا مېڭىپ كېتىدىغان ماشىنا ۋە ياكى تاشقى مۇھىتقا توغرىلاپ قويسىلا ئۆزلۈكىدىن سۈرەتكە ئالىدىغان ئاپتوماتىك فوتو ئاپپارات ئورنىتىپ قويۇلغاندەك تۇرغانلىقىنى، مۇنداق ھالەتنىڭ ئۇلارنى تەسەۋۋۇرلارنى قوبۇل قىلىپ بىرتەرەپ قىلىدىغان خىزمەت ئاپپاراتىغا ئوخشاش جانلىق ۋە دادىل ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق، مۇزات بىر تىنىقتىلا تەسىرلىك كۈي ئىجاد قىلغان. مەن بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى بەزى ئالىملار كېلەچەكنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ي دەپ تەرىپلىگەن «رابىيە ـ سەئىدى» دەك ھەيۋەتلىك تارىخىي داستاننى ئەھمەت زىيائىينىڭ قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىپ سالامەتلىكى ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەندە يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ چىققانلىقىنى كۆرگەنمەن. 1998 ـ يىل 10 ـ ئايدا رەسسام مىرزا غازى ئەمەت قەشقەردە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» دۆلەت

ياغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇل-غانلىقىنىڭ 980 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى مۇن-بىرىگە ئېسىلغان ئالىمنىڭ ئۆلچەملىك پورترېتىنى دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سىزىپ چىقتى ۋە مۇھاكىمە جەريانىدىكى تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئاساسەن بىر ئاخشامدىلا يىغىن ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىدىغان دەرىجىدە ئۆلچەملەشتۈرۈپ يە-غىن مۇنبىرىگە ئېسىپ قويدى. مەملىكىتىمىزنىڭ جاي - جاي-لىرىدىن كەلگەن ئالىملار ئۇنىڭدىكى چېۋەرلىككە سۆيۈنۈپ گۇلدۇراس ئالقىش ياڭراتتى. باشقىلارچۇ؟ باشقىلارنىڭ ئىجاد قىلىشى يۇقىرىقىلاردىن ناھايىتى تەس، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

1) ئالاھىدە تالانتلارنىڭ مېڭىسى ئۆزگىچە بولىدۇ

ھازىرقى زامان نېرۋا مورفولوگىيىسىنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ئادەملەرنىڭ چوڭ مېڭىسى ئاناتومىيىلىك ئىندىۋىدۇئال پەرق-لەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ مىكرولۇق تۈزۈلمىسىدىكى پەرقلە-رى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. مېڭە توقۇلمىلىرىنىڭ مىكرو گورى-زونتاللىق دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىندىۋىدنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىكى پەرقلىرىمۇ تاناسىپلىق دەرىجىدە ئۆسىدۇ، يەنى ئۆسۈكچىلەر تېگىشمىسى (نېۋرونلار ئارىسىدىكى ئۇچۇر يەتكۈزۈش تۈزۈلمىسى) بىلەن سۇس نېۋرونلار (ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىلىرى) نىڭ گورىزونتاللىقتىكى پەرقلىرى نېۋ-رونلارنىڭكىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭ بولىدۇ. مېڭىنىڭ تۈ-زۈلمىسىدىكى پەرقلەر فۇنكسىيىدە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنىڭ بى-لەن ئىندىۋىدنىڭ چوڭ مېڭە تۈزۈلمىسىدىكى پەرق تۈرلىرى مۇقەررەر ھالدا پسىخىكىلىق پەرق تۈرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت-لىك بولىدۇ. بۇ ئىندىۋىد ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ زىيادە كەملە-كى ۋە غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلىرى جەھەتتىكى پەرقلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېڭىنىڭ مۇشۇنداق ئاناتومىيىلىك پەرقلىرىگە ئاساسەن، ئالىملار: ئادەمنىڭ ئالاھىدە تالانتى فىزىئولوگىيە-

لىك ئاملىلارنىڭ تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتىكى پەرقلىرى ئالاھىدە تالانتنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىق ياكى پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك تۈزۈلمە جەھەتتىكى شەرتلەر ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئالدىنقى شەرت بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەقلىي پەرقتىكى ئالاھىدە ئەھۋال سۈپىتىدە ئەمەلىي تۇرمۇشتا دائىم ئىقتىدارى باشقا بالىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بالىلارنى، يەنى ئاتالمىش «دانىشمەن بالا» لارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئالايلۇق، ئىتالىيىلىك شائىر دانتى توققۇز يېشىدا شېئىر يازغان. ئاۋستىرىيىلىك كومپوزىتور مۇزات ئالتە يېشىدا مۇزىكىلىق ئولتۇرۇشنىڭ باش رولچىلىقىنى ئۆتىگەن. گېرمانىيىلىك كومپوزىتور بىتخوۋىن 13 يېشىدا ئۈچ ئاھاڭلىق مۇزىكا ئىجاد قىلغان. فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ۋە ئالىم پاسكار 13 يېشىدا مۇتەپەككۇر بولۇپ قالغان. ئەنگلىيىلىك ماتېماتىك خامىلتون بەش يېشىدا لاتىن يېزىقى، گرېك يېزىقى ۋە ئىبراي يېزىقلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. ئىبنى سىنا ئۆلىما دادىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 5 يېشىدا دەرس سېتكىسى بويىچە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، 10 يېشىدا «قۇرئان كەرىم» نى يادقا ئېلىپ مۇرەتتەپ قارى بولۇپ بولغان. نەۋائى ئالتە يېشىدا شېئىرىي بەزمىگە قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكى گەرچە ئاساسلىقى، كىچىككىدىكى قالتىس تەربىيە — ئائىلە تەربىيىسى ۋە ياخشى يېتىلىش مۇھىتىدىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن زېھنىي ئامىلنىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالمىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بىر مۇنچە مەشھۇر ئادەملەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 140 تىن ئۈستۈن بولۇپ، بۇنداق ئادەملەر باشقىلاردىن تۇغما ئۈستۈنلۈككە ئىگە. فرانكىلىننىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 160، گالىلېينىڭ 185، نيۇتوننىڭ 190، دېكارتنىڭ 210، كانتنىڭ

190، لىنكولىنىنىڭ 150، ناپالىئونىنىڭ 145، داۋىنچىنىنىڭ 180، مۇزاتىنىڭ 165، گىيوتىنىڭ 410، ۋولتىرنىڭ 190 بولغان، بۇلارنى قانداق ئىنكار قىلغىلى بولسۇن؟

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بىز ناھايىتى ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى زۇڭتۇڭى لىنكولىنىنىڭ خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ 50 ياشلاردا 30 يىل بۇرۇن بىر قېتىم كۆرۈشۈپ سۆزلەشكەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى دەل ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى كۆردۇق.

يۇرتىمىزغا نەزەر سالساق، قەشقەرنىڭ كەنجى قازىسى ئىمىر ھۈسەيىن ئاخۇنۇمنىڭ ئۆزى يازغان نەچچە مىڭ كۇپلېتلىق داستانلىرىنى 90 ياشلاردىمۇ جاراڭلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەنلىكىنىمۇ ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغانىمىز.

1978 - يىلى ئامېرىكىلىق كەننام ھاكىت دېگەن بالىنىڭ تىلى ئالتە ئايلىق بولغاندا چىققانلىقىنى، ئۈچ ياشتا كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەنلىكىنى، ئالتە ياشتا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ يىل ئىچىدە تولۇقسىزنىڭ دەرسلىكلىرىنىمۇ قوشۇپ ئوقۇپ بولغانلىقىنى، يەتتە ياشتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسىنى باشلاپ، 11 ياشتا ئامېرىكىنىڭ مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدۇق. بۇلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدە تۇغما ئەقلىي قابىلىيەتتە زىيادە بولغانلىقى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. 1977 - يىلى شەخسىي پۇلىغا «جەنتەنىيۇنىڭ تەرجىمىھالى» نى نەشر قىلدۇرغان 12 ياشلىق ياپون تەرجىمانى سانلون گۇڭپەننىڭ زېھنىي بۇلۇنمىسى ئالتە ياشتا 196 گە يەتكەن بولۇپ، نامىنى ئاتاۋاتقان بۇ كىتابنى 1 - سىنىپتىن باشلاپ رادىئو ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغان خەنزۇ تىل سەۋىيىسى بويىچە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ 12 ياشتىكى بۇ تەرجىمە ئىجادىيىتى كىتاب بولۇپ، جۇڭگو ۋە ياپونىيىلىكلەردە ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەقلىي زىيادىلىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. بۇنداق زىيادىلىك تارىخنىڭ ئوخشاشمىغان باسقۇچلىرىدا تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ھازىرمۇ دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا تۈرلۈك شەكىللەردە ئىپادىلەنمەكتە.

— ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ نېرۋا توقۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ، بىر قەدەر يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئۇچۇر تارقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ، — دەيدۇ تالانتشۇناس ساۋون بىگىل، — مەسىلەن، دوكتورلارنىڭ نېرۋا توقۇلمىسى ئەنە شۇنداق قويۇق ھەم مۇرەككەپ بولسا، ئوقۇشتىن يېرىم يولدا چېكىنىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېرۋا توقۇلمىسى شالاڭ ۋە تۆۋەن ئۈنۈملۈك بولىدۇ. سىرىكىل كالفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن مارىيان دىمود خانىم ئېينىشتېيىننىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ئۆسۈكچىلەر يېپىشقىقى — نېرۋىلاردىكى ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى تېزلەتىدىغان مېڭە ھۈجەيرىسى ئۆزى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن 11 ئادەمگە قارىغاندا تۆت ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بىر قەدەر ياخشى بولغان نېرۋا توقۇلمىسى ئېينىشتېيىننىڭ ۋە يۇقىرىدىكى بەزى ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ ئالاھىدە تالانت بولۇپ چىقىشىدىكى بىر سەۋەب دېسەك بولامدۇ — يوق؟

2) ئالاھىدە تالانتلاردا پسىخىك پەزىلەت ئۈستۈنلۈكى بولىدۇ

بىز تالانت تارىخىغا قارايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ يالغۇز ئەقلىي زىيادىلىكىگە تايىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا ئاجايىپ زور غايىۋى ئىستەكلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى كۆرىمىز. ئالايلۇق، ئېدىسون: «چوڭ بولسام دۇنياۋى ئىشتىن بىرنى قىلىمەن» دېگەن ئىستەكتە بولغان بولسا، فارابى: «پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياشايمەن»

دېگەن ئىستەكتە بولغان. مەھمۇت قەشقىرى بىلەن نەۋائى تۈرك
تىلىنىڭ باي ۋە ئۇلۇغلۇقىنى دۇنياغا تونۇتىمەن دېگەن ئىستەكتە
بولغان. سۇن جۇڭشەن «كۈرەش قىلغانلار كۈچىيىپ غولداش،
كۈرەش قىلمىغانلار ئاجىزلاپ يوقىلىش دۇنيانىڭ ئورتاق قانۇ-
نى، مەن جۇڭگونى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن» دېگەن
ئىستەكتە بولغان. ماۋزېدۇڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چاغلىرى-
دىن باشلاپلا: «جۇڭگو ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەن
ئىستەك بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەن، يەنى ماۋزېدۇڭ، جۇئىنلەي-
دەك ئۇلۇغ سىياسىئونلار ياكى فارابى، ئېدىسون، ئېينىشتې-
يىن، فرويىد، مۇزات، ماسلوۋ، مەھمۇت ھەم نەۋائىدەك ئۇ-
لۇغ ئالىملار بولسۇن، ئۇلاردا ئەقلىي زىيادىلىك ئالامەتلىرىدىن
باشقا يەنە باشقىلاردىن نۇرغۇن دەرىجىدە ھالقىپ تۇرىدىغان غايە،
پەزىلەت، غۇرۇر ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈلگەن. بىز
يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سىياسىئونلارنىڭ ھايات ئىزلىرىنى تەك-
شۈرگىنىمىزدە، ئۇلاردا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا مېھنەتكەش
خەلققە ھېسداشلىق قىلىش، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلارغا
قويۇق قىزىقىشتا بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. ماۋزېدۇڭ،
ئېينىشتېيىن، فرويىد قاتارلىقلاردا كىچىكىدىن باشلاپلا ئېلى-
شىش خاراكتېرى، باشقىلاردا كەم كۆرۈلىدىغان ئىرادە قۇدرىتى
ۋە مۇستەقىلچىلىك خاسلىقى كۆرۈلگەن. ئۇلار دۇنياغا كۆز
ئاچقاندا ياكى ئۆز خەلقىنىڭ غۇربەت تۇرمۇشىدىن ئېچىنغان،
ئۆز ۋەتىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرگە غەزەپلەنگەن ياكى
رېئال يۈرگۈزۈلۈۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈمدىكى چىرىكلىك كەل-
تۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يامان ئاقىۋەتلەرگە نەپرەتلەنگەن. بۇنىڭ
بىلەن ئۇلاردا جاھاننى تۈزەش ھېسسىياتى، مىللەتنى قۇتۇلدۇ-
رۇش ھېسسىياتى باشقىلاردىن بۇرۇن يېتىلگەن. مەسىلەن،
فرويىد بىلەن ئېينىشتېيىن يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا بويىچە خور-
لۇققا ئۇچرىشىغا ئېچىنىپ، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇ-

روپ، مىللىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەھۇدىي-لارنىڭ غۇرۇرىنى دۇنياغا تونۇتۇپ قويۇش يولىدا ئىلمىي جە-ھەتتە ئىلىشىش ئىرادىسىگە كەلگەن.

مانا مۇنداق ئالامەتلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلگەن غەيـ-رىي ئەقلىي ئامىللار زىيادىلىكى بولۇپ، بۇنداق زىيادىلىكمۇ تالانتنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەقلىي زىيادىلىككە ياندىشىپ رول ئوينايدۇ. ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر ئادەمدە ئايرىمچە كۆرۈلىدىغان ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگە-چىلىك، يەنى خاسلىق ئالامەتلىرى يەنە ھەممە ئادەمدە مەۋجۇت بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ نوقۇل ھېسسىيات ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ئىكەن. دۇنياغا بىرىنچى ئۇستاز سۈپىتىدە تونۇلغان ئارستوتېل بۇنداق ھېسسى-ياتنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھەيران قېلىش ئادەمنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلىشقا يۈكسەلدۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈر-گۈچى كۈچ، ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇچرىغان ناتونۇش شەيئى-گە ھەيران قالىدۇ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئاي، يۇلتۇز، قۇ-ياشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ». بۇ ھەقتىكى تەلىمات ۋە ئەمەلىي پاكىت-لاردىن كۆرۈۋالايمىزكى، غەيرىي ئەقلى بولغان تۇغمىلىق ئاي-رىمچە ئەھۋاللار ئەمەس، بەلكى تالانتلىقلار، دانىشمەنلەردە ئالا-ھىدە گەۋدىلىك، ئېنىق كۆرۈلىدىغان ئادەتتىكى ئادەملەردىمۇ ئۆز ھالى بويىچە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تالانت ھادىسىسىدۇر.

تالانت بىلەن ئەقلىي زىيادىلىك باغلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەقلى زىيادە باللارنىڭ ھەممىسى تالانتلىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى تالانتنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك-تىن باشقا غەيرىي ئەقلىي پەزىلەتلەرنىڭ زىيادىلىكىگىمۇ موھتاج

بولغانلىقىدىندۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان تالانتلىق ئادەم-لەرنىڭ ھەممىسىدە ئەقلىي زىيادىلىك كۆرۈلمىگەن، بەزىلىرى-نىڭ ئەقلى نورمال بولغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى غەيرىي ئەق-لىي بولغان پەزىلەتلەر گەۋدىسى جەھەتتە زىيادە بولغان. كىچىك ۋاقتىدا ئەقلى زىيادە بولغان بەزى باللارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تالانتلىق ئادەم بولالماسلىقى ئەنە شۇنداق غەيرىي ئەقلىي پەزىلەت-لەر جەھەتتىمۇ زىيادە بولالمىغانلىقى، ئېينىشتېيندەك «تەبى-ئەت سىرلىرىنى ئېچىش جەھەتتە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىستەك» تە بولمىغانلىقى، جۇئېنلەيدەك «جۇڭخۇانىڭ باش كۆتۈرۈشى» ئۈچۈن ئۆگىنىشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تالانتنىڭ ھەم ئەقلىي زىيادىلىككە، ھەم غەيرىي ئەقلىي زىيادىلىككە موھتاجلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تالانتنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە تە-سىر كۆرسىتىدىغان تۇغما ئامىللار ئەقلىي ۋە غەيرىي ئەقلىي جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ يەنە خىلمۇ خىللىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق كۆپ خىللىقنىڭ تۇغما قابىلىيەت-نىڭ ئەقلىي ساھەسىدە كۆپلىگەن ئىپادىلىرى بولۇپلا قالماس-تىن، غەيرىي ئەقلىي ساھەلەردىمۇ كۆپلىگەن ئىپادىلىرى بولى-دۇ ھەمدە بۇنداق ئىككى تەرەپتىكى تۇغمىلىقنىڭ ھەربىر ئادەم-دىكى ئىپادىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، تالانت تەتقىقاتىدا ھەربىر ئادەمدىكى ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك ۋە ئە-جادىيلىقنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

ئىستىخىيە دېگىنىمىز، بىر ئادەمنىڭ ئىچكى پەزىلەتلىرى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى تەسىراتلارنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ياكى تەرتىپكە كىرمىگەن ھالدا ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ نېرۋا تۈزۈلۈشىگە باغلىق بولىدۇ. مېڭە نېرۋولوگىيىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئۇسۇكچىلىرى ياكى ئۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۈكچە توقۇلمىلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇقىمسىز تۇتاشتۇرغۇچى قۇرۇلمىلار بولۇپ، بۇنداق مۇقىمسىز قۇرۇلمىلار تەبىئىي مېخانىزم سۈپىتىدە ئۈسۈكچىلەرنىڭ باغلىنىشلىرى ئۈچۈن تاللاش خاراكتېرىدىكى قاتارلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا كۆپ خىل ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدىكەن. ئەگەر بىر ئادەمدىكى بۇنداق ئىستىخىيە توسۇپ تۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىگە يول قويۇلمىسا ياكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىستىخىيىسى باشقىلارنىڭ تۈزۈپ بەرگەن ئەندىزىلىرىگە كىرگۈزۈپ قويۇلسا، ئىجادىي پىكىر قىلىشتا توسقۇنلۇق تۇغۇلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەربىر ئادەمدىكى بۇنداق ئىستىخىيىنى كىشىلەرنىڭ بەرپاچىلىق روھىنى ئاسراش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئاسرىشىمىز، ھە دېسىلا ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالماي، ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىدىكى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئاسرىشىمىز كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا، ئادەمدىكى ئىستىخىيىلىك قوزغىلىش، يېڭىلىقتا ئۆز خاھىشى بويىچە ئىنتىلىش ئاجىزلاپ، تەكرارلاشنىلا كۈتۈپ تۇرىدىغان پاسسىپ پسىخىكا ئۆسۈپ بارىدۇ - دە، تالانت ۋە ئالاھىدە تالانتلاردىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز ئامىللار كۆپىيىپ كېتىدۇ.

يېگانىلىق — ھەربىر ئادەمنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشتىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىنكاس نۇقتىسىنى، ھېسسىيات ئۇسۇلىنى، خىيال ئالاھىدىلىكىنى، ئىدىيە ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. يېگانىلىق ئىستىخىيىگە ئوخشىمايدىغان ھالدا بىر ئادەمدىكى سۇبيېكتىپ ئامىللارنى تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۇنى باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان شەخس قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ھەرىكەت ئۇسۇلى ۋە ھېسسىيات ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات ئوبرازىنى ئۆزى مونوپول

قىلىش، ئەركىن ھالدا ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولغان ھالدا تەرەققىي قىلىش، ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق ئۇسۇل ئىجتىمائىي تۈزۈملەر بىلەن مۇقەررەر يوسۇندا باغلىنىپ كېتىدۇ. جەمئىيەت ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ ھەربىر ئادەمدىكى مۇنداق يېتىلىشتە بولغان كەڭ قورساقلىقى ئۆزگىچىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

ئۆزگىچىلىك — ئىستىخىيىلىك تەپەككۇرنىمۇ، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىجادىي قابىلىيەتنىمۇ نۇرغۇن دەرىجىدە ئەركىن تۇرىدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئىجادىي قابىلىيەتكە ئوخشاش ئىجتىمائىي باھالاشلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆتۈرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان، ئۆزىنى ئۆزى يېتىلدۈرۈپ ماڭىدىغان بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق ئۆزگىچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى باغرى قاتتىقلىق قىلماستىن، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئەخلاقىي مۇھىتقا موھتاج بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشقا مۇراجىئەت قىلىدۇ، كىشىلەردە ئۆزگىچە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇنايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇنلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان پوزىتسىيىنىڭ بولۇشى تالانت ۋە تالانتلاردىكى ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ تولۇق جەۋلان قىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتتۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئادەمنىڭ تالانت كۆرسىتىشى يۇقىرىدىكى ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئۇ پەقەت (ئاز سانلىق ئەتراپلىق يېتىلگەن تالانتلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدە كارامەت كۆرسىتىدۇكى، ھەممە تەرىپىدە كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئاشۇنداق بىر تەرىپىنى گۈزەللىككە ئىگە قىلسىلا، تۇرمۇشىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، تۇرمۇشنى تالانتنىڭ بىر ئىلمىيلىقى سۈپىتىدە تولۇقلىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداق بىر ئادەمدىكى ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك باشقا ئادەمدە ئاسانلىقچە ئىپادىلەنمىگەنلىكتىن، ئەگەر ئۇ بېسـ- ۋېتىلسە، تۇرمۇشنىڭ شۇ تەرىپىدىكى گۈزەللىكتە كېپىللىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تالانت قوغلىشىش ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ياشاش ئالاھىدىلى- كى، ئۇسلۇبى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىدە ئاكتىپ پوزىتسىيىدە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان غۇرۇرغا ئىگە، ئەمەلىي نەتىجە بىلەن ئۆزىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە تەقەززا قىلىپ تۇرىدىغان جەمئىيەت بايلىقىدۇر.

ئەمما، ھەربىر تالانتقا ئىنتىلگۈچى ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك ئالىلىقانداق بىلەرمەنلىكنىڭ ۋە ياكى تەرسالىقنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپلىقنىڭ ئاساسىدۇر. كىشىلىك ھايات ھەرقاچان خۇشلۇق ھەم خاپىلىققا ھامىي بولىدۇ. ئادەمدىكى ھەرخىل كەيپىيات يېگانە مەيدانغا چىقماستىن، مەلۇم مۇھىت ياكى شەيـ- ئى، ئادەم بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا، مەيلى مۇسبىي كەيپىيات (ياكى ئۇنۇم بېرىدىغان ئاكتىپ كەيپىـ- يات ياكى پاسسىپ كەيپىيات) نىڭ تەسەللىسىدە، ئوتتۇراھال كەيپىيات (بىر ئىشقا پايدىسىمۇ تەگمەيدىغان، زىيىنىمۇ تەگمەيـ- دىغان كەيپىيات ھەرىكىتى) نىڭ تەسەللىسىدە، مەنپىي كەيپىـ- يات (تەھلىكە پەيدا قىلىدىغان) نىڭ تەسەللىسىدە، شۇنداقلا زىيانلىق كەيپىيات (ئېغىر زىيان ياكى ئوڭۇشسىزلىق كەلتۈـ- رۈپ چىقىرىدىغان) نىڭ تەسەللىسىدە بولسۇن، ئۆزىنىڭلا پايدا ـ زىيىنى ۋە ئايرىم تەسىراتلىرىنى ئاساس قىلىۋېلىپ، ئوبيېكتىپـ- لىقتىن ئايرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا، ئۆزىـ- نىڭ ئۆزگىچىلىكىنى باشقىلار ھۆزۈرلانغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈـ- زۈش ئۈچۈن، شۇ كەيپىياتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مۇناـ- سىۋەتلىك ئامىللارنىڭ ئومۇمىيىتىگە نەزەر تاشلاش كېرەك.

بۇنداقتا كۆڭۈلنى تەسكىن تاپتۇرۇپ، غەشلىكنى كۆتۈرۈۋېتىدە-
غان ۋە باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتلىيەلەيدىغان ئۇنۇم قازىنىشقا بولى-
دۇ. بۇ، بىر خىل پەلسەپىۋى پاراسەت نەزەرىدىكى ئۆزگىچە-
لىكنى ساقلاپ قالالايدىغان يۇقىرى قىياپەتتۇر، بولۇپمۇ ئىجتى-
مائىي ئەقىدە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ھەۋىسى، تۇرمۇش
ئادەتلىرى كۆندىن - كۈنگە تېزلىكتە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان
شارائىتتا يۈرەكنى داغلىماي تۇرۇپ تالانت كۆرسىتىشكە پايدى-
لىق ئىدىيىۋى تەييارلىقتۇر. بۇنداق بولمايدىكەن، جاھىلنى
بازار ئوڭلايدۇ دېگەندەك، بىزنىڭ ئۆزۈمچىلىكىمىزنى ھۆرمەت-
لەيدىغان جامائەت زېرىكىدۇ - دە، بىزنىڭ گېپىمىز چىققاندا
«بىلىمى بولسىمۇ جاھىل» ، «ئىجاد قىلالىغان بىلەن ھاكاۋۇر»
دېيىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، «يازىدۇ، ئەمما شەخسى-
يەتچى» ، «ئۆزىنى دەپ باشقىلارغا زامىن بولۇشتىن يانمايدىغان
ئۆكتەم» ، «ئۆز كەسپىدە ماھىر بولغان بىلەن مەردانىلار-
نى كولايدىغان سۇخەنچى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىزنىڭ جاما-
ئەت غېمىنى يەپ، تالانت چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان
ئۆزگىچىلىكىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ. بۇنداق جامائەت پىكرى
گەرچە تالانت شاخلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئۇشتۇۋېتەلمىگەن تەقدىر-
دىمۇ، نۇرغۇن قىممەتلىرىمىزنى ئۆلۈپ توگەشكەندە كېيىنكى
ئەۋلادلار مۇئەييەنلەشتۈرمىسە بولمايدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويى-
دۇ. شۇڭا، ئۆزگىچىلىكنى توجۇپلەپ يېتىشتۇرۇش، ئەمما
ئۇنىڭ كەلگۈسىدە مېۋە بېرىدىغان شاخلىرىنى قايرىۋېتىدىغان
ئىللەتلەرنىمۇ تۈزىتىپ مېڭىش كېرەك.

3) ئالاھىدە تالانتلاردا يېگانە مىجەز بولىدۇ

ئالاھىدە تالانتلار ئۈستىدە ئېيتىلىۋاتقان مىجەز تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى خۇي - پەيلى بولۇپ، ئۇ ئالاھىدىلىك ئۇلاردىكى ئۆزگىچىلىك، خاھىشچانلىق، يېگانىلىق، ئىستىخىيە يېنىدىن ئىنز قوغلاپ ماڭىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالايلۇق، بەزى ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەردە بىر يۇقىرىدا قەيت قىلغان ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە غەلىتە تەپەككۇر ئۇسۇلىمۇ بولىدۇ. تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى بۇنداق ئىستىخىيە، خاھىشچانلىق، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىكنى ئۆزگەرتىۋېتىش توغرا كەلسە، ھەتتا دۆلەت، مىللەت ئۇچۇن تۆلىنىۋالغىلى بولمايدىغان زىيانلارمۇ بولىدۇ. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ئىجادكارلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ غەلىتە خۇي - مىجەزى ۋە ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلانغان. بىر ماتېرىيالدا كۆرۈشۇمچە، نېمىس ئالىمى كانت يازغاندا دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يىراق - يىراقلاردىكى ئۇپۇققا نەزەر سالىدىكەن، ئۇنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى بىر تۈپ دەرەخ ئۆسۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يىراققا نەزەر تاشلاپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتى بۇزۇلۇپ، ئىجادىيىتى دەخلىگە ئۇچراپتۇ. شۇ چاغدىكى نېمىس پادىشاھى ئۇنىڭدىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ھال سوراپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھقا بۇ ئىش خەۋەر بولۇپتۇ - دە، پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پاكار دەرەختىن بىر تۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ يىراققا نەزەر تاشلاپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتىگە كاپالەتلىك قىپتۇ. پۇشكىن يېزىپ ئورنىدىن تۇرغاندا دەرەخزارلىقتا مېڭىپ يۈرۈپ ئويلىنىدىكەن. دەرەخزارلىققا بېرىپ ئويلانمىسا، تەپەككۇرى كۈچلۈك بولمايدىكەن. لۇشۈن ۋاقتى بولسىلا شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىدىكەن - دە، ئالدى بىلەن شىرە ئالدىدا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ كاللىسىنى يىغىدىكەن، ئاندىن تاماكىسىنى كۈچەپ شۈمۈرگەن ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتىدىكەن. بالزاك ھەرقاچان شام يورۇقىدا خىيال سۈرىدىكەن، ئويلىنىدىكەن، شام يورۇقىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ خىيالىي ئىجادىيىتى توسالغۇغا ئۇچرايدىكەن. جۇڭگونىڭ سۈڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ئوۋ ياڭشيۇ ھاجەتخانىغا

كىرگەندە مۇھىم تېمىلارنى ئويلىنىۋالىدىكەن، ئۇ، بۇ چاغدا كاللا ناھايىتى ئوچۇق بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. مۇزىكانت شۇبىرت ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كافېخانىدا ۋە ياكى قاۋاقخانىلاردا ئولتۇرۇپ كۈيلەرنى ئىجاد قىلىدىكەن، ئۇ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولغان يەردە تىنچلىقنىڭ، ئازادىلىكنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدۇ، شۇڭا، مەن تىنچسىز يەردە تىنچلىق بېغىشلايدىغان كۈيلەرنى ئىجاد قىلىمەن، دەپ قارايدىكەن. كولومبو ھەر قاچان ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىدىكەن. ئامېرىكا شائىرى رامپىرو يامغۇر ۋە قار يېغىۋاتقاندا يېڭى ئەسەرلىرىنىڭ لايىھىسىنى تۈزىدىكەن. ئۇ، مەن يامغۇر سۈيى ۋە قار ئۇچقۇنلىرى ئارقىلىق ئىلھاملىرىمنى سۇغۇرىمەن، دەيدىكەن. فۇسۇڭلىڭ كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ ئەسەرلىرىنى لايىھىلەيدىكەن. ئۇ، ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن جاھاننىڭ ئۇ قېتىدىن - بۇ قېتىغىچە سۆزلىشىپ تۇرۇپ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» نى پۈتتۈرگەنىكەن. ياپون ئىختىراچىسى گاۋ چياۋجې «خىيالغا چۆكۈش ئۇسۇلى» نى ئىجاد قىلغان. ئۇ: ئادەم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پىكىر - خىياللىرىنى بىر يەرگە يىغسا ۋە ھەممە نەرسىنى ئۇنۇتسا چوڭقۇر خىيالغا چۆمىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر جانلىنىدۇ، دەپ قارايدىكەن. قىسقىسى، ناھايىتى كۆپ ئالىم، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر خۇي - مىجەزى بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ خاسىيەتچانلىقى، ئىستىخىيىسى، يېگانىلىقى، ئۆزگىچىلىكىدىن ئۆسۈپ چىققان ياكى شۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە ياردەمچىلىك رول ئوينىغان. شۇڭا، ئالاھىدە تالانت مەسىلىسىدە بۇ نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇلارغا شۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىلھام بېرىش ئاقىللىقتۇر.

يەنە كېلىپ، ئىجادىيلىق دېگەن كىشىلەرنى غىدىقلاش ئار-

قىلىق كىشىلەردىكى سىقىلىش، ئىچى قايناش، بۇرۇقتۇم بو-لۇش، قىسقىسى، يامان ئىللەتلەر تۇپەيلى گەپ يوشۇرىدىغان قورقۇنچنى تۇگەتكەندىلا، تولۇق ئويغاق ھالەتكە كېلىدىغان، بىخ سۇرىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئۆزىگە تولۇق خوجايىن بولۇشنى، سىرلىق مەسىلە-لەرگە پىكىر يۈرگۈزۈشنى، باشلىقلىرى، ئۇستازلىرى ۋە ئۆزى-دىن چوڭ كاتتىلار بەلگىلىگەن ئىشلار ئۈستىدە كاللا ئىشلىتىپ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى، ئۆزىنىڭ تەكلىپ ـ لايىھىلى-رىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەققەت-تىن چېكىنمەسلىكنى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھەر ئا-دەمدىكى ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك مۇقەررەر يو-سۇندا تالانتنىڭ ھەر ئادەمدىكى ئەقلىي ياكى غەيرىي ئەقلىي ساھەنىڭ ئەسلى ئۇستۇنلۇكى بويىچە ئۇسۇپ بېرىشىغا پايدىلىق بولغان، قوغدىلىشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتى سانىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىم-كى، بۇنداق ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىك ھەممە ئا-دەمدە تولۇق ساغلاملىق ياكى ئەقلىي ھەم پەزىلەت جەھەتتىكى زىيادىلىك بولۇپ ئىپادىلەنمەستىن، پەرقلىق ئىپادىلىنىدۇ. بە-زىلەر ھە دېسىلا ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ئادەتتىكى ئادەملەرنى ئاشۇلارغا ئوخشىتىش ئۇ-چۇن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولمىغان رامكىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بۇنداق رامكىلارغا نارا-زى بولۇپ، تالانت يېتىلدۈرۈش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ ياكى ئۇنچىۋالا قاردىن ئاق، ئۇندىن پاك بولۇشقا كۆزى يەتمەي بوشىشىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ، بەزى يازغۇچى، شا-ئىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ياخشى بىر ئادەمنى يازماقچى بولسا، ئۇنى ھەممە تەرەپتە زىيادە ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى تەسىرلىك، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، كۆتۈرەڭگۈ،

باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى بېزەۋې-
رىپ ھەيۋەتلىك سۈرەت دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئادەتتى-
كى ئادەملەر بۇنى كۆرۈپ ئۇنداق بولۇپ بولغۇچە ھالى قالمايدى-
غانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، ئۇنداق ئادەملەردىن بولۇشنى-
خالىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسان تەبىئىتىدە بولىدىغان ئاجىزلىق-
لار ئۇلاردىمۇ بولۇپ، ئەقلى زىيادە ۋە ياكى پەزىلەتتە زىيادە
ئاتالغان ئادەملەرمۇ بەزى تەرەپلەردە مۇتلەق ئۈستۈن تۇرغان
بىلەن يەنە بەزى تەرەپلەردە ئەخمەق، بەدخەج؛ مەسئۇلىيەتسىز،
بىخۇد بولىدۇ، ئايرىملىرى ھەتتا جاھىللىق قىلىپ ئادەمنى
زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان، سۈنئىي ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىدىغان،
ساختا شۆھرەت ھەم كىبىر قىلىدىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ چوقى-
نى سوقىقاندا، بالا ـ چاقىسى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىغا كەلگەن-
دە پىت ئۇچەيلىك قىلىدىغان كەمتۈكلۈكلەردىن خالىي بولالماي-
دۇ. دېمەك، تۇغما ئالاھىدىلىكى زىيادە ئادەملەرمۇ ئالدى بىلەن
نورمال ۋە كەمتۈك ئادەملەرگە ئوخشاش قايغۇ ـ ھەسرەت،
خۇشلۇق ـ خاپىلىقلارنىڭ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلىرى ئىچىدە
تۇرىدۇ. بۇ ئالتۇن ساپ بولمايدۇ، ئادەم تولۇق، مۇكەممەل
بولمايدۇ دېگەننىڭ ئۆزىدۇر. توغرا، ياخشى ئادەملەر، ناھايىتى
ياخشى ئادەملەر، ھەتتا ئۇلۇغ ئادەملەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئىن-
سانىيەتنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئەۋلىيا،
ئەنبىيالار، ئاقىللار ۋە باشقا ساپ دىل ئۇلۇغ داھىيلارمۇ بولى-
دۇ. لېكىن، بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ ھەمدە ئۇلار-
دىمۇ خاپا بولىدىغان، خۇش بولىدىغان، ئاچچىقلايدىغان، شەخ-
سىيەتچىلىك قىلىدىغان، ھەتتا تېخى چۈشكۈنلىشىدىغان ئاجىز-
لىقلار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەربىرىمىز ئۆزىمىزدىكى
ئىستېخىيە، خاھىشچانلىق، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىكلەرنى جا-
رى قىلدۇرۇپ تالانت بوسۇغىسىدىن ئۆتۈشتە، ئەقلىي ۋە پەزى-
لەت زىيادىلىكى بار ئادەملەرنىڭمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلىشىمىز، ئىنسان تەبىئىتىدە ھەممىگە ئورتاق بولغان ياخشى ـ يامانلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىپ، توختىماستىن ئۆز تەبىئىيىتىمىزدىكى تالانت، ئىستىخىيە، يېگانىلىق، ئۆزگىچىلىكنىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.

شۇمۇ ئەقىلگە ئىشارەتكى، باشقىلارنىڭ ئىستىخىيە، يېگانىلىق ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى قوللاش يالغۇز ئەدەب يۈزىسىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ قىممىتىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىشتۇر. بىر ئادەمدىكى ئۆزگىچىلىك يەنە بىر ئادەمگە شۇ ھامانلا يېقىپ كەتمىگەچكە، ئۆزگىچىلىكنى ھۆرمەتلەشتە ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشقا، ئۇنىڭدىكى غەلىتىلىك تۇيۇلغان تەرەپلەرگە قامچا تەگكۈزمەي كەڭ قورساقلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بوپتۇلا، بۇمۇ ئوخشىمىغان بىر ياڭزىغۇ دېيىش كېرەك. ئۇ بىر ئادەمدىكى ئېھتىياتچانلىق بولۇپ، بۇنداق ئېھتىيات بولغاندا، غەلىتە كۆرۈنگەن ئۆزگىچىلىك ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمئىيەت ۋە جامائەتكە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ئىجادىي قىممەت يارىتىپ قالسا، ئېھتىيات قىلغۇچى خىجىللىق ئىلكىدە قىزىرىپ قېلىشتىن قۇتۇلىدۇ. ھېچبولمىغاندا، باشقىلار ئۇنى كۆرۈپلا كاپشىپ كېتىدىغان «ئۆپكىسى يوق» دېمەيدۇ. نۇرغۇن ئەمەلىيەتلەردىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىجادىيلىق ھەرقاچان مەغلۇبىيەتكە ھامىي بولغانلىقتىن، ئۆزگىچىلىكنىڭ مەغلۇب بولۇپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قېلىش، ئىجادىيلىقتا ئۆزگىرىش ئېھتىمالى كۆپ بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگەنگۈچىلەر ھەم ئاقىل، ھەم ئەقىللىقلاردۇر. چۈنكى ئىنسانىيەتتە تازا ماختاشقا ئەرزىيدىغان سۈپەت ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە سېھرىي كۈچكە باي بولغان ھەققانىيەت روھىماللىقتۇر. بۇنداق قىممەت ۋە روھىمال-

لىق ھەممە ئادەمنىڭ قويىنىدىن چىقمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزگە-
چىلىكنى ساغلام خاسلىق تەربىيگە يۆتكەۋاتقان ئىجادىي ئادەملەر-
دىن چىقىدۇ. مۇشۇ قانۇنىيەت تۇپەيلى بىز باشقىلارنىڭ ئۆزگە-
چىلىكىنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق تەربىيە ئالغۇچى، ئۆگەنگۈچى،
يۇزلەپ كىشىلەردىكى ئۆزگىچىلىك بىلەن ئۆزىمىزنى تولۇقلى-
غۇچى، گويا ھەسەل ھەرىسىدەك گۈل بەرگىلىرىگە قونۇپ تۇ-
رۇپ چاڭلاردىن ھەسەل يىغقۇچى بىلىمى مول ئادەمگە ئايلىنى-
مىز ھەممە تالانت بىخلىرىغا سۇ قۇيغان قاتاردا تەربىيلىنىمىز.
باشقىچە ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىش
كەيپىياتى بىر غېرىچ ئۆسسە، بىزدىكى ياشاش پاراستى بىر
غۇلاچ ئۆسىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن ھۇزۇرلىنىش
ئەخلاقى بىر ئۇلۇش ئۆسسە، بىزدىكى ئەخلاقىي كۈچ ئون ئۇ-
لۇش ئۆسىدۇ. بۇ تولىمۇ ئەپچىل ھەم ئادىل بولغان تەڭ قىم-
مەتلىك قايتىلىنىش قانۇنىدۇر.

**4) ئالاھىدە تالانت ئىجادىي تەپەككۇر قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئوخشىتىشقا ماھىر كېلىدۇ**

ئادەتلەنگەن تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى پائالىيەتلىرى-
گە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئالايلۇق، كىشىلەر قىيىن مەسىلە-
لەرگە يولۇقۇپ قالغاندا، ياندىكىنى قويۇپ تۇرۇپ يىراقتىكىگە
قول ئۇزارتمايدۇ، ئاسانلىقنى تاشلاپ قويۇپ قىيىنچىلىقنى قوغ-
لاشمايدۇ، بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئۇ-
سۇلدا پىكىر قىلىدۇ. لېكىن، تونۇشلۇق ئۇسۇلغىلا بېكىنىش
ئادەمنىڭ غايىللىقىنى ئاشۇرغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىگە قىيىن بول-
غان ئىشلاردىن قېچىش، قىيىن مەسىلىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش
بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، ئالاھىدە تالانت بۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار
ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ھالقىپ چىقىپ، يېڭى بۆسۈش
ھاسىل قىلىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ، كۆپلەپ
ئوخشىتىش ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ زىلزىلە پەيدا قىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىغان ئىجادىي پىكىرلەردە بولۇشىدىكى بىر سەۋەبتۇر.

بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ئالاھىدە تالانتلاردىكى ئىجادىي تەپەككۇر خاس ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا بولىدىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك، مۇرەككەپ تەپەككۇر ھەرىكىتىدۇر. ئۇلاردىكى ئىجادىيلىقنىڭ مەركىزىي ئايرىمىلىقتىن ئومۇمىيلىقنى بىلىش، ئومۇمىيلىقتىن قانۇنىيەتلەرنى بايقاشتۇر. ئالاھىدە تالانتلاردا مانا مۇشۇنداق تەپەككۇرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغلىشىش، تارقاقلاشتۇرۇش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئالامەتلىرى تولۇق بولۇپلا قالماي، ئوخشىتىش ماھارىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولىدۇ. ئوخشىتىش بەزى چاغلاردا، ھەتتا بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپلا قالماي، ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرى بىلەن پۈتكۈل ئىجادىيەت پسىخىكىسى جەريانىنى يىغىنچاقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، تەپەككۇر جەريانىدا ئادەم ئوخشىتىشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا قانچە ماھىر بولسا، شۇنچە ئۈستۈن ئىجادىي پىكىردە بولىدۇ. «ئومۇملاشتۇرۇش بولمىسا، ئۇلۇغ مەدەنىيەت ۋە ئۇلۇغ شەخسلەر مەيدانغا كەلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈم مانا مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. ئامېرىكىنىڭ ئايغا ئۇچۇش كېمىسى «ئاپوللو» نى ياساشتا رەھبەرلىك قىلغان باش ئىنژېنېر ۋېيبېرنىڭ قارىشىچە، بۇ قۇرۇلۇشتا كېرەكلىك بولغان بىلىم ۋە تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى تەل بولۇپ، ئۇنى پۈتتۈرۈشنىڭ ھالقىسى ئومۇملاشتۇرۇش بولغان. دېمەك، ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىجادىيەت كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، تالانت ئىجادىي پىكىر ئارقىلىق يورۇيدىغان بولغانلىقتىن، ئالاھىدە تالانتنىڭ تالانتتىن ئۈستۈنلۈكى ئىجادىي تەپەككۇردىكى ئوخشىتىش، ئومۇملاشتۇرۇشتا ماھىرلىقى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

كالفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگى سىممونت بۇنداق ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىنى «پىكىر ئېلېمېنتلىرى» — ئوبراز، خاتىرە كارتىنىلىرى، قاپىيە، ئۇرغۇ، ئۇن، ئابست-

ـراكت ئۇقۇم. . . قاتارلىقلارنىڭ بىرىكىش جەريانى دەپ قاراپ
كاللىسىدا پىكىر ئېلېمېنتلىرى قانچە كۆپ ئادەمنىڭ شۇنـ
ئەقىللىق بولىدىغانلىقىنى، بىلىمى قانچە كۆپ ئادەمنىڭ شۇنى
ئەقىللىق بولىدىغانلىقىنى، بىلىمى قانچە كۆپ ئادەمنىڭ مەشھۇ
ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان ئاشۇ ئوبراز، ئىدىيە، ئۇ
قۇم، خاتىرە، ئاۋاز. . . لارنى بىرىكتۈرۈش ئىمكانىيىتىگ
شۇنچە كۆپ ئىگە بولالايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. سىمونتو
«ئىلىم ـ پەن ئالاھىدە تالانتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئالاھـ
ـدە تالانتلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تالانت بولالايدۇكى، ئۇلا
ئادەتتىكى تالانتلىق ئادەملەردىن تېخىمۇ كۆپ ئاجايىپ بىرىكتۈ
رۈشلەرنى قىلالايدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، پىكىر ئامىللە
ـرىنى فىزىكا ياكى شېئىرىيەت بابىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرگ
ئايلاندۇرغۇچى ئالاھىدە تالانتلاردا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان
خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بولىسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئورتاق بىر
خاسلىق شۇكى، ئۇلار بىر دەك ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارغا جەڭ
ئېلان قىلالايدۇ، مانا بۇ خاسلىق ئۇلارنى ئادەتتىكى مۇتەپەككۇر-
لار نەزەرگە ئالمىغان ئوبراز ۋە خاتىرىلەرنىڭ بىرىكىشىنى قو-
بۇل قىلالايدىغان قىلىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەتكە باي ئالاھىدە
تالانتلار خېيىمخەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالايدۇ، قارد-
ـاققا ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدىغان پىكىر ئېلېمېنت-
لىرىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ. گوردوننىڭ سۆزى بىلەن
ئېيتقاندا، «ناتونۇش نەرسىلەرنى تونۇشلۇق نەرسىلەرگە ئايلاند-
دۇرىدۇ». «تونۇش نەرسىلەرنى ناتونۇش نەرسىلەرگە ئايلاندۇ-
رىدۇ». بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، ئالدى
بىلەن يېڭى شەيئىلەرنى چۈشىنىش، بىلىش، ئاندىن تونۇشلۇق
بىلىش چەمبىرىكىدىن ئاتلاپ چىقىپ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆز-
گەرتىش بىلەن يېڭى نۇقتىئىنەزەر شەكىللەندۈرۈش كېرەك.
مۇشۇنداق قىلغاندا، ئالاھىدە تالانت كارامىتى كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى، ئوخشىتىش ئىككى ياكى تېخىمۇ كۆپ جىسىم، ئىدىيە ۋە ئۇسۇل ئوتتۇرىسىدىكى قىسمەن ئوخشاشلىقنى تەكشۈرگەنلىكتىن، بىلىنگەن نەرسىلەر بىلەن بىلىنمىگەن نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئىپادىلەپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك تەپەككۇرگە ئاساس ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىگە ئوخشىتىش ئۇسۇلىدا ئادەم ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىنىدىغان ئورۇندا قويۇش بىلەن ياكى بىر خىل ئىدىيىنى مودېللاشتۇرىدۇ ياكى مەلۇم ئۇسكۇنىنىڭ مەلۇم قىسمى ۋە ھالقىلىرىنى مودېللاشتۇرىدۇ ـ دە، شۇ ئارقىلىق قارشى تەرەپتىن تەسىرلىنىدۇ ھەمدە مەسىلىلەرنى بايقاپ تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىۋاسىتە ئوخشىتىشتا ئوبيېكتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەيئى، ھادىسىلەرنى بايان قىلىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىجادىي ئاڭ ئويغىتىلىدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يېڭى ئايروپىلانلار ياسىلىدۇ؛ دېڭىز دېلفىنىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چۆكمە كېمىلەرنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. شەرتلىك ئوخشىتىشتا شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى ياكى سىمۋوللۇق ئالامەتلەر تېخنىك مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىجادىي ئاڭ ئۇرغۇتۇلىدۇ. خىيالىي ئوخشىتىشتا ئەپسانىلەردىكىدەك خىياللار تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇلۇپ ئاجايىپ يېڭى پىكىرلەر بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، ئوخشىتىش بەزىدە دېگەندەك دەل بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدىكى تەپەككۇر ئۈزۈلۈپ قالغان چاغلاردا، تەپەككۇرنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

5) ئۇلار پەۋقۇلئاددە تىرىشچان بولىدۇ

ئەقلىي زىيادىلىك ئالاھىدە تالانتلاردىكى ئەۋزەل فىزىئولوگىيىلىك ئاساس بولۇپ، بۇنداق ئەۋزەللىك ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئۈستۈنلۈكنى بەرسىمۇ، لې-

كىن، ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئۆزلۈكە-ئدىن قوزغىلىپ تۇرىدىغان تىرىشچانلىق ئارقىلىق بوسۇلىدۇ
بىز ئالاھىدە تالانتلىق ئادەمنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈر-سەك، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۆھپىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان سىمۋولى نامايان بولىدۇ. بۇ سىمۋول بىزگە بىر تەرەپتىن، ئالاھىدە تالانتلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئاجايىپ شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈر-سە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالاھىدە تالانتلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى تېخى-مۇ ئوچاي چۈشىنىش ئۈچۈن ئالاھىدە تالانتلىقلارنىڭ يېتىلىشى-گە قاراپ باقايلى.
مەشھۇر پەيلاسوپ روسفۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ نامراتلىق، سەرگەردانلىق كۈنلەردىمۇ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدى-غان دەرىجىدە غەيرەت بىلەن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلانغان. مەشھۇر ئىتالىيان فىزىكى فىر باللىق دەۋ-رىدە ئائىلىدە غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھەلەكچىلىكلىرىگە بەرداشلىق بەرگەن. قىش زىمىستاندىمۇ كې-چىدە كوچىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئا-خىرىدا ئالىملىق تاجىنى كىيگەن.
دۇنياغا مەشھۇر فىزىك، خىمىك، پەيلاسوپ نيۇتون تېخى-مۇ شۇنداق. ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىدا ئائىلىسى ناھايىتى نام-رات بولغان، ھەتتا تېخى ئائىلىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە، مەكتەپتىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. ئەمما، ئۇ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق ۋە يۈكسەك ئىلمىي تەشنالىق بىلەن قىزغىن ئۆگەنگەن. قوي باققان چاغلىرىدا دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇغان. بەزىدە قويلى-رى خەقنىڭ زىرائەتلىرىگە كىرىپ كەتسىمۇ سەزمەي كىتاب ئوقۇۋەرگەن. ئانىسى ئۇنى خىراجەت قىلىش ئۈچۈن دېھقانچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇغاندا، نيۇتون مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەھەردىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيمەن دەپ، ئانىسىدىن كۆپ قېتىم تىل ئىشىتكەن. ئۇ خىزمەتكە كىيىنرەك قاتناشقان، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئېيتقاندەك؛ «ئۇنىڭ كەچ سائەت 2 ـ 3 لەردىن ئىلگىرى ئۇخلايدىغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز بولغان، بەزىدە 5 ـ 6 لەرگىچىمۇ ئۇخلىمىغان. . . بولۇپمۇ باھار پەسلى ياكى يوپۇرماق چۈشىدىغان مەزگىللەردە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ داۋاملىق تەجرىبىخانىدا بولغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ خىمىيە تەجرىبىسىنى قىلىپ بولغۇچە نەچچە ـ نەچچە كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن.

بىز بۇ يەردە گەرچە ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر نامرات ئالىملارنى مىسالغا ئالغان بولساقمۇ، ئىقتىسادى ياخشى بولغان ئالىملارنىڭ تالانتىمۇ ئاجايىپ تىرىشچانلىقتىن ئايرىلالمايدۇ.

دېمەك، ئالىملارنىڭ تالانتى ئاللىقانداق تەلەي ياكى ئاللىقانداق بىر كۆرۈنمەس ئىلتىپاتتىن ۋە ياكى يالغۇز فىزىئولوگىيىلىك ئاساس بولغۇچى زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن كەلمىگەن، بەلكى شۇ ئۈستۈنلۈك ئاساسىدىكى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىش روھى بىلەن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقتىن، مېھنەتتىن كەلگەن. ئالىملارلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم پەقەت مېھنەت ئارقىسىدىلا تۇگىمەس خۇشاللىققا چۆمىدۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى قۇرالايدۇ. ھۇرۇنلۇق، غاپىللىق، ئېرىنچەكلىك بارلىق يامانلىق، پەسلىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. كىشىنى ھەقىقىي بەختكە ئېلىپ بارغۇچى ئەمگەك — مېھنەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئالىملار ۋە ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولغان دانا يولباشچىلار ئەقىل ۋە تالانت ئۈستىدە توختالغانلىرىدا مېھنەت ۋە تىرىشچانلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. مەسىلەن، لۇشۈن: «ئەمەلىيەتتە تالانت ئىگىسى بولغان ئادەمنىڭمۇ تۇغۇلغان

چاغدىكى تونجى يىغا ئاۋازى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ياخشى شېئىر بولالمايدۇ» دېسە، ھازىرقى زامان تېخنىكىسىنىڭ پېشىۋاسى، ئۇلۇغ تالانت ئېگىسى ئېدىسونمۇ «تالانت 2% چېچەنلىك بىلەن 98% تەرنىڭ يىغىندىسىدۇر» دېگەن.

ئالىملارنىڭ جاپالىق ئۆگىنىشى ۋە تالانتىنى تىرىشچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈشىنى قەتئىي تۈردە شەرت قىلىپ قويۇشى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئالاھىدە تالانت دېگەن ئاللىقانداق سىرلىق، سۇنئىي بىلەرمەنلىك بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تۇغما ئەقلىي قابىلىيەت ئۇستۇنلۇكى ئاساسىدىكى تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەقىل قۇرۇلمىسىغا مۇكەممەل دەرىجىدە بىرىكىشى بولۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان تالانت يېتىشتۈرۈش — ئۇلۇغ ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يارىتىش ھۆرۈنلارنىڭ قولىدىن مەڭگۇ كەلمەيدۇ. ئالاھىدە تالانت پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇستىكارلىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ قويمايدۇ. ئالاھىدە تالانت — ئەمگەكنىڭ جۇغلانمىسى. جاپالىق ئەمەلىي تىرىشچانلىقنىڭ جۇغلانمىسى. بۇ يىمىرىلمەس ھەقىقەتتۇر.

شۇڭا، تالانت بابىدا بىز ھۆرۈنلۇقنى زەھەرلىك دورا، ئۇ قەلبنى زەئىپلەشتۈرىدۇ دەپ بىلسەك، ئىجتىھات قىلغۇچىنىڭ ئامىتى ئوڭ، ئىجادىيىتى مول بولىدۇ دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ناۋادا بىر ئادەم ئۆزى ئەقىللىق بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى ھۆرۈن بولىدىكەن، ئۇ بىر خىل ئاپەتتۇر. ئۇ شۇ ئەقلى بىلەن ئەمگەك قىلماي قانچىلىغان كىشىلەرگە تاپانتۇزاق قويىدۇ. ناۋادا ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەملىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا ئۆگىنىشى، ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگەكلەرگە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3. ئالاھىدە تالانت ياكى گېنىئاللارنىڭ تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت تاكتىكىسى

گېنىئاللار (ئالاھىدە تالانتلار) نىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى قانداق مەيدانغا كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى نېمىشقا شۇنچە كەڭ بولىدۇ؟ بەرپاچىلىق ئىجادىيىتىدە ئىنسانلار ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ تىپىك خاسلىقى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلىشىنى يۇكسەلدۇرىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ۋەكىلى سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بۇنداق ئادەملەردە ھەرقاچان كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان نوپۇزلۇقلارنىڭ خاتالىقلىرىغا قارشى ئىسيان روھى، كىشىلەر قورقۇپ دەككە - دۈككىدە تۇرغان چوڭ ئىشلار ئالدىدىكى ئىلمىي تەۋەككۇلچىلىك روھى، قاتاللىق ۋە جاھىللىقتا تەربىيە بولىدىغان يېڭىلاش روھى، كونا قائىدىلەرنى تۇزىتىپ تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىگە ئۇيغۇن يېڭى نىزاملارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، شۇنداقلا كەسىپ تاللاش، نەتىجە قازىنىش، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىش جەھەتتىكى ھەرىكەت ئۇسۇللىرى ھەقىقەتەن ئادەتتىكى ئادەملەردە ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئۇستۇنلۇك ئالدى بىلەن گېنىئاللار — ئالاھىدە تالانتلارنىڭ تەپەككۇر تاكتىكىسىدىن كەلگەن بولۇپ، بىز ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىمىزدە ئۇلارنىڭ تاكتىكىسىنى ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۇرۇپ دائىملىق مەشىق قىلىپ ماڭساق، ئالاھىدە تالانتلارنى بارلىققا كەلتۇرۇپ زامانىمىزدىكى مەۋجۇتلۇقىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئۇنۇملۇك قەدەملەرنى باسالايمىز. ئۇنداق بولسا، بىز ئادەتتىكى ئادەملەر بولۇش سۇپىتىمىز بىلەن قانداق ئويلايمىز؟ ئالىملار ئالاھىدە تالانت ياكى مىللەت، دۆلەت، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئابىدىلىرىنى تىكلەيدىغان گېگانىت ئادەملەر بولۇش سۇپىتى بىلەن قانداق ئويلايدۇ؟

ئىجادىيەت، ئىختىرا قىلالمايۋاتقان ياكى بۇ جەھەتتە ئادەت-

تىكىچە نەتىجىلەر بىلەن مەمنۇن بولۇپ يۈرگەن بىزدەك ئادەم-
لەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلىش ۋە تەييار
بىلىملەردىن كۆپىيە ئېلىشتەك تەكرارلاش ئۇسۇلى بولۇپ، مە-
سىلىلەرگە يولۇققان ھامان «تورمۇش» تەلىم - تەربىيە ۋە
خىزمەت جەريانىدا ئۆگەنگەن بىلىملەر ماڭا بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلىش جەھەتتە نېمىلەرنى دېدى؟ دەپ ئۆزىمىزگە سوئال قو-
يۇپ، تۇرمۇشتىكى ساۋاقلار ۋە خىزمەتتىكى تەجرىبىلەرنىڭ
بىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆتۈپ كەتكەن زامان ۋە ماكاندىكى
ئۇسۇلىمىزنى ھازىرقى كۆندىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچ-
قۇچى قىلىشتۇر. ئالىملارچۇ؟ بىزدەك ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى
ھەل قىلىش ئۇسۇلىدىن كۆپىيە ئالىدىغان تەكرارلايدىغان تەپەك-
كۇر ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇپ، «بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك پەن ۋە ئەمەلىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى قاي-
سى؟»، «بۇ مەسىلىگە قايسى نۇقتىلاردىن قارايمىز؟»، «بۇ
قاراشلىرىمىزنىڭ ئەكس تەرىپى قانداق بولىدۇ؟»، «بۇ مەسى-
لىنى ھەل قىلىشنىڭ قانچە خىل ئۇسۇلى بار؟» دېگەندەك
سوئاللارنى قويۇپ مەسىلىلەرنى ئويلاشنىڭ، ھەل قىلىشنىڭ،
چاتاق چىقىپ قالسا ئالدىنى ئېلىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ - دە، شۇ ھامان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۇسۇ-
لىغا، ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا ئوخشىمايدىغان، ئۆزگىچە بىر ئوب-
راز بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. ئېيىنشتېيىندىن كىشىلەر «سىز-
نىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقىڭىز قەيەردە؟» دەپ سورىغان-
دا، ئۇ: ئەگەر ئادەتتىكى بىر ئادەم دۆۋىلەنگەن چۆپ ئارىسىدىن
بىر يىڭنىنى تاپماقچى بولسا، ئۇ شۇ يىڭنىنى تېپىپ بولۇپلا
توختاپ قالىدۇ؛ مەن بولسام پۈتۈن چۆپ دۆۋىسىگە چۇشۇپ
يىڭنىلەرنىڭ ھەممىنى تېپىپ بولمىغۇچە توختىمايمەن، دېگەن.
نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رىچارد فىللىفىس فېيىنماندىن ئۇ-
نىڭ ئالاھىدە تالانت - گېنىئال ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىشتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

سىرنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىملارنىڭ بىلىمى ۋە روھىنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ئەمما، ئۇ ئالىملارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە يېڭى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. دېمەك، كونا بىلىملەردىن كۆپىيە ئېلىش ئۇسۇلى ئىدىيەنى قاتماللاشتۇرۇپ ماڭىدۇ، ئەگەر بىز كۆنۈككەن تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز بىلەن مەسىلىلەرنى ئويلاۋېرىدىكەنمىز، يەنە شۇ بىز كۆنۈككەن دائىرىدىكى ئاددىي نەتىجىلەرگە ئىگە بولىمىز — دە، مەڭگۈ ئالاھىدە ئىجادىيەت نەتىجىسىگە ئىگە بولۇپ ئالاھىدە تالانت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمەيمىز. شۇڭا، بىز ئالىملارنىڭ ھازىرقى زامان ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىدا ئوتتۇرىغا قويغان 400 خىلدىن ئارتۇق تېخنىكىلىق ئۇسۇلىنى، تۈرلۈك تەپەككۇر سەنئەتلىرىنى (ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، ھۈنەر - تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان) ئىگىلەپ ئېلىشنى كېچىكتۈرمەسلىكىمىز كېرەك. بۇ ھەقتىكى ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان «تالانت بوسۇغىسى» دېگەن كىتابىمىزدا تېگىشلىك نۇقتىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بۇ مەزمۇننى شۇ كىتابتىن كۆرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، بۇ يەردە ئالاھىدە تالانتلارنىڭ ھەرىكەت تاكتىكىسىنى قىسقىچە كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالاھىدە تالانتلارنىڭ سانى قانچە بولسا، شۇنچە تۈرلۈك ھەرىكەت تاكتىكىسى بولىدۇ. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆگىنىش شۇ ئالىملار بىلەن ئۇچرىشىش، بىللە ئىشلەش، بىللە مۇھاكىمە قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەرنىڭ ئامىتى بولۇپ، ئورتاق ھەرىكەت تاكتىكىسى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپنى تاللايدۇ. زور

ئۇتۇق قازانغان مەشھۇر شەخسلەر ئومۇمەن قىلغاندا ئادەتتىكى جان باقار ئادەملەردەك ئوقۇسام مەلۇم خىزمەتكە ئېرىشىپ جان باقىمەن دېمەستىن، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپلەرگە بۆ. رۇن كىرىشىدۇ ۋە ئىجادىيەتنىمۇ بۇرۇنراق باشلايدۇ، ھەتتا ئىش ھەققى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئاشۇ ساھەدە قازانغان ئۇتۇقلىرى بىلەن قەلبىدە بىر خىل مەمنۇنىيەت ھېس قىلىپ، تۇرمۇشىنى خۇشال ئۆتكۈزىدۇ ۋە كەسىپتە تېخى. مۇ زور ئۇتۇق قازىنىدۇ. ھەمدە تۇغما قابىلىيىتى ئۇستۇن بولغانسېرى، شۇنچە زور ئۇتۇق قازىنىدۇ، بۇنداق بولۇشى ئۇ. قۇم ۋە خاسلىقىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدى. كى ئائىلە كەچۈرمىشى ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئالاھىدە بىرد. كىشكە باغلانغان بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ئادەمنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا باشلىنىدۇ.

ئىككىنچى، يالغۇز تاكامۇللۇقنى ئەمەس، نەتىجە قازىنىش. نى قوغلىشىدۇ. بەزى جاسارەتلىك ئادەملەر ناھايىتى تىرىشچان. لىق بىلەن خىزمەت قىلسىمۇ، ئەمما خىزمىتىدە ناھايىتى تاكا. مۇل بولۇشنى قوغلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئېغىزغا ئالغۇدەك نەتىجە قازىنالمايدۇ، مەشھۇر كىشىلەر بولسا ئۆزىدىكى سەۋەد. لىكلەرنى مەغلۇبىيەت ھېسابلىمايدۇ. سەۋەنلىك، خاتالىقلاردىن ساۋاق قوبۇل قىلىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. تاكامۇل بولمىسى. مۇ، نەتىجە قازانسىلا تېخىمۇ ياخشى ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تۆۋەن چاغلى. مايدۇ. كۆپرەك ئادەملەر ئۆزۈمدە بار قابىلىيەتنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، دەپ قارايدۇ، ئەمما بىز بىلگەن نەرسى. لەرنىڭ كۆپچىلىكىنى بىزنىڭ تولۇق بىلگەن بولۇشىمىز ناتايىن بولۇپ، ئۇ پەقەت بىزنىڭ شۇ تاپتىكى سەزگۈمىزدىن ئىبارەت.

شۇڭا، كاففىرد: «ئۆزىگە نىسبەتەن چەكلەش رولىنى ئالى. دىغان تۇيغۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك خىزمەت قىلىشنىڭ ئەڭ زور

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

توسالغۇسى» دەيدۇ. خىزمەتتە زور ئۇتۇق قازىنىدىغان مەشھۇر ئادەملەر مانا مۇشۇنداق سۇنئىي توسالغۇلارنى چۆرۈپ تاشلىيالايدۇ. ئۆز دىققىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا — ئۆزىنىڭ سەزگۈسى، ئۆزىنىڭ رولى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى ھاسىل قىلغان يۈكسەلدۈرگۈچى كۈچكە مەركەزلەشتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار دادىل ئىشلەيدۇ. ئەڭ ئەلا سەۋىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

تۆتىنچى، تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. كۆپ ساددىكلەر تەۋەككۈل قىلىشنى خالىماي، پۇختىلىقنى قوغلىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇلار ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىسىمۇ، ئاشۇ قىلىقنى توغرا دەپ تونۇۋالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇتۇق قازانغۇچىلار تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەتلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئەھۋال ھەم زىددىيەتلەرگە قانداق ئۇيغۇنلىشىشىدا بىرەر مەغلۇبىيەت كۆرۈلگەندە، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇپ كېتىش ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ تۇرىدۇ.

بەشىنچى، رىقابەتنى باشقىلار بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى بىلەن قىلىدۇ. زور ئۇتۇق قازانغان مەشھۇر ئادەملەر رىقابەتچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتىمۇ بەكرەك ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتلىرىنى قانداق ئۈستۈرۈش ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، رىقابەتچىلىرىنىڭ ئۈستۈن قابىلىيىتىدىن ئەنسىرەشلەر كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى ئۆزى مەغلۇپ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. زور ئۇتۇق قازانغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بارلىق كۈچى بىلەن ئىشلەۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار رىقابەتچىلىرىگە تاقا مىختەك تىكىلىۋالغان بىلەن ئۆزىدە قابىلىيەت تۆۋەن بولسا، ھامان يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئالتىنچى، كەسىپنى توغرا تاللايدۇ. ئوخشاشمايدىغان كەسىپلەردە ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئۇقۇم ۋە خاسلىقىدا بولغان تەلەپلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ ھەتتا ئوخشاشمايدىغان كەسىپلەر ئوخشاشماي-

دىغان تىپ ۋە مىجەزدىكى بالىلاردىن تېخىمۇ زور نەتىجە يارىتا-لايدىغان يېڭىچە ئادەملەرنى تاللاشقا كىرىشىدۇ. مەلۇم ئالاھىدە ساھەنىڭ تەلەپلىرىگە مەلۇم جەھەتتىكى قىزىقىشلىرى بىلەن ئەقلىي زىيادىلىكى ماس كېلىپ قالغاندا، مەشھۇر نەتىجە ئەنە شۇ كەسىپتە دۇنياغا كېلىدۇ. ئەگەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆز كىشىلىرىگە ئىلمىي يوسۇندا كەسىپ تاللاپ بېرىش ئىقتىدارى قانچىكى كۈچلۈك بولسا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنىدى-كى ئارزۇلىرى بىلەن باغلانغان ئۇ كەسىپلەرنى شۇنچە بەجانىدىل ئىشلەيدۇ ـ دە، ئۇزاق مۇددەتلىك كەسپىي خىزمەت ئەمەلىيىتى ئۇلارنىڭ مەشھۇر نەتىجە قازىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

## 4. ئالاھىدە تالانتنىڭ بالىلاردىكى بەلگىلىرى

ئادەم بالىسىنىڭ ھەر قانداق ئانىنىڭ قورسىقىدىن بىلىم ماھارەت بىلەن تۇغۇلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆگەنمىسە، ئائىلە ياكى مەكتەپتە تەلىم ـ تەربىيە ئالمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، بالى-لارنىڭ ئۆگىنىشى، تەلىم ئېلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلاش ۋە ياردەمدە بولۇش كېرەك. دۇنيا ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەقىلشۇناسلىرى شۇنداق قارايدۇكى، ئەقلى يوق ساراڭ تۇغۇ-لۇپ قالمىسىلا ھەر قانداق بالىنى تەربىيىلەپ تالانتقا ئايلاندۇر-غىلى بولىدۇ. لېكىن تەلىم ـ تەربىيە ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىن ئۆتكەن نازۇك بايقاشلار ئارقىسىدا بولغاندا، بالىلارنىڭ تالانتقا ئايلىنىشى، ئالاھىدە تالانتقا ئايلىنىشى تېخىمۇ تېز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئالاھىدە تالانت بايلىقىغا ئېرىشىش يولى بىلەن رىقا-بەتلىك دۇنيا مۇسابىقىسى ئېقىمىدا مىللىي ئىززەتنى ساقلاش ئۈچۈن، بالىلاردىكى ئەقلىي زىيادىلىك، ئالاھىدە تالانتقا ئايلى-نىش ئىپادىلىرىنى بايقاش ۋە ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنى

شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى، ئەقلى زىيادە باللار زىيادە ئەقىللىق ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا موھتاج. باللاردىكى ئەقلىي زىيادىلىك مەلۇم بىر تەرەپتە گەۋدىلىك بولۇپ، ئەگەر ئۇنى تەربىيىلىگۈچىلەر شۇ ئارتۇقچىلىقنى بايقىۋالالمىسا ياكى ئادەتتىكى باللار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەپ نورمال دەرسلىكلەرگە ئېسىلىۋالسا، ئەقلى زىيادە باللاردا تۇرلۇك نارازىلىقلار كېلىپ چىقىپ، ئەكسچە ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، سۇرئىتى ئاستا قاتمال بىر دەرسلىك ئۇلارغا زورلاپ تېڭىلغاندا، ئۇلارنىڭ كەيپى ئۇچۇپ كېتىشى، ئۇلارنىڭ دىلىدا مەيۇسلىنىش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا ئۇلار مەكتەپنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى تۇپ خاتالىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇلارنى بايقىۋالالماسلىقى ياكى بايقىۋالالىغۇدەك بىلىم ـ قابىلىيەتكە ئىگە بولالمىغانلىقىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلار بايقىۋالالمىغانسېرى جېدەلخور، ئىنتىزامسىز، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۇيغۇنلىشالمايدىغان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىستېداتسىز مۇئەللىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار كەم دىكەندىمۇ قىز بولسا خىياللارغا غەرق بولۇپ يۈرۈيدىغان، ئوغۇل بولسا جېدەل چىقىرىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچى، جەمئىيەت ئۇلاردىكى زىيادە ئەقىلنى بايقاپ ئىلغار ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى يۈرۈن يېتىلدۈرۈشكە، ئالاھىدە تالانت يولىغا باشلىيالمىغانلىقىدۇر. شۇڭا، ئۇلارنى بايقاش ۋە تاللاش بىلىمىنى ئىگىلەش (تەتقىقاتتىن ئۆتمىگەن قالايمىقان ئەقىل سىناشلار كېرەكسىز ئىشتۇر) جىددىي مەسىلىدۇر.

ھازىر ئەقلى زىيادە باللارنى بايقاش ۋە تەربىيىلەشتە ھەر خىل تالاش ـ تارتىش ياكى ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ، ئامېرىكىدا 137 ئالىي مەكتەپتە ئەقلى زىيادە باللارغا قارىتىلغان

تۇرلۇك سىنىپلار ئېچىلغان. ئامېرىكىدا پەقەت مۇشۇ جەھەتتە-
ىكى خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۈچۈنلا 56 مىليون ئامې-
رىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنىدۇ. ھەتتا 5 ياشتىن كىچىك ئەقلى
زىيادە باللار ئۈچۈن ئېچىلغان دەرىجىدىن تاشقىرى يەسلىلەردە
ھەربىر بالا ئۈچۈن 2000 ـ 4000 دوللار ئوقۇش پۇلى ئالىدۇ.
روسىيىدە ھەر يىلى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن شۇنداق
باللاردىن 100 بالا تاللىنىپ سىبىرىيىدىكى ئىلىم - پەن
ئورنىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە شۇ يەردە يازلىق تەتىل ئۆتكۈزۈپ
ئىمتىھان ئارقىلىق 500 بالىنى ياش ماتېماتىك ۋە فىزىك يې-
تىشتۈرىدىغان مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىدۇ. ئىسرائىلىيىدە
1984 - يىلدىن باشلاپ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن
ئەقلى زىيادە باللارنى تاللاپ ئىروسالىم ئىبراي ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ فىزىكا، خىمىيە، ئۈچۈر ۋە بىئولوگىيە تەجرىبىخانىلى-
رىدا ئوقۇش بىلەن تەتقىقاتقا تەڭ قاتناشتۇرماقتا. ياپونىيىدە بىر
خۇسۇسىي مەكتەپ بولۇپ، ھەر يىلى 40 نەپەر ئەقلى زىيادە
باللار قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار 12 ياشقا كىرگەندە 3 خانىلىق
سانلارنى كۆڭلىدە كۆپەيتەلەيدۇ. بۇنداق بايقاش ۋە تاللاپ ئوقۇ-
تۇش ئىشى ئېلىمىزدىمۇ يولغا قويۇلۇپ، بىرمۇنچە باللار كى-
چىك تۇرۇپلا پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرمەكتە. شۇن-
داق بولغاچقا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەقلى زىيادە باللارنى تال-
لاشتا ئۆزگىچە ئۇسۇللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىلغار ۋە
مۇكەممەلرەك بولۇۋاتقانلىرى ئامېرىكىنىڭدۇر.

«فرانسىيە مەسىلىلەر ھەپتىلىكى» دە كۆرسىتىلىشىچە،
ئامېرىكىلىق 45 ياشلىق پسىخولوگ، دوكتور لوبىرت ستاڭ-
بورگنىڭ سىنىقى ساپا ھەم ئەمەلىيەت پاراستىنى نەزەردە تۇت-
قان بولۇپ، 6 ياشتىن 12 ياشقىچە ئەقلى زىيادە باللارنى
بايقاشتا قوللىنىشقا بولىدىكەن. بۇنى بىزنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلى-
قىمۇ توغرا تاپقان. بۇ تۆۋەندىكىچە:

www.uyghurkitap.com

| تۈرلەر | بېرىلىدىغان نومۇر |
|---|---|
| تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇشتىن بۇرۇن خەت تونۇغان | 6 |
| كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، ئوقۇشى تېز | 2 |
| لۇغەت ۋە قامۇسلارغا قىزىقىدۇ | 2 |
| تېزلىكتە ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ، يازالمايدۇ | 1 |
| يېشى چوڭ بالىلار ياكى چوڭلار بىلەن بىرگە بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ | 2 |
| مۇھەببەت قۇرۇشقا ئامراق | 2 |
| بىر مۇنچە سوئاللارنى قويۇپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ | 3 |
| تۇغۇلۇشىدىلا سەزگۈر بولىدۇ، بىر نەرسىگە مەستانە بولسا ناھايىتى كۈچلۈك ئىشتىياق بىلەن سەپ سالىدۇ ۋە كۆزىتىدۇ | 2 |
| باشقىلارنى باھالاپ تۇرىدۇ | 1 |
| تەكرارلىنىدىغان قائىدىلەرگە بىزار بولىدۇ (يۇيۇنۇش، تەكرارلاش مەشىقى) | 1 |
| ناھەق ئىشلارغا سەزگۈر بولىدۇ (ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ) | 2 |
| يۇمۇرلۇق ھېسسىياتتا بولىدۇ | 2 |
| مۇرەككەپ ئويۇنلارغا ئامراق بولىدۇ (خەلقئارا ۋە جۇڭگوچە شاھمات) | 2 |
| ئۆزى يالغۇز ئەمگەك قىلىشقا خۇشتار بولىدۇ | 2 |
| ئالەمدىكى تۈرلۈك مەۋجۇداتلارنى، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ | 2 |
| دەرسكە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەي تۇرۇپلا يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ | 2 |
| ئەمەلىيەتچان گۈزەللىك تۇيغۇسىدا بولىدۇ | 2 |
| ئۆزگىرىپ تۇرۇشقا ھەۋەس قىلىدۇ | 1 |
| باشلانغۇچ مەكتەپتە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ياخشى بولىدۇ<br>ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ | 1 |

بالىڭىزنى يۇقىرىدىكى تۈرلەر بويىچە كۆزەتسىڭىز، بالىڭىز 13 ـ 14 نومۇر ئالسا، بۇ ئۇنىڭ بالدۇر يېتىلىدىغان بالا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## III ئالىملار ياكى ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ ئۆلگىلىك پەزىلەتلىرى

1. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قارىشىدا تەبىئىيلىك بولىدۇ. بەرپاچىلىقنى ياشاشنىڭ تەبىئىي قىياپىتى دەپ بىلىدۇ ۋە ھەربىر ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ ئۆرلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللىقانداق ھەشەمەتچى ئادەملەر ئەمەس، ئاساسلىقى ياشاش پوزىتسىيىسى توغرا ھەم ئۇمىدۋار ئادەملەر بولۇپ، تۇرمۇشقا تەبىئىي قارايدۇ. «ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممىسى سەنئەت شەكلىدە ئىجاد قىلىنغان، ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ئادەملەر ئۆز تۇرمۇشىنى مۇنچىۋالا بېزەپ كېتەلمەيتتى، بىزمۇ بۇ دۇنياغا مۇشۇ زۆرۈرىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلمىساق، مەسئۇلىيەتسىز دېۋەڭلەرگە ئايلىنىپ كېتىمىز، تەييارتاپلارنى يوقىتىش ۋە ئەمگەكنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت تارىخنىڭ ئېقىمى ھازىر بىزنىڭ بەرپاچىلىق يولىمىز بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. مۇشۇنداق ئوي بىلەن بەرپاچىلىقنى بىر مەزگىللىك تېخنىك خاراكتېرلىك نىشان قوغلىشىشقا ئايلاندۇرۇۋالماستىن، ئۇنى ياشاشنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى، ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئادەملىك ئىززىتىنى ئۆستۈرۈپ بارىدىغان، ئۆز ھاياتىنىڭ ئوبرازىنى تۇرغۇزىدىغان مۇقەررەر، دائىملىق ھەرىكىتى قاتارىدا ھەرقاچان مۇلاھىزە قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتىدىن ئۈزلۈكسىز ھالقىش بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ قىياپىتىدىن بۇنداق ھالقىش بولسا ئۆزگىچە ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئۇل

تېشى ۋە باشقىلاردىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئۆزۈڭ چىڭ تۇر، ھەرگىز باشقىلارنى دورىما؛ پۈتۈن ھاياتىڭدا توپلىغان كۈچ ئارقىلىقلا تالانتىڭنى كۆرسىتەلەيسەن؛ باشقىلارنىڭ تالانتىدىن پايدىلانساڭ، پەقەت ئۇنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولالايسەن» دەپ تۇرىدۇ. مۇنداق ئىجادىيەت قارىشى ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈك ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ توختىماي ئۆرلەپ جامائەت ئىچىدىن تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ كېتەلىشىنىڭمۇ ئاساسىدۇر. چۈنكى بۇنداق ئادەملەر ئىچكى دۇنياسىدا ئاشۇنداق تەبىئىي ھالدىكى بەرپاچىلىق قارىشىلا ئەمەس، يەنە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەق بار ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىش ئۈمىدىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە: «جاھاندىكى ھەممە ئىش ئۈمىد ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. دېھقان سالغان ئۇرۇقنىڭ يېتىلىپ ئۇرۇق بولۇشىنى كۈتمىگەن بولسا، ئۇ بىرتال كۆممىقوناق ئۇرۇقنى تېرىمىغان بولاتتى؛ بويتاق بالىلىق بولۇشنى ئۈمىد قىلمىغان بولسا، ئۆيلەنمىگەن بولاتتى؛ سودىگەر ياكى ھۈنەرۋەن تاپاۋەتنى كۆزلىمىگەن بولسا، ئۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغان بولاتتى»①. مەنمۇ چىڭ تۇرسام تالانتىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەتچى بولالايمەن، دېگەن ئوي بولىدۇ ـ دە، ئۇلار باشقىلار ماختىمىسىمۇ خۇش بولالايدۇ. ئۆز ئالدىغا بىر يېڭى ئويدا بولسا، بىر نەرسىنى ياساپ چىقسا، كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن بىر ساۋابلىقنى قىلىپ كېتەلىسە، ئۆز ئىچىدە پەخىرلىنىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ يېڭى پىكىر نەتىجىسىنى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلىق كامالىتىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارنى

① «ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 246 ـ بەت.

ماختاپ باريكاللا ئېيتمىغان تەقدىردىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ياشاۋېرىدۇ. ھەتتا مۇتتەھەملەرنىڭ ماختىشىنى ياقتۇرمايدۇ، باشقىلار ماختىسا «راستمۇ، يالغانمۇ» دەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ. ئۇتۇپ چىقالمايدىغانلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار باشقىلار-نىڭ باھاسىنى، ماختىشىنى دەلىللەر بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرمەي-دۇ. باشقىلارنىڭ جەزملەشتۈرۈشىنى، باريكاللا ئېيتىشىنى ئا-ساس قىلىدۇ. باشقىلار ماختىمىسا، ئۆزىنى مەغلۇپ بولغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزىۋالىدۇ، پايدا ئالالمىسا تىت - تىت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىدا ئىجادىي پائالىيەت تەبىئىيلىكتىن ئايرىلىپ، ئىجادىيەت سۇبيېكتىدىن تاشقىرى نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ - دە، ئۇتقۇچىلار ئىلكىدىكىدەك ياشاشنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بولۇپ ئەۋجىگە چىقالمايدۇ. ئۇتقۇچىلارنىڭ ئېسىل يېرى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇلار خۇشاللىقنى باشقىلاردىن ئېلىشقا، باشقىلارنىڭ باريكاللا ئېيتىپ قويۇشىغا ھاجەتمەنلەرچە قاراپ تۇرماي، ئىجادىي پائالىيەتنى رېئاللاشتۇرغان ھامان، ۋىجدانى-دا: «خەلقئالەمگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋالدىم - ھە!» دەيدۇ - دە، پايدا ئالالمىسىمۇ باي بولغاندەك خۇشال بولىدۇ ۋە تەبىئىتىدىن ئۆرلىگەن بۇ خۇشاللىقنى يەنە بىر ساۋابلىق ئىجادىي پائالىيەتكە ئۇلاپ دائىم كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدۇ. تېخىمۇ قەدىرلىك يېرى شۇكى، ئىجادىي پائالىيەت تۈپەيلى باشقىلار ئۇلارنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق كەمتۈك جايلىرىنى دەپ ئېيتىپ يۈرگەن تەقدىردىمۇ مەيۇسلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىنسان بالى-سى ھەرقانچە چەبدەس بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋە ھەرقانداق ئۇلۇغ ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ ئاللىقانداق ئىنۋەنلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ۋە توغرا، ھەققانىي ئىجادىي، جەسۇر، غە-نىي، پالۋانلارنىڭ كەينىدىن يامان گەپ قىلىپ يۈرىدىغانلارنىڭمۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ھەرقاچان ئازدۇر - كۆپتۇر بولىدىغانلى-قىنى، قابىلىيەتلىكلەرگە ھەسەت قىلىدىغانلار كۆپ بولىدىغانلى-

قىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ھەسەتكە مۇنداق قارايدۇ: «ھەسەت — زەھەرلىك ئويغاقلىق، نەۋائى ناداننى ئېشەك، پاسىقنى ئەخلاقسىز، يالغانچىنى قەبىھ گۇناھكار، غەيۋەتخورنى ئەجەلسىز ئۆلىدىغان ناپاك، دەپ خاراكتېرلىگەندەك، ئۇ بېخىل، ئەشەددىي قارا كۆڭۈل، ئىچى تار بىر مەخلۇق بولۇپ، كۆپىنچە پاكىز، ئاددىي كىشى بولۇپ كۆرۈنسىمۇ دىلى كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كۈمۈرلىرىگە تولغان بولىدۇ. ئەمما ھەسەتنىڭ ئانىسى — كۈچسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق. ئىستىبداتلىق ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرىدىن ئىستىبداتسىزلار كۆپىنچە غەشلىنىپ بوغۇلىدۇ. دانانىڭ پىكرىدىن ناداننىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ قايسى جايىدا كامال تاپسۇن، ئۇلۇغ ئىستىبدات ئىگىلىرى — مەيلى ئۇلار ئالىم، شائىر ياكى تېۋىپ بولسۇن ئوخشاشلا ھەر خىل ھەسەت ئوقلىرىنىڭ نىشانى بولۇپ ئۆتكەن. ھەسەت ئۇچقۇر ئارغىماقنىڭ ئاياغلىرىغا مىخ بولۇپ سانجىلىشى مۇمكىن. ھەسەتنىڭ كەسپى گۆركالىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلەرنىڭ يوللىرىغا تىنىمسىز ئورەك كولايدۇ. ھەسەتخور زەھەرلىك يىلاندەك پەيت پايلايدۇ. خۇددى سايىدەك كىشى كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ. ھەسەت تەھدىتىدىن ھەمىشە ئاگاھ بولۇپ ياشاش كېرەك. لېكىن، ۋاقىت ۋە ئەقىل سەرپ قىلىپ ھەسەت بەندىلىرىگە قارشى ئەتەي كۈرەش قىلىش لازىم ئەمەس»[1]. چۈنكى، ئۇ ھامان يېڭىلگۈچى، ھەقىقىي پەزىلەت ئىگىسى ئۇتقۇچى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەسەتخورلارنىڭ نادانلىق ئىلكىدە قىلغان غەيۋەتلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ۋەتەنداش قېرىنداشلىرىنىڭ كىچىك سەۋەنلىكلىرىگە ئەپۇچان مەردلەر قاتارى خۇشال - خۇراملىق

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوۋنىڭ «نادانلىق — ياۋۇزلۇق» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1994 - يىل 2 - سان.

بىلەن ياشاشنىڭ ئىجادىيلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي ۋە ھەقىقىي قىياپىتىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن شەخسىي دۈشمەنلىرى يوق دېيەرلىك ھالدا ئەركىن نەپەس ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ باھاسىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلمەكچى بولغاندا بولسا، ئۆزىنى خەلق ھۆكۈمىگە ھاۋالە قىلىدۇ. جامائەتمۇ ئايرىم بەغەرەزلەرنىڭ ئۇششاق گەپلەرىگە قارىمايلا بۇ مەردلەرگە ئىززەت ـ ئېكرام قىلىشقا باشلايدۇ.

راست، ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ بۇنداق سېلىشتۇرۇشى چۇپەيلەرنىڭ قىلتاقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىجادىي پائالىيەتنى باشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ مۇھىم تاكتىكىسى. دانىشمەن كارنېگىمۇ بىزگە ئەنە شۇنداق تەلىم بەرگەن. ئۇ قانچىكى قابىلىيەتلىك، قانچىكى تەسىرى بار ئادەملەرگە مۇناپىق ئادەملەرنىڭ شۇنچىكى قارا چاپلىغۇسى، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىغۇسى كېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بىزگە مۇنداق مەسلىھەت بەرگەن: «ناۋادا بەزىدە سىزنى ئاياغ ئاستى قىلغان ۋە سىزگە ھۇجۇم قىلغان بۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ قالتىس نوچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش خىيالىدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سىزگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى دەل سىزنىڭ ياخشى ئىش قىلىپ نام چىقىرىدىغان ۋاقتىڭىز بولىدۇ. دۇنيادا شۇنداق بىرخىل ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ھەممىشە باشقىلارنىڭ ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرىلىقىنى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن چوڭلۇقىنى كۆرۈپ ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ. شۇڭا، ھامان ئۇنى پۇتلىغۇسى كېلىدۇ. مەن دەل مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا، بىر ئايالدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە گېنېرال ۋېلىيام بوسقا — ھەربىي دوختۇرلار خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بۇ ئادەمگە قارا چاپلانغان. مەن بىر قېتىم رادىئودا دوكلات بەرگەندە گېنېرال ۋېلىيام بوسقا مەدھىيە ئوقۇغانىدىم، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالدا ھەسەتخورلۇق پەيدا بوپتۇ. ئۇ خېتىدە ماڭا، جياڭجۇن

ۋېلىيام بوس ئىشانە قىلىنغان نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلغان دەپتۇ. بۇ بىرخىل كۆلكىلىك شىكايەت ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبى، ئۇنىڭ بۇنداق ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىدىن ئابرۇيلۇق ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. زەھەرلىك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن تولغان بۇ خەتنى كېرەكسىز قەغەز سېۋىتىگە تاشلىۋېتىپ، ئىچىمدە ئاللاغا رەھمەت ئېيتتىم، تەلىيىم بار ئىكەن، ھېلىمۇ مۇشۇنداق خوتۇنلار بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ قالماپتىمەن دېدىم. ئۇنىڭ خېتى ۋېلىيام بوس ئەپەندىگە قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلىدى. شوپېنغوئېر رەزىل، چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور لەززىتى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىدىن قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن»①.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساقمۇ مۇنداق سېلىشتۇرۇش تۇرمۇش قىياپىتىنى يېڭىلاشنىڭ ئىلھامچىسى، ئۆزىنىڭمۇ، باشقا بىرىنىڭمۇ گېپىگە ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئىشىنىش روھى، ئادەمنىڭ جامائەت ئىچىدىن ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق مېۋە تەقدىم قىلىش يولى بىلەن ھالقىپ چىقىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسى. ئالايلۇق، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكىلەر پىكىر يۆنىلىشى، ھەتتا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلىرى تامامەن ئوخشاش تۇرۇقلۇق ئوخشىمىغان نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردىكى تۈگۈن ئەنە شۇ ئىجادىيەتنى ياشاش قىياپىتىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئايلاندۇرماسلىق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئايلاندۇرالىغانلار ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنيا-

① كارنىگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 319 ـ، 320 ـ بەتلەر.

سىدىن ئۆرلىگەن نۇرى ئىھسان بىلەن دائىم ئىلھاملىنىپ ئۆزى-
نىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن سەكرەيدۇ، ئۆسىدۇ، ھالقىيدۇ،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇنداق سىلىشتۇرۇشى بەھۇزۇر، تەبىئىي،
ۋىجدانەن بولۇپ، ھېچقانداق ھەسەت ئوتىنى باشقىلارغا تۇتاش-
تۇرمايدۇ. ئۇتالمىغانلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ سىلىشتۇرۇشى ئۇتقۇچى-
لاردەك مەنىۋىيەت تەرەپتە ئەمەس، شەخسىيەت بىلەن تولغان
تاشقى ماددىي بايلىق، ئورۇن، مەرتىۋە، ھەتتا ئەتراپىتىكىلەر
ئېرىشكەن كىچىككىنە نەپلەرگىمۇ چىديالماسلىق دەرىجىسىدە
بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەرقاچان مەنىۋىيەتتە تۆۋەنلەشكە، كىشى-
لىك مۇناسىۋەتتە ساختىلىققا، ھەتتا ئىجادكارلارغا ھەسەت ئوتى
تۇتاشتۇرۇشقا يۈزلىنىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش
ھالىتىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، باشقىلاردىنمۇ ھالقىيالمايدۇ.
جامائەتمۇ ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغان بۇنداق ئادەملەرنى ئاستا -
ئاستا كۆزىتىپ بارىدۇ - دە، ئۇلاردىن ئىجتىمائىيەتكە نەپ
تەگمەيدىغانلىقىنى تولۇق جەزملەشتۈرگەن ھامان قەلب جامىدىن
ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىكار قىلىدۇ. ئەمما، شۇ نەرسە ھەممىمىزگە
خاسىيەت بولىدۇكى، باشقىلاردىن ھالقىپ كەتكۈچىلەر مەجبۇ-
رىيەت ۋە نومۇر يولىنى ھېچ ۋاقىت تەرك ئەتمەي جۇشقۇن
تۇرىدۇ. ئىجادىيەتنى تۇرمۇش قىياپىتى دەپ قاراپ، ئۆزىنى
ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلغان ئىجادىي نەرسىلىرىنى دۇنيانىڭ بىر-
دىنبىر مۆجىزىسى دەپ داپ چالماستىن، ئىنسان ھاياتىنىڭ
نورمال قەدىمىدە قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت دېگەن ئىدىيە
بىلەن كەمتەرانە ئۆلگە بولىدۇ. كۆز ئالدىدا قېرىنداشلىق،
يۇرتداشلىق، ۋەتەنداشلىق. . . ھېسسىياتلىرى بىلەن تۇرمۇش
قىياپىتىنى يېڭىلاشقا تەلمۈرۈپ تۇرغان خەلقىنىڭ غېمىدا بەرپا-
چىلىق قىلىش بويىچە تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ. مۇشۇ خاسىيەت
بىلەن بىز تەربىيەتلىك بولۇپ، مەغرۇرلىنىپ جاھىللىق قىلما-
دىغان، توغرا نەسىھەت ۋە دوستانە ياردەملەرنى رەت قىلمىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوبيېكتىپ ئۆلچەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ھەتتا شەخسىيەتكە بېرىلىپ خەلققە يۈز ئۆرۈيدىغان ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، كەمتەرلىككە يۈزلىنىمىز، يامانلىققا قارشى تۇرۇش، مۇناپىق-لىقنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاش، جەمئىيەتكە ياخشىلىق تېگ-دىغان ئىجادىي پائالىيەتلەرنى دادىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش غەيرىتىگە ئىگە بولىمىز.

2. ھاياتلىق سۆيگۈسى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق ئىجادىي ئادەملەر ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەسىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئويلاي-دۇ. چۈنكى ئىجادىيەت نەتىجىسى دېگەن ھاياتلىقنىڭ ھەممە قاسىنىقىدا ئوخشىمىغان روماللارغا ئورۇنۇۋېلىپ ماراپ تۇرغان پەرىلەرگە ئوخشاش گۈزەللىك دۇنياسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ قايسى قاسىنىقىدىن قايسى پەرىنىڭ يۈزىنى ئېچىش ئامىتى مۇ-ھەببەت ئوتىدا ئۇزاق مۇددەت چاڭقاپ يۈرگەن يىگىتكە خاس ھەرىكەت بولغاندەك ھاياتلىق مۇھەببەتچىسىگە مەنسۇپ نەرسى-دۇر. شۇ تۈپەيلى، ئۇلار ئىلىم - پەن مەنبەلىرىدىن دەرس ئېلىشقا، چاسا كوچىلاردا مېڭىپ كۆرۈشكە، سەنئەت تۈرلىرى-دىن ھوزۇرلىنىشقا، باغۇ بوستانلاردا سەيلە قىلىشقا، دەردمەن-لەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا، مۇھەببەت ئوبيېكتلىرىنى ئە-زىزلەپ قۇچاقلاشقا. . . ئىش قىلىپ ياشاشتا بولىدىغان ھەقىقىي ياخشى ئىشلارغا قىزىقىدۇ. ياشاشنىڭ شۇ مەزمۇنلىرىنى بېيى-تىش ئۈچۈن، ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى قانداق جارى قىل-دۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ بەخت - ئامىتى ۋە لەززەت - مەززىسىنى ھاياتلىقنىڭ بىرەر مەزمۇنى ئۈستىدىكى تەتقىقات، ئىختىرادىن ئىزدەيدۇكى، ئىنسان روھىنى زەئىپلەش-تۈرىدىغان قەھۋەخانىلار، مۇھەببەتسىز مەيدىسىنى ئېچىپ تۇرى-دىغان ھايۋانىي نەپسى تەلەپلەر، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىپ تاشلايدىغان شېرىن - سۇخەن خوتۇنلار، ئۇزاققا بارماي جاننى ئالىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكلەر، ھامان بىر كۈنى ئەسقاتماي-

دىغان ۋاقىتلىق ئەرمەك ۋە نىقابلار، دىلىدا بۇلدۇقلاپ يىغلاۋاتـ-
قان بىچارە قېرىنداشلىرىغا خىيانەت بولىدىغان نەپسى تەقەززا-
سىدىكى تۇرلۇك سودىلار، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشتىن قايمۇ-
قۇپ، قانداقلا نەرسە بولمىسۇن چەت ئەلنىڭكىنى، باشقىلارنىڭ-
كىنى ياخشى دەپ مىللىي غۇرۇرنى يەرگە ئۇرۇشلارنى غەيۇر
شىجائەت بىلەن چۆرۈپ تاشلايدۇ. ھەتتا، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ
مەزمۇنلۇق تەرەپلىرىگە شۇنداق ئامراقكى، ئىجادىيەت مۇددىئا-
سىغا ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىغا ئىگە بىر ئادەمنىڭ ھامان
بىر مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ۋاقىتلىق پايدا ئالالمى-
غانلىقىدىن تۇرمۇشنىڭ ئاللىقانداق ياخشى تەرەپلىرىدىن ۋايسى-
مايدۇ، ئامالسىز تەرەپلىرىنى تەقدىردىن كۆرمەيدۇ، توسالغۇغا
ئۇچراپ قالغاندىمۇ ۋايجان دېمەيدۇ، بەلكى، شۇنداق تەرەپلەرنى
رېئاللىق تارازىسى بويىچە قوبۇل قىلىپ، يەنە بىرمۇنچە نەرسى-
لەرنى ياخشى كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىرىدىن: «نېمە
بىلەن خوشۇڭ يوق» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ دەماللىققا ئېنىق
جاۋاب قىلالماي، «بۇ ئادەم نېمە دەيدىغاندۇ، مەندىكى شاد -
خۇراملىق ھەممىدىن ئاۋۋال تۇرمۇشقا بولغان ھەۋەسلىرىمدىن،
ئاندىن قالسا خەلقىمگە ۋە ئۇنىڭ ياشاش شەكلىگە بولغان مۇھەب-
بىتىمدىن كەلگەن تۇرسا، مەن قانداقسىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
ياخشى كۆرمەيدىغانلىرىمنى مۇشۇ مىنۇتتىلا دەپ بېرەلەيتتىم-
كىن» دەپ ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ياشاشقا شۇنداق قىز-
غىنكى، سىز گەپ سورىغاندا ناۋادا يامغۇر يېغىۋاتقان بولسا،
ئۇ ئۆزى يامغۇردىن مۇداپىئەلىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، سىزگە:
«يامغۇر ياخشى ھەم گۈزەل، يامغۇر بىزگە ھاياجان، دەل -
دەرەخلەرگە ھۇزۇر، ھايۋانلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىدۇ» دەيدۇ
ھەمدە يامغۇرنىڭ ھاياتلىققا بەرگەن لەززىتى بىلەن بەزىدە كەلتۈ-
رىدىغان زىيانلىرىنىمۇ تەبىئىي ئويلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەمگە بېرى-
دىغان ھۇزۇرىنى ئاشۇرۇپ زىيىنىنى كىچىكلىتىشنى تۇرمۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

سەنئەتكارلىقىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يامغۇرغا، قارغا، قارنىڭ ئېرىپ سۇ بولۇشىغا، قاردا چاڭغا تېيىلىشقا، دەريا ـ كۆللەردە قولۋاق ھەيدەشكە قىزىقىدۇ. ئات مىنىشكە، ئاجايىپ ھايۋانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە، ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇزلار، زىرائەت، جان ـ جانىۋارلارغىمۇ قىزىقىدۇ ھەمدە ئاجايىپ زور تەشنالىقى بىلەن شۇ ساھەلەرنىڭ ھەرقاندا-قىدا ئاۋۋال ئوقۇغۇچى بولۇپ ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىكى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھۇزۇر يەتكۈ-زىدىغان تەرەپلىرىنى كۆپەيتىش، زىيان كەلتۈرىدىغان تەرەپلى-رىنى ئازايتىش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقى-قىي شاد ـ خۇراملىقى ھېسابلايدۇ. مانا بۇ ئۇلاردىكى ئىزچىل قىزغىن پوزىتسىيىدۇر. دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەربابلار-نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇستىدە ئىزدەنگەن كارنېگىمۇ ئە-جادىيەت ئۇستىدىكى مۇھىم مەسىلىنىڭ پايدىسىز ئامىلنى پاي-دىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، غالىپلارنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئوڭۇشسىز، پايدىسىز ئامىللارنى ئوڭۇشلۇق، پاي-دىلىق ئامىللارغا ئۆزگەرتىش قىزغىنلىقى بىلەن ئۆتىدىغانلىقى-نى جەزملەشتۈرۈپ: «مۇبادا قولۇمدا ھوقۇقۇم بولىدىغان بولسا ۋىليام بولتوننىڭ ‹ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش داۋامىدا نەپ ئېلىش ئەمەس — بۇ ھەتتا ساراڭلارنىڭ-مۇ قولىدىن كېلىدۇ — بەلكى قانداق قىلىپ پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇش. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قابىلى-يەتكە موھتاج، شۇڭا ئۇ ئەقىللىقلەر بىلەن ئەخمەقلەرنىڭ تۈپ پەرقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ› دېگەن مەشھۇر سۆزىنى تۇچقا ئوي-دۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەممە مەكتەپنىڭ ئالدىغا ئاستۇرۇپ

قويغان بولاتتىم» دەيدۇ[1].

راست، «قىزغىنلىق ئادەم خاسلىقىنىڭ تەبىئىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئۇ بولمايدىكەن، سەندىكى ھەرقانداق قابىلىيەت جايىدا جىمجىت تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىز شۇنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، ئالاھەزەل ھەربىر ئادەمدە ئېچىلمىغان يوشۇرۇن قابىلىيەت بولىدۇ. سەندە بىلىم بولۇشىمۇ مۇمكىن، توغرا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى، ئەلا سۈپەتلىك ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، سەن ئۆز قەلبىڭدىكى ھارارەتنى پىكرىڭگە ۋە ھەرىكىتىڭگە سەرپ قىلمايدىكەنسەن، ھېچكىم ـــ ھەتتا ئۆزۈڭمۇ مەن مۇنداق ئادەم، دېيەلمەيسەن»[2]. . . بۇنداق قىزغىنلىق ئادەم قەلبىدىن، ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ سائەتتە قىلىۋاتقان خىزمىتىگە بولغان چىن مۇھەببەتتىن كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھاياتنىڭ بۇ مۇھەببەتچىلىرىگە ھاياتنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر يادىغا كەلتۈرمىگەن ئالىلىقانداق تەرەپلىرى ئۈمىد كەپتىرى بولۇپ قانات قېقىپ تۇرىدۇ - دە، ئۇلار شۇ ئۈمىد بىلەن «پۇرسەت يوق» دەيدىغان مەغلۇبىيەتچىلەردىن ھالقىپ ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۆزلىرى يارىتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ. فۇلتۇننىڭ كىچىككىنە سۇمبا ئىختىرا قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىنژېنېرى بولۇپ كېتىشى، بىلىنىك تېلېفون ئىجاد قىلىپ دۇنياغا تونۇلۇشى، ئۇيغۇر ئوغلى خالمۇراتنىڭ زىققا كېسەللىكىنى داۋالاشتا رېكورت يارىتىپ دۇنياۋى ئالىم بولۇپ كېتىشى، غازى ئەمەتنىڭ رەسىم ۋە نەقىش ئىجادىيىتى بىلەن دۇنياۋى سەنئەتكار بولۇپ كېتىشى ۋە بۇلارغا ئوخشاپ كېتىدى-

---

① كارنېگ: «قايغۇرمالىق، باتۇرلارچە ياشالىق» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 287 ـ بەت.

② «كارنېگ ھېكمەتلىرى» جوڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، خەنزۇچە نەشرى، 146 ـ بەت.

غان تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئىشقا بولغان مۇھەببەت تۇپەيلى باش كۆتۈرۈپ كەتكەنلەر ئەنە شۇنداق ھاياتنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ياراتقان — ئۇتۇپ چىققانلاردۇر.

شۇنداق بولمايچۇ، بىز ھايات ياشاۋاتقان تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ پۇرسەت كۈتۈش، باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئىجادىيەتتە ئۇتۇپ چىقىشنى ئويلاش ئادەمنى مەڭگۈلۈك نەتىجىسىز قالدۇرىدۇ. ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ئادەم ئۆزىنىڭ ياشاشقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئىچ - ئىچىدىن قوزغىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى، ئىجادىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يولى ئۈستىدە توختىماستىن ئويلىنىش، كۆڭۈل قويۇش، جەبرلەرگە سەۋر قىلىش ئارقىلىق يارىتىدىغان نەرسە. شۇڭا، بىز ئۇتۇپ چىققۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتنى ياشاشنىڭ قىياپىتى، تەبىئىيتى دەيدىغان روھىغا تۇرمۇشنى سۆيۈش روھىنىمۇ قوشۇپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۆزلۈكىنى، تۇرمۇشنى، مىللىي ھاياتنى مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ ئىجاد قىلغاندىلا، چىنلىققا يېقىنلىشىپ ئايرىملىقتىكى ھەقىقەتلەرنى ئومۇملۇققا ئۈستۈرۈش مۇمكىن.

3. ئۆزى ھەققىدە ئوبيېكتىپ خۇلاسە قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ھاياتىدىن باسقۇچلۇق خۇلاسە قىلغاندا، خاتالىقلاردىن ساۋاق ئالىدۇ، ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمايدۇ، دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن بەزى ئىشلارنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە ۋەدىلەر قىلىدۇ. لېكىن، شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە نەپرەتلىنىپ: «ئىست» دېمەيدۇ، ھەممىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنى قارشى ئېلىنمايدىغان كېرەكسىز ئادەم ھېسابلىمايدۇ. بۇرۇنقى بەزى قىلمىشلىرىدىن ھازىرقى كۈندە بەزگەنلىكى ئۈچۈنمۇ قايتىدىن تىت - تىت بولمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن نېمىلەرگىدۇر ئاھ ئۇرۇپ يۈرمەيدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ ئۆكۈندۈرمەي-

دۇ. چۈنكى ئۇلار خاتالىق سادىر قىلماي ھېچكىمنىڭ ئۇلۇغ ياكى مۇنەۋۋەر بولالمايدىغانلىقىنى، كېيىنكى پۇشايماننىڭ ئۆزىدىگە دۇشمەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىپ توۋا قىلىشنىڭ ئاھ ئۇرۇش، پۇشايمان قىلىشتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش قىممەتلىك بەدەلگە كەلگەن تەجرىبىدىن جىددىي ئالدىغا قاراشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار دوستلۇقنى ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلايدۇ، ئادەمگە ياخشى دوستتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئېغىر دەرد بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە دوستلۇقنى پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە، قېرىنداش خەلقىگە، دوستلىرىغا كۆيۈنۈپ خىزمەت قىلىش دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا، خۇشخۇيلۇق بىلەن كىشىلەرگە ئەدەپ قىلىدۇ. باشقىلارنى ئەيىبلەش ئارقىلىق تىزگىنلەشنى ئويلىمايدۇ، باشقىلارغا نەدىكى مەرتىۋىلىرىنى پەش قىلىپ يوغانچىلىق قىلمايدۇ. ئىنسان ھۆرمىتىنى قەدىرلەشنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالىيجانابلىق دەپ بىلىدۇ. ناۋادا باشقىلار ئۇلارنى ئەيىبلەپ قالسا، ئۇلارغىمۇ دەرغەزەپ قىلىپ ۋارقىراپ يۈرمەيدۇ، پەقەت ئۇلارنى پىسەنتكە ئالماي تاشلاپ قويىدۇ، خالاس. كۆڭۈلسىز ئىشلار چىقىپ قالغان تەقدىردە، ئۆزلىرى ئۇ تەرەپتە ھەرىكەت قىلىدىغان ھارامزادىلەردىن بولمىغاچقا، چېچىلىپ قوپاللىق قىلماي، ئىچكى دۇنياسىنى بەخىرامان تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق بەخىرامان تۇرالىشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان زېرەك، كەڭ قورساقلىقىدىن بولۇپ، «ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام قانداق قىلار ئىدىم» دېگەننى كەچۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ تامامەن خاتالاشقان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى خاتالاشقان ھېسابلىمايدىغانلىقىنى، ئەيىبلەش دېگەننى ھەرقانداق سارالڭ ئادەممۇ قىلالىغانلىقتىن، ئەيىبلەش ئەيىبلىگۈچىنى شۇ قەدەر يەرگە ئۇرۇدىغانلىقىنى چۈ-

شىندۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سەۋەبنى ئېنىقلا-
ش، ھەتتا گاس ئاڭلىيالايدىغان، گاچا چۈشىنەلەيدىغان مېھرى-
بانلىق يولى بىلەن ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزىنى چۈشىنىشنى
ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەم كىشىلەرنى ئەيىبلەپ ئەدەپتىن چىقىپ
كەتمەيدۇ، ھەم خاتالاشقۇچىنىمۇ ئەدەپكە كەلتۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئەقىل مەركىزىدە ئۆتمۈشنى قولدىن
بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇش، ئۆكۈنۈش، بۇرۇن بې-
رەر ئىشنى توغرا قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ كە-
يىپسىزلىنىش، باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىقنى ئەيىبلەش يولى بى-
لەن كۆچەيتىپ ئۆزىنى چوڭچايتىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەخمىقانە ئىش-
لار ئەمەس، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا يېڭى چارە قى-
لىش، رېئاللىق ئاساسىدا يۈكسەك نىشان تاللاپ ئىلگىرىلەش،
خۇشاللىقنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ روھ - ھە! تەبىئىيكى، ئۇچقۇچى،
ئالىم، ئىختىراچى، سەنئەتكارلارنىڭ بۇ پەزىلىتى بىزگە تارازا
دانىشمەن كارنېگ تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت پاراسىتىنىڭ شانلىق
نۇرى» دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ زات لىنكولنىمۇ ئۇتقۇچى سەنئەت-
كارلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىپ دوستلۇقنى
قەدىرلەش روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان. قوپاللىقنى ئەقىلسىزلىق
قاتارىغا قويغان: «كىشىلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىپ، يامان
تەسىر قالدۇرسىڭىز، ئالەمدىكى بارلىق ئەقىدە - قائىدىلەرنى
سۆزلەپمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالمايسىز. دائىملا تەنبىھ بېرى-
دىغان ئاتا - ئانىلار، زالىم ئەمەلدارلار ۋە رەھىمسىز ئەركەك-
لەر، كوت - خوتۇنلار بىلىشلىرى كېرەككى، ئىنساننىڭ
ھېسسىياتىنى ئاسان ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، باشقىلارنى مەج-
بۇرلاپ ئۆز گېپىڭىزگە كۆندۈرەلمەيسىز؛ پەقەت سىلىق، دوس-
تانە پوزىتسىيىدە بولغىنىڭىزدىلا پىكرىڭىزگە كۆندۈرەلەيسىز،
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىلىق، دوستانە بولۇڭ!»

بۇ لىنكولىن بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇن قىلغان سۆز. ئۇ يەنە: «بىر تامچە ئۆت سۈيۈقلۇقىغا قارىغاندا، بىر تامچە ھەسەلگە چىۋىن كۆپ ئولىشىدۇ دېگەن قەدىمكى يىمىرىلمەس ھەقىقەت بار. ئادەممۇ شۇنداق، ئەگەر سىز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقاي دېسىڭىز، ئۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي دوست ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈڭ. شۇندىلا خۇددى بىر تامچە ھەسەلدەك كىشىلەر رايىنى ئۆزىڭىزگە تارتالايسىز ھەم داغدام يولدا بەھۇزۇر ماڭالايسىز» دېگەن[1].

راست، «قوپاللىق — روھىي گادايلىق»[2]، «ئەدەپسىزلىك — جاھىللىق ئورۇقى»[3]، «ئەدەپ ئەڭ مۇھىم ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ بىرى، بۇ خىسلەتنىڭ يوق بولۇشى سەۋەبىدىن كۆپىنچە ئەڭ زور تالانتلارمۇ گۇمران بولىدۇ»[4]. ئىشلەش ئارقىسىدا ھەرقانداق تەشۋىش تۇگەيدۇ، خاتالىقلارمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا كىشىلەر كۆڭلىدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇنداق ئىكەن، قوپاللىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

قاراڭلار، بۇگۈنكى ھاياتىمىزدىكى ئايرىم قوپال كىشىلەرنى، ئۇلارمۇ كېلەچەكتە خەلقىمىز بىلەن بىللە ياشايدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى چاغلىمايدىغان يەرلىرىگە شۇنداق دەيمىزكى، ھەي، ئىنساپ قىلىڭلار، سىلەر خەلقنى ياراتمىغان، خەلق سىلەرنى ياراتتى!

— بىز ئۆزىمىزدە ئەدەپ تۇيغۇسىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك، — دەيدۇ گيۇتى، — بەزىدە ئادەملەر ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تېزلا قولدىن بېرىپ قويۇشىمىزمۇ مۇمكىن، بۇ ئادەمگە غايەت زور قىممەتكە چۈشىدۇ

---

① كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 240 ـ بەت.

②③④ «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 698 ـ بەت، 694 ـ، 695 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئەپسۇسكى، ئۆز ئەۋلادىمىزنىمۇ بۇ ئېغىر قەرزدىن قۇتۇلدۇ-
رالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئۇيغۇر مۇھىتىدىكى ئاجايىپ تاۋازۇ،
خۇش پېئىل، ئەدەپ - دىيانەتلىك، سالام - سائەت ئادەتلىرى-
مىزنىڭ بەزى قىلىقسىز ئادەملىرىمىزدە قوپال دىۋەڭلىككە ئاي-
لىنىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئەدەپسىزلىكنىڭ ئەۋلا-
دىمىزغا كەلتۈرىدىغان تالاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن
ئۆزىمىزنى ئەدەپلەش، خۇشخۇيلۇقنىڭ ئاساسى نىيەتنى پاكلاش،
خاتالىقلار ئالدىدا سەمىمىي بولۇپ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ
تېخىمۇ ئىلگىرىلەش ئەقىلنىڭ تەقەززاسى، ئەلۋەتتە.

4 . كەلگۈسىگە قايغۇرۇشتىن ھەرىكەت قىلىشنى ئەلا بىلى-
دۇ. بۇنداق ئىجادكارلار يىراق كەلگۈسى ئۈچۈن، «ئۇنداق
بولسا قانداق قىلارمەن، مۇنداق بولسا قانداق قىلارمەن» دەپ
قايغۇرمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ بۇنداق قايغۇرۇشلىرىغا ھامىي بو-
لۇپ چۈچۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار قەلب تەشۋىشلىرىنىڭ
ئادەمنى ھەرقانداق ئىشتىنمۇ كۆپرەك ھارغۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى
بىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرگىز غەم -
قايغۇدىمۇ ئۇلۇغۋارلىق بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى
«قايغۇرۇش تۇپەيلىدىن يۈرەك پارە - پارە بولغاندا، بىزنىڭ
روھىمىزمۇ ھەمىشە خۇددى ئورمانلىقتا ئېزىپ قالغان يولۇچى-
دەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىز قورقۇنچ ئىچىدە بارلىق نىشان
سەزگۈلىرىدىن مەھرۇم بولىمىز، بىرەر يول تېپىش ئۈچۈن،
دەرەخلەرگە ئۇسۇۋالىمىز، تاشلارغا پۇتلىشىپ كېتىمىز. دەل
مۇشۇ پەيتتە بىر يول — ئېتىقاد يولى ئېچىلىپ، توغرىدىن
- توغرا ئىرماش - چىرماش مۇشكۇللۇككە ئېلىپ بېرىپ، بىز
ئىزدەپ يۈرگەن كەڭ يولغا باشلايدۇ»①. لېكىن، بۇنداق يول

---

① ھېلېبىن كېللېر: «ئەقىل پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر
نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 129 - بەت.

مىڭلاپ تۇرمۇش سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئېچىلغاچقا، ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆز ئالدىدىكى ئۆزلىرىنىڭ قولى بىلەن بىرتەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان ئازاب — ئوقۇبەتلەرنى دەپ غەم - قايغۇنىڭ تاغلىرىغا ئۆزىنى باستۇرۇپ يۈرمەسلىك ئاساسلىق ۋەزىپە بولىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ھەرقاچان ئۆزلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. رېئال تۇرمۇشىمىزدا غەم - قايغۇغا، ئۈمىدسىزلىككە ئورۇن يوق؛ ئۇ دېگەن زېھنىي قۇۋۋەتنى خورىتىدۇ، ئادەمنى ھەتتا ۋەھىمە ئىلاھلىرىغا تۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىغا نىسبەتەن نادانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھازىرىمىزنىڭ پۈتۈن كۈچى كەلگۈسىمىز ئۈچۈن پىكىر قىلىشتا، ئىجاد قىلىشتا، ھازىرقى توغرا پىكرىمىز، ئىجادىيەت ھەرىكىتىمىز كەلگۈسىدە ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ھەرىكەت قىلىپ تەدبىر قوللانماي قايغۇرۇۋېرىش ئۆلۈش ۋەھىمىسى بولسا، ئەمگەك، ئەقلىي تەدبىرلەر ھاياتلىقنىڭ بەختكە قاراپ يۈزلىنىشىدۇر. شۇ تۈپەيلى رېئال تۇرمۇش قەدەملىرىمىزنى كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇرۇش ئورنىغا دەسسىتىش ھاياتنىڭ شەرتىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشى ئالدى بىلەن ھەرقانداق ئۇلۇغلۇقنىڭ بېشى ئادەم قولىدا قىلىنىۋاتقان ئىش بولسا، ئاندىن قالسا كىشىلىك ھايات نىشانىدا يېتىلگەن ھەرقانداق سەۋىيە ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمىغانلىقىدۇر. دەر ھەقىقەتكى، ھاياتنىڭ بۈگۈنكى نىشانى كەلگۈسىگە تەڭ ئەمەس، كۈن بۈگۈنكىدىن ئۆتسە ئەتىسى دائىمىي ئۆزگىرىش ئىچىدىن ئۆسۈپ بارىدۇ. شۇڭا، ئادەم بۈگۈنكى ئىشنى پۈختا قىلىشنى ئەتىكى ئۇستۇنرەك نىشان ئۈچۈن ئۇل تاش قىلىشقا بولىدۇكى، بۈگۈندە تۇرۇپ ئەتىگە ھۆكۈم قىلىپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بۈگۈن چىققان چوققىنى ئەتىكى تۇرمۇش سەنئەتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشقا بولىدۇكى، ياشاش سەنئىتى

بۈگۈنكى مەن چىققان چوققىدا ۋايىغا يەتتى، دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ تورمۇش سەنئىتىدە يۇقىرى چوققىلارغا چىقىشى گۈزەللىك تاللاش بويىچە ئۆتۈش بولسا، ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ توختاپ قېلىش ياكى كەلگۈسىنى چوققىلاردىن ئۈزلۈكسىز ھالقىش ئارقىلىق قۇرۇش تەييارلىقىدا بولماستىن، ئۆزى چىقىپ بولغان يۇقىرىدىكى گۈزەللىك بىلەن ئىش ئەپلەشنىڭ غېمىدە بولۇش ھاياتلىق پاراستىنى دەپنە قىلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ ھەقىقەتەن بىزگە يەنە، ئۆزىنى ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى يەپ يىپەك غوزەكلىرىنى توقۇۋاتقان پىلە قۇرتى ۋە كۆيۈپ باشقىلارغا يورۇقلۇق بەرگۈچى شام ئورنىغا قويۇپ، قولىدىكى ئىشلارنى پۇختا قىلىشنىڭ غەمىدىن خالاس بولۇش، يېڭىۋاشتىن ئۇلۇغلۇققا قەدەم بېسىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

5. ھازىرنى كەلگۈسىدىن قەدىرلەيدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار: «ئالىم ـ سەنئەتكارنى ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، ئۇلار گەرچە ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان، ھەتتا كەلگۈسىگە مىڭ يىللار ھالقىيدىغان بولسىمۇ ئۆز دەۋرىدىن چەتنىگەن، ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ھاياتىدىن چەتنىگەن، خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى، شادلىقى ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان، خەلق دۈشمەنلىرىگە پايپېتەك بولغان كىشى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىدە بولىدۇ، ھەمدە شۇ ئىدىيە بويىچە ھەممە ئىشنى كۆز ئالدىدىكى ھەربىر مىنۇتقا ئۇلايدۇ. كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ بالىسى، بۈگۈنكى ئىشلارنىمۇ تامامەن بۈگۈنكى پۇختا ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ، ئادىمىي ھايات گويا بىر ۋاراق ئاق قەغەز بولسا، ياشاۋاتقان مۇشۇ كۈنلىرىمىزدە قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭغا رەسىم سىزغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ھاياتىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ھاسىل قىلالايمىز، ياشاشنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى مانا مۇشۇنداق بۈگۈن

ئۇچۇن ئىجاد قىلىشتا دېگەن ئەقىدىدە بولىدۇ.
بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، تەخمىنەن 90 پىرسەنت ئىش ياخ-
شى، 10 پىرسەنت ئىش ياخشى ئەمەس، ـ دەيدۇ ئۇتۇق قازانغۇ-
چىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يەكۈنلىگەن كارنېگ، ـــ ئەگەر سىز
تۇرمۇشىڭىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەي دېسىڭىز، روھىڭىزنى ئا-
شۇ 90 پىرسەنت ياخشى ئىش ئۈستىگە قويۇشىڭىز كېرەك؛
ئەگەر سىز غەم ـ ئەندىشە قىلاي ياكى ئاشقازان يالللۇغى كېسەل-
لىكىگە گىرىپتار بولاي دېسىڭىز، ئۇ هالدا زېهنىڭىزنى 10
پىرسەنت يامان ئىش ئۈستىگە قويسىڭىز بولىدۇ[1].
راست، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان، «كەلگۈسى لاغايلاپ
كېچىكىپ كېلىدۇ، ھازىر خۇددى ئاتقان ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ
كېتىدۇ، ئۆتمۈش تۇرغان يېرىدە مەڭگۈ مىدىرلىمايدۇ»[2]. يەنە
كېلىپ، بالا ـ قازا بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۈز بېرىدۇكى،
ئەتىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ! بىر ئادەم گەپتىن ھەرىكەتنى ئەلا
بىلىدىغان، دېگىنىنى ئەمەلدە قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىش ـ
ھەرىكىتىدە ھايال بولمايلا ئۈنۈم بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشى-
مىزدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، دېگەن ئىشنى ۋاقتىدا قىلىدىغانلا-
رنى ھۆرمەتلەپ، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلاردىن زېرىكىپ كېتىدى-
غاندىمىز؟ بۇمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۈنۈمى ئېنىق
بولىدىغان ئىش، ئۆتۈپ چىققۇچىلارنىڭ بىلىنمىگەن دۇنيادىن
قورقماي يېڭى ـ يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى، ھەرقاچان
كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتنى قەدىرلىشى ئىنسان ھاياتىدىكى بىردىن-
بىر پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش ئەمەسمۇ؟ قايسى دېلىغۇل، قاي-
سى سۆرەمپالاس ۋە ياكى ئۇلۇغ غايە ۋە ئارزۇلاردىن خالىي

[1] «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 49 ـ
بەت.
[2] شېللېر شۇنداق دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قايسى گەپتان ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ھۇزۇر ئېلىپ كەلگەن دەيسىلەر؟ ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ جىسمانىي تەلەپلىرى ئۈچۈن ناگان - ناگاندا بىر دەملىك ھۇزۇر بېغىشلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنداق-لارنىڭ جامائەتچىلىكتىكى ئورنىنى قانداقمۇ ئىش - ھەرىكەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان، ئىشلارنى ئالدىغا سۈرۈپ قىلىدىغان، ھەتتا ئىشنى تالىشىپ قىلىپ باشقىلارنىڭ قولىنى سوۋۇتىدىغان چەبدەس ئادەملەرگە، راستچىل ئادەملەرگە، پىكىر قىلىشقا پۇختا ئادەملەرگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن دەيسىلەر؟ ئىجادىيەتتە ئۇتۇپ چىقىدىغانلارنىڭ دائىم دەۋر تومۇرىنىڭ رىتىمى بىلەن ھەمنەپەس ھالدا خۇشال يۈرۈشى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئىش ئەمە-گەكتىن خۇشاللىنىش، ئۆگىنىشتىن خۇشاللىنىش، كۆز ئالدى-دا ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ئىجادىي پائالىيىتىدىن بەخت ھېس قىلىش، يار - بۇرادەرلىرىگە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىدىن راھەتلىنىش روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن بولسا كېرەك. بىزمۇ مۇنداق راھەتلەرنى مەززە قىلساق بولمامدۇ؟ بۇ ئېھتىمال ئۆز تەبىئىتىمىزدىكى ساختىلىقتا ئۇرۇنۇش ھاسىل قىلىدىغان جايلى-رىمىزغا ئۆزىمىز قارشى تۇرغۇدەك غەيرەتكە كەلمىگۈچە مۇم-كىن بولمايدۇ. چۈنكى، جان باقارلىق ئۈچۈن يازىدىغان، شەرھلەيدىغان، ئوبيېكتىپ پاكىتلارغا قارىماي ماختاپ ياكى تىللاپ سۆزلەيدىغان، ھەقىقىي باتۇرلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى ئالدىدا خۇشامەتگويلۇق قىلىدى-غان، بىلەرمەنلىك بىلەن گەپتانلىق قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ، ئەمما، ئالدىمىزدىكى رېئاللىقتىن جامائەتنىڭ بەختىگە يول ئا-چىدىغان ھەقىقەتلەر روھىي دۇنيادا پاك ئادەملەردىن مەيدانغا كېلىدۇ. روھنى پاكلىغاندىلا، ئادەمدە ھەقىقەتكە تەلپۈنۈش كەي-پىياتى ئۇرغۇيدۇ، ھەقىقەتكە تەلپۈنۈش كەيپىياتى ئۇرلىگەندى-لا، جاسارەتكە تولۇپ ئىجاد قىلغىلى، ئۆزى ئۆلسىمۇ، ئۆزىدىن كېيىن نامى ئۆلمەيدىغان بىر نەرسە قالدۇرۇشقا ئىمكانىيەت

تۇسكە كىرگۈزىدىغان تىنىقىنى بوغۇپ تاشلايدۇ.

تازا سۇرۇشتۇرۇپ كەلگەندە، دۇنيادىكى ئۇلۇغلارمۇ ئەنە شۇنداق ھەرئىشنى ئۆزگىچە قىلىدىغان، ئىش قىلغاندىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىپ قىلىدىغان خاسلىقتا ئىگە ئادەملەردۇر. ھەرقانداق ئىجادىيەتمۇ ئالدى بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. بۇ خۇد-دى بەزىلەر بىزنىڭ فارابى، مەھمۇد، يۈسۈپ، نەۋائىلىرىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تۇغقان مىللەتلەرگە ئورتاق دېسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئالدى بىلەن سەييارىمىزدا بەنايەت ئۇزاق تارىخلىق مەدەنىيەت ساپاسى بار ئۇيغۇر خاسلىقىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئاندىن ئۇ تۇغقانلىرىمىزغا ئور-تاق بولغانغا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئۇلۇغلاردىكى خاسلىقنى ئۇلۇغلاش ھەممىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئېتىزىدىن ھو-سۇل ئېلىشىمىزدىكى شەرتتۇر.

ئەمما، ئۇلاردا شۇنداق قەدىرلىك بىر يەر باركى، ئۇلار ئىجادىيەتتە شۇنداق مۇستەقىل بولغان بىلەن ئۇلار يەنە دوست-لۇقنى قەدىرلىگەچكە، ئۆزى بىلەن تەڭلا باشقىلارنىڭ ئەركىنى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇشىنى قەدىرلەپ، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۇلارغا تاڭماي-دۇ. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە، مەخپىيىتىگە ياتىدى-غان نەرسىلەرگە قەتئىي ئارىلاشمايدۇ، ئۆزىنىڭ كىشىگە ئېي-تىشقا بولمايدىغان مەخپىيەتلىكىنى سورىغۇچىلارغىمۇ «سەنمۇ تايىنلىق ئىكەنسەن» دەپ قويىدۇ. ناۋادا بەزىلەر ئۆزىگە بېقىن-ماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ بېقىنىشىنى ئىككىلەنمەي رەت قىلىدۇ. چۈنكى بېقىنىش ھەم بېقىندۇرۇش دېگەن ئىنساننىڭ ئەركىن-لىك روھىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئۇلار دوستلىرىنىڭمۇ ئۆز ئال-دىغا تالپىنىدىغان، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان، مۇستەقىللىقى كۈچلۈك ئادەملەردىن بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى بىز ئىجادىيەتتە قەتئىي ئىككىلەنمەيدىغان مۇستەقىلچى، خاس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقنى قەدىرلىگۈچى دەپ بىلسەك، مۇناسىۋەتتە ئىنسانىيەتكە، خەلقىگە، يار ـ بۇرادەرلىرىگە چىن مۇھەببەت باغلىغۇچى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇلارنىڭ نىسپىي مۇستەقىل خاسلىقىنى قەدىرلىگۈچى دەپ بىلىمىز. شۇنداقلا كۆڭلىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە: «ھەسەتخورلۇق — نادانلىقتىن، دورامچىلىق — ئۆزىنى خاراب قىلىشتىنلا ئىبارەت؛ ھەربىر كىشىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمى؛ جاھاندا ياخشى نەرسىلەر تولۇپ ياتقان تەقدىردىمۇ، تىرىشمىساڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن، سېنىڭ ئۆزۈڭدىكى كۈچۈڭ تەڭداشسىز، ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىڭ پەقەت ئۆزۈڭگىلا ئايان، لېكىن سەن راستتىنلا قىلىپ كۆرمىسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ راستتىن نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىڭنى ھەتتا ئۆزۈڭمۇ بىلمەي قالىسەن» دېگەننى زىكرى قىلىمىز.

ئۇلاردا مانا شۇنداق خاسلىق پەزىلىتى بولغانلىقتىن، بولغاندىمۇ دوستلۇقتىن، جامائىتىدىن ئايرىلمايدىغان خاسلىق بولغانلىقتىن، ئۇلار جامائىتىدىن مەدەت ئالغان ھالدا ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇشنى تالانتقا يۈرۈش قىلىشنىڭ دەسمايىسى قىلىدۇ. كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋالماي، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنى يېڭىلاش كويىدا بولىدۇ. ئەمما، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئاسىيلىق قىلماستىن، زامان ئېتىبارى ئۆزىنىڭ تاللىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىر ئادەم يېڭى بىر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھە دېسىلا ئۆتمۈشنىڭ مۇنكىر ـ نەكىرلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتمەسلىكى، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەنلا كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئەخمەقلەر ئارىلاشقان سورۇنلاردا تولىدىن ـ تولا ئولتۇرۇپ كەتمەسلىكى، يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قورۇق گەپنى كۆپ قىلماسلىقى، ئۆزى ئۈچۈن سەگەك ۋە ئۇنۇملۈك ياشاشنىڭ مىزانىنى بەلگىلەپ، تالانت ئارتۇقچىلىقىنى

جەمئىيەتكە قانداق تۇردە ئۇچۇشلۇق تەقدىم قىلىشىنىڭ ئېپىنى تېپىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

راست، ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزىدىلا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان مۇستەقىل، يېگانە بىر ئادەم بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرقاچان باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تالانت خاسلىقى يوشۇرۇنىدۇ. بۇنداق يوشۇرۇنلۇق ئۇنى باشقا ئادەمگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىق ياكى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كونىرىغان قائىدىلەردىن ھالقىپ تۇرۇپ يېڭى ئىش قىلغاندا، ھەتتا ئۆزىدىكى بۇنداق ئۇستۇنلۇكنى تازا جۇلالىنىپ باشقىلارنىڭ زوقىنى تارتقۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەندە، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزى ياشاۋاتقان زامان، ماكانىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى ئىكەنلىكىنى تونۇتالايدۇ. ئادەم دېگەندە ئەنە شۇنداق ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىدىكى يېڭىلىقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كارامەت كۆرسىتىش روھى بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق روھ ياكى ئىشەنچ بولغاندا، ئۇ ئادەم باشقىلارنى دوراپلا يۈرۈشتىن نومۇس قىلىدىغان، باشقىلار قىلىۋاتقان ئىشنى دوراپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن «ئەجەبمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمىدىم» دەپ ھەسەت قىلىشنى چۈپەيلىك ھېسابلايدىغان، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئاچىدىغان ھەقىقىي ھايات تىرىكلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇلۇغ نەتىجە يارىتالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىكى يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك، ئارتۇقچىلىق بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا «كۆرسەتمىسەڭ ياڭزاڭنى، تاشلاپ بېرىمەن جاڭزاڭنى» دەيدىغان يەرگە بېرىپ قالمايدۇ - دە، جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتتىن قالمايدۇ.

بۇ بىزنىڭ بىردەملىك ھاياجان ياكى سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىز بىلەنلا ئېيتىلىۋاتقان سۆز ئەمەس، دۇنيادىكى ناھايىتى كۆپ مۇتەپەككۇر، پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىنغان ئەقىلدۇر. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنى باشقىلار-
نىڭ قېلىپىغا سېلىش ھاجەت بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ كاتتا
پەيلاسوپ ھەم پسىخولوگى ۋىلىيام جېيمس مۇنداق دېگەن: كى-
شىلەر ئەمەلىيەتتە ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ 10پىرسەنتىنىلا ئىش-
لىتىۋاتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كىشىلەر تېخى ئۆزىنى بايقى-
مىدى، دېسەك قىلچىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. «بىز ئۆزد-
مىزدە ھازىرلىغان ماھىيەتكە سېلىشتۇرغاندا» دەپ يازىدۇ جې-
مىس، — «بىز تېخى يېرىم ئويغاق، خالاس. بىز ۋۇجۇدد-
مىزدىكى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئازغىنە بايلىقتىنلا پايدىلىنىۋا-
تىمىز، ئېچىلمىغان بايلىقىمىز تېخى ناھايىتى كۆپ، بىز نۇر-
غۇن ئىقتىدارىمىزنى كۆنگەن ئادىتىمىز بويىچە خاراب قىلىۋاتى-
مىز»①.

دانىشمەن كارنېگ بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ «جاھاندارچىلىق
سەنئىتى» دېگەن كىتابىغا نەقىل قىلىپ ئېلىش بىلەن بىر
چاغدا، ئۇنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېگەن: «سىزمۇ، مەنمۇ
مۇشۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە، شۇڭا مەن باشقىلارغا
ئوخشىمايمەن دەپ قايغۇرۇپ ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىشىنىڭ ئورنى
يوق. سىز بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي يېپيېڭى، ئالدىڭىزدا قەدىمكىلەر
يوق، كەينىڭىزدىمۇ كېيىنكىلەر يوق. ئىرسىيەت ئىلمى ئالىم-
لىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سىز 48 بويالغۇچى تەنچىنىڭ
ئۆزئارا بىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ يىگىرمە تۆتى داد-
ڭىزدىن، يىگىرمە تۆتى ئانىڭىزدىن كەلگەن، شېنفىلىدنىڭ گې-
پىچە بولغاندا، «ھەربىر بويالغۇچى تەنچە ئىچىدە يۈزلىگەن
ئىرسىيەت گېنى بولىدۇ، ھەربىر گېن سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتى-
ڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ». شۇڭا، بىز ھەقىقەتەن «ئەقىلگە

① «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇر-
چە نەشرى، 10 ـ بەت.

سىغمايدىغان، ئىنتايىن ئاجايىپ» بىر بىرىكمە ھېسابلىنىمىز.

سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ بويالغۇچى تەنچىسىنىڭ بىرىكمىسىدىن سىزنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتىڭىزنىڭ ھاسىل بولۇش ئېھتىماللىقى 30 مىليوندىن بىر بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋادا سىزنىڭ 30 مىليون ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىلڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ سىزگە ئوخشىشىدىغان يېرى بولىدۇ ـ يۇ، سىز يەنىلا جاھاندا بىر تەڭداشسىز بولىسىز: بۇ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق قىلىنغان پەرەز ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە گەپ. ئەگەر سىز قىزىقسىڭىز، شېنفېلىد يازغان «سىز ۋە ئىرسىيەت» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ چىقسىڭىز بولىدۇ.

بۇنداق بولۇشى ئادەم تەبىئىتىدىكى گېنلارنىڭ ئوخشاشمالىقى تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ تۇغما تالانتىدا پەرق بولىدىغانلىقى-دىندۇر. ئادەم تالانتى ئەقلىي زېھنىي بۆلۇنمە، كەيپىيات زېھنىي بۆلۇنمىسى، كەسپىي ئىلھام، تۇيغۇنلۇق ۋە ئارتۇقچىلىق، خاتىرە قابىلىيىتى، سان ـ سېپىر ئىلھاملىرى، نىشان ۋە قىياپەتنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى، مۇزىكا سېزىمى، گۈزەللىك سېزىمى، ئىشتىياق سېزىمى، رەھبەرلىك قابىلىيىتى، تەنتەربىيە ئارتۇقچىلىقى، چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش قابىلىيىتى، ئىپادىلەش قابىلىيىتى، ئىنكاس چەبدەسلىكى، زېرەكلىك، ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ھەيران قېلىش خۇسۇسىيىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن يېتىلدۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ سىزدىكى ئىجادىي ئىلھامنى پەقەت ۋە پەقەت سىزدىلا يېتىلدۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ جەھەتتە سىزنىڭ باشقىلارغا قاراپ تۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ بىرى ھامان سىزنىڭ.

ئەمما، سىزدىكى ئىلھام ئۈچ قەدەم بويىچە يېتىلىدۇ. سىز ئىجادكار بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆگىنىشكە بەلنى باغلىۋالغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ئېگىز دۆڭگە چىققان ئۆچكە بولۇپ قېلىشتىن قورقماي، ئۆزىڭىزنى مۇستەقىل ئىجادكار ئورۇندا قويۇپ يىراقتا كۆز تىكىسىز، بۇ سىزنىڭ تەتقىقاتتا كىرىشكىنىڭىزگە يول ئاچىدىغان بىر باسقۇچ بولۇپ، بۇ جەرياندىكى ھەقىقىي ئىزدىنىپ ئۆگە-نىش سىزنى بىرەر پەن ساھەسىدە ئىزدىنىدىغان ئىختىراچىلىق دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئاندىن سىز تۈرلۈك تەرەپلەردىن ئويلايسىز، ئىزدىنىسىز، قانچە كۆپ ئىزدەنسىڭىز يەنە يېڭى قىيىنچىلىقلار ئالدىڭىزدا توغرا تۇرۇۋېلىپ سىزنى قىينايدۇ. ئەمما، سىز بەل قويۇپ بەرمەيسىز. بۇ سىزدىكى ئىلھامنىڭ سىزنى سىناش باسقۇچى بولۇپ، سىز بۇ قىيىنچە-لىقلارغا باش ئەگمەي ئۆگىنىڭچۇ، شۇنداق بىر نۇرنى يا ئىلگە-رى يا ئاخىر كۆرۈپ قالىسىز، بۇ سىز يولۇققان قىيىنچىلىقلار-نى ھەل قىلىدىغان لايىھە، ئۇسۇل ياكى سىز تەشنا بولۇۋاتقان جاۋاب تېزمىسىدۇر. مانا بۇ سىزدىكى ئىلھامنىڭ باشقىلارغا ئوخشىماي سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئۆسۈپ يېتىلىشى بولۇپ، ئۇ سىزنىڭ توغما تالانت پەرقىدىكى ئۇستۇنلۈكىڭىزگە بېرىلگەن مۇكاپات.

يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەربىر ئادەمنىڭ قانداق ئەھۋالدا قانداق ئىلھاملارغا ئىگە بولۇشىمۇ تامامەن پەرقلىق بولۇپ، بەزىلەر ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى مۇگدەك باسقاندا، بەزىلەر ئويغىنىش ئالدىدىكى خاراموش باسقۇچتا، بەزىلەر چاي ئىچىپ پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، بەزىلەر مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئىلھامغا كېلىدۇ. بەلكىم بۇلارمۇ، ئېھتىمال مېڭىمىزدىكى 7 تۈرلۈك ئەقىل مەركىزىدىكى پەرقلەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان سورۇنلارغا ماس قوزغىلىدىغان ئەھۋالىدۇر. بىراق، بۇنىڭغا ئەدىبلەردەك ئوچۇق بىر نېمە دېمەك تەس.

دېمەك، «مەغلۇبىيەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنى بەلگىلەيدىغان-نى سېنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىڭ ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئەڭ

ياخشى سەن بولۇشۇڭدۇر»[1].

راست، بىزدە جامائىتىمىزنى ئۇلۇغلاپ تالانت ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراش ئىدىيىسى ئېغىرلاپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇلارنى گەرچە بىزنىڭ جامائەت تۇغقان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلارنىڭ جامائىتىمىزنىڭ چېكىسىدىكى گۈل ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ XX ئەسىر ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئەسىرى بولدى، بىز XXI ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپمۇ يەنىلا ئولاش - چولاش كەتمەن بىلەن ئۆستەڭ چېپىشقا ئوخشاش ئەنئەنىدە تۇرۇپ، ئارىمىزدىن ئالاھىدە تالانتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىدە زۆرۈر بولغان ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىسەك بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەنئەنە داۋاملىشىۋەرسە ۋە ئۇنىڭغا زامانىۋى تالانت قارىشى بىلەن ئىسلاھات يۈرگۈزۈلمىسە، بۇنداق ئەنئەنە بارغانسېرى چېكىنىپ ئەخمەقلىشىش تەرەپكە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بىلىش كېرەككى، ساغلام، بۈيۈك مەنىۋى تەرەققىيات ھەرقاچان دەۋر روھىنى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئۇيغۇن گېنىئاللىق ئېڭى (ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنى مەيدانغا چىقىرىش ئېڭى) نى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. گېنىئال ئادەملەر دېگىنىمىز، ھەرىكەت ھالىتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىدىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تالانت ئۈستۈنلۈكىنى، ئارتۇقچىلىقنى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوتتۇرىغا ئاتقۇچى، قەلبىدىكى يوشۇرۇن قۇدرەتنى زامانىنىڭ مەنىۋى چېلىشچىلىرىدىن ھالقىپ چارىستاندا كۆرسەتكۈچىدۇر. توغرا، سەنئەتكارلىق قوغلاشقۇچىنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئالاھىدە تالانت ياكى گېنىئال بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما، ئۆز ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئۇلۇغلارغا يېتىشىۋېلىش جاسارىتىنىڭ بولماسلىقى ھاياتىمىزنىڭ خاتىرىسىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ.

---

① «ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 243 - بەت.

زامانىمىزنىڭ داڭلىق چولپانلىرىدىن ھېنرى فورد ئۆز ھاياتىنىڭ، شىركىتىنىڭ ۋە باشقا ئالىملارنىڭ گېنىئاللىققا يېقىنلاشقان تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق گېنىئاللىققا يېقىنلاش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«فورد ئاپتوموبىل شىركىتىدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئىككى ئادەم بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. يېڭىدىن تۆرەلگەن ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى قۇياش ئاستىدىكى يېڭى شەيئى؛ ئۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان نەرسە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ بولمايدۇ. ياشلاردا ئۆزىگە قارىتا مۇشۇنداق تونۇش بولۇشى كېرەك. ئۆزىدىكى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت ئۇچقۇنلىرىنى تېپىشى ھەمدە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. جەمئىيەت بىلەن مەكتەپمۇ بىر ئامال قىلىپ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى چېنىقتۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن؛ ئۇلار سېنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر مودىغا سالماقچى بولسىمۇ، ئەمما سەن ئاشۇ ئۇچقۇندىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالماسلىقىڭىز لازىم؛ سېنىڭ بىردىنبىر، ھەقىقىي مۇھىم يېرىڭ ئەنە شۇ»①.

7. ئۆزىنى ۋە تەبىئەتنى ئەينەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن، ئۆزىنى ۋە تەبىئەتنى قانداق بولسا شۇ پېتىچە قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، سىز ئۇلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆزىنى تەبىئىي قوبۇل قىلغاندەك تەبىئەتنىمۇ قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان تەبىئەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولمىغانلىقىدىن ۋايسىماي، ئۇنىڭدىكى ئىسسىق - سوغۇق، شامال، يامغۇر، قار، تاغ،

① «ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 243 - بەت.

باغ. . . لارنىڭ ھەممىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ھەرقانداق سىپايىگەرلىك ياكى ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ئاقىلانە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلار تۈپەيلى ھودۇقماي، كەمچىلىكلەر تۈپەيلى مەيۇسلەنمەي، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە خام خىياللارغا ئۆزىنى قۇل قىلىپ تۇتۇپ بېرىشتىن خالىي ھالدا يەڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىكىنى ۋە ئادەم دېگەننىڭ بىر جەھەتتە كامىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتە كەمچىل بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بويى ئېگىز ياكى پاكار، تېرىسى ئاق ياكى سېرىق، تەقى - تۇرقى ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بالىسى سۈپىتىدە شۇنداق تەبىئىي قوبۇل قىلىدۇكى، ھەرگىز سەتەڭ قىزلاردەك ياسادچۇقلۇق قىلغۇسى كېلىپ ئۆكۈنۈپ يۈرمەيدۇ. سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئاددىيلىق دېگەننىڭ ھەممە ئادەمگە تەقدىر ئىكەنلىكىنى ۋە تالانتلارنىڭ شۇ ئاددىي ئادەملەردىن گىزى كەلگەندە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تېگىشلىك شەرتلەرنى ئورۇنداپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن كەم جايلىرىدىن مەيۇسلەنگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ ۋە قەتئىيەتلىكتىن ئىبارەت ئەقىلنىڭ جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتمۈشنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان ناچار ساقىندىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ كۈرەشكە ئۇلار شۇنداق ۋىجدانەن مۇئامىلىدە بولىدۇكى، كىشىلەر تېخىچە بىلمەيدىغان كەمچىل جايلىرى ئۈستىدىن قازانغان كىچىككىنە بىر غەلىبىسىنىمۇ «مەن دېگەن ئادەم، ئادەم دېگەن بىردىنبىر ئۇياتچان مەخلۇق، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇياتتا قالدۇرىدىغان بىر كەمچىلىكىمنى تۈزەتكەن ئىكەنمەن، بۇ ماڭا يېڭىدىن قوشۇلغان بىر كۈچ» دەپ تەبرىكلەيدۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە مەندە مېنى ئارقىدا قالدۇرۇۋاتقان يەنە قانداق كەم جايلار بار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارغانسېرى روھىمنى پاكلاپ، ئىرادەمنى چېنىقتۇرۇپ ماڭمىسام بولمايدۇ، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلغان ئەمەسمۇ؟ «داڭلىق چېلىشچىلار ئۆز بەدىنىنى چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق كۈچلۈك بولغان، داڭلىق ئالىملار زېھنىي ئۇستۇنلۇك ئاساسىدا تىرىشىپ ئالاھىدە تالانتلىق بولغانىكەن، مەنمۇ ئۆزۈمدىكى ئىرادە سۇسلۇقىنىڭ بەلگىلىرى بولغان قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇش، ئىش ـ ھەرىكەتنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىنجىقلىق قىلىش، راھەتكە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن تېرىكىش؛ بىلىم ئېگىلەش ياكى يېڭى ئۆتكەللەرگە بۆسۈپ كىرىشتە ئېرىنچەكلىك قىلىش، ئىش ئۈستىدە يېرىم يولدا بوشىشىپ كېتىش، غايىگە يېتىش يولىدىكى زۆرۈر مۇناسىۋەتلەردە پەۋقۇلئاددە نازۇكلۇق قىلىپ ئىلدام ئىلگىرىلىمەسلىك... قاتارلىق ئىللەتلىرىمنى يېڭىش ئارقىسىدا مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم خوجايىنلىق قىلالايدىغان، ماڭا شەخسىي پايدا بەرمەسىمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن ئورۇندىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارغا ئۆزۈمنى مەجبۇر قىلالايدىغان كامىل ئىنسان بولۇش ئارقىلىق، تەن تۈزۈلۈشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى كەمچىل جايلىرىمنى تولۇقلاپ كېتىشىم كېرەك. بۇ چاغدا ماڭا قاراپ كۈلگەنلەر ئالتە كۈنلۈك يەردە ئارقىدا قالىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەرنى دائىم زىكرى قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار خاسلىقى ئاساسىدا يەنە پۈتكۈل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قەلبىگە سىغدۇرالايدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى گويا تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇخچەۋاتقان دەريا سۈيىگە ياكى ئادەم گۈزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان گۈللەر ئۈنۈپ چىقىدىغان مۇنبەت زېمىنگە ئوخشايدۇ.

راست، ئادەمنى قىلىپ تۇرىدىغان خاسلىق گۈزەللىكى ھەرگىز مەنىۋى جەھەتتە گادايلاشقان قەلب ياكى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ھەم تۇرمۇش شارائىتلىرىدىكى تەبىئىي-

لىككە قارشى مۇشت ئاتىدىغان تەرسالىق بىلەن ئۆسمەيدۇ، بەلكى شۇ تۇرمۇش شارائىتلىرىدىكى چىنلىق، ياخشىلىققا ياتىدىغان بارلىق گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلغان ئويغاق قەلبىنىڭ ئاجايىپ، ھەيۋەت زامانىۋى كۆچكە ئايلانىدۇ. رۇش غەيرىتى بىلەن ئۆسىدۇ. يەنە كېلىپ ھەقىقىي ئادەمنىڭ بۇنداق خاسلىقى، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ، بەلكى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئۆرلەش جەريانى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خاسلىقى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتچان تەرەققىيات ھالىتىدىكى، ئۆزىدىكى چەكسىزلىككە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

8. تۇرمۇشنى تەبىئىي ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ئالدى بىلەن كىچىككىنە كېسەل بىلەن مەيۈسلىنىپ، ئازغىنە قىيىنچىلىققا ۋايساپ يۈرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى كۆرگەندە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ تېخى يېقىندا ئۇچرىغان ۋە سىزمۇ بىلىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارمۇ ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەندەك بىمالال تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي تەرتىپى بويىچە ئۆزىنى ئاسرايدۇ، ئوبدان يەيدۇ، ياخشى ئۇخلايدۇ، تەنھەرىكەت بىلەن چېنىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما، ئۇلار بەختنى جاڭگالدىكى ياۋايىلار يەم قوغلاپ يۈرگەندەك ئەسەبىيلەرچە قوغلاپ يۈرمەيدىغان بولۇپ بولغان ۋە بولغۇسى مۇقەررەر ئىشلار ئۈستىدە بەخت گۈلىنى ئۈزەلمىسە ۋە ئۈزەلمەسلىككە كۆزى يەتسە، بۇلارنى دەپ روھىنى چۇشۇرۇپ مۇكچىيىپ يۈرۈشنى تۇرمۇشنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇش دەپ بىلىدۇ. خۇشال يۈرۈش - تۇرۇش ئادىتىنى تاشقى ئەھۋاللارغا ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىش يولى بىلەن ئۆزىنى ھەم ئۆزگە-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەرنى ئەتىۋارلايدىغان، ھەر ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدىلا كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ، تۇرمۇشتىكى نورمال خۇشاللىقنىمۇ يىراقتىن ئىزدەيدىغان ئەخمەقلىقتىن قۇتۇلىدىغان، ساغلاملىق ۋە خۇشخۇيلۇقتىن ئىبارەت خۇشاللىق ماكانىنى قوغدايدىغان تۇرمۇش تېخنىكىسىنى تۇرمۇشتىكى سەنئەتلىك رىتىم دەپ بىلىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ئاكتىپ ياشاش يولىدا ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەرقانداق ئەخمەقلىق ۋە پەسلىكنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ھاياتلىق ماھارىتىنى قەدەممۇ قەدەم ئاشۇرۇپ بارىدۇ. كىرىمى ئاز، ماددىي مەئىشىتى يوق دېيەرلىك بىر جاپاكەش ھۈنەرۋەن بولسا، ئىلگىرىلەپ ئۆز ئالدىغا زاۋۇت قۇرۇش دەرىجىسىگە يېتىدۇ ۋە ماددىي مەئىشەتنىمۇ ئۆز يولى بىلەن قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ ھەرقانداق ئاددىي ئەمگەكچى ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك تۇرمۇش تېخنىكىسىدۇر. ناۋادا ئۇ بىر ئەقلىي ئەمگەكچى بولسا، ھەربىر ئادەمنىڭ ئانا ۋەتەنگە ھېچقانداق بايلىق بىلەن قايتۇرۇپ بولالمايدىغان قەرزدارچىلىقى بولغان ھەقىقەت يولىدا بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمنى خەلق يولىدا توغرا ئىشلىتىش تارازىسىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ھەم ئىلمىي تەڭلىكلەرنى ئاشۇ روھ بويىچە توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇتۇقتا يېتىپ بارىدۇ - دە، مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلار (زىيالىيلار) دا ئورتاق بولىدىغان كەمبەغەلچىلىكنى چۆرۈۋېتەلمىسىمۇ، مەنىۋى دۇنيادا ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ. بۇنداق تەسەللىي دىندا، سىياسىي غايىلەردە ئېيتىلىدىغان ئابستراكتلىق ياكى پەلسەپەدە ئېيتىلىدىغان مەۋھۇملۇق ھالىتىدە بولماستىن، كونكرېت پاكىت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئېدىسوننىڭ ئېلېكتر تەتقىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ دۇنياغا تونۇلۇپ كېتىشى ۋە مىڭلاپ يازغۇچى، ئالىملارنىڭ ئاشۇنداق نەتىجىلەر بىلەن

خەلقئالەمنى قايىل قىلىشى ئەنە شۇنداق مەنىۋى دۇنيادا ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان سەنئەتكارلىق بولۇپ، بۇمۇ ھەرقانداق بىر ئاددىي ئەقلىي ئەمگەكچى ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا تېگىشلىك ياشاش سەنئىتىدۇر.

ئاندىن قالسا، ئۇلار ياشاشنىڭ تەبىئىيلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن سەمىمىي، سادىق كېلىدۇ. سەمىمىي دېگەندە، ئۇلار:

«بىراۋ قىلسا ئادەت راستلىقى مۇبادا،
كېرەك يوق، بىرەر سۆزنى قىلسا خاتا.
ئەگەر نام چىقارسا يالغانچى دېگەن،
كېيىن قىلسا راست سۆز، ئىشەنچ يوق ئاڭا»①.

دېگەن ئەقىدىدە بولىدۇ. گەپ بولسا دۇدۇقلىماي ئوچۇقلا دەيدۇ، ھەرگىز ئادەم ئالدىمايدۇ. يالغان گەپ قىلىشنى، رېئاللىقنى بۇرمىلاشنى، باشقىلارنى ئالداش، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالداش دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى دۇدۇقلاپ قىلىپ پايدا ئالىمەن دېگۈچە، راست گەپنى ئەركىن سۆزلەپ، باشقىلارغا سەمىمىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلاش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھايات قارىشى تۇرمۇشتا ياخشىلىقنىڭ قىلسا تۈگىمەيدىغانلىقى ۋە ياخشىلىقنىڭ ھەرقانداقىدا ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا خۇشاللىق بېغىشلاش قۇدرىتى بارلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ روھتا تۇرۇش ۋە تەشەببۇس قىلىشى ئىنسانىيەتتە سەمىمىيلىك ۋە ئۇنىڭ ئەركىن بالىسى خۇشاللىقنى ئەزىم دەرياغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر.

— بىر ئادەم، — دەيدۇ ئالىم ھېلېن كېلېر، — ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بىر ئېغىز ئىلھام بېرىدىغان سۆز قىلسا، كىشىگە ئىلھام بېرىپ مېيىقىدا كۈلسە ياكى خەقنىڭ يولىدىكى

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» دىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىز - پەس يەرنى تۈزلىۋەتسە، ئۇنىڭ ئۆزى سەزگەن خۇشاللىق ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ يېقىملىق بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنىۋالىدۇ، ئۇ چوقۇم شۇنىڭغا تايىنىپ ياشىشى كېرەك. بىر مەھەل يوقىتىشقا بولمايدىغان توسالغۇدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ھەمدە بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چېگرىسىنى تېخىمۇ يىراقتىكى خۇشاللىقتا سۇرگەندە، ئۇنىڭغا يېتىدىغان يەنە قانداق خۇشاللىق بولسۇن؟ خۇشاللىقتا تەلپۈنگۈچىلەر جىمجىت ھالدا قىسقىغىنە بىر مىنۇت توختىۋالسا ھەمدە ئويلاپ كۆرسە، شۇنى سېزىۋالالايدۇكى، ئۇلار ھەقىقىي چۈشەنگەن خۇشاللىق خۇددى پۈتىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئوت - چۆپكە ياكى سەھەردە گۈلگە چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرىدەك بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ①.

بىز بۇ ئالىمنىڭ سەممىيەت ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى ھايات تايانچىسى قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەقىدىسىگە قارايدىغان بولساقمۇ، ئۇتۇق قارانغۇچىلارنىڭ يالغانچىلىقنى تۈزىتىپ ياخشىلىق قىلىش ئىدىيىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئېلىنغان ئىلمىي خۇلاسە بولۇپ، بىزنىڭ مەڭگۈ ھەرىكەت قىبلىنامىمىز، قىلىشقا تېگىشلىك ئىدىيە ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشىنىمىز. «ياخشىلىق قىل، ئەمما مىننەت قىلما، چۈنكى پايدىسى ئۆزۈڭگە قايتىدۇ»②.

سەئىدى بۇ نەقىلنى بايان قىلىپ بولۇپ، مال - دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە پېخسىقلىقى بىلەن نامى چىققان باي قارۇننىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمىغانلىقى تۈپەيلى ئاخىر بېرىپ بېشىنى يېگەنلىكىنى ۋە سېخىيلىق بىلەن ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ

---

① «ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 135 - بەت.
② شەيخ سەئىدى: «گۈلىستان»، 274 -، 275 - بەتلەر.

هوشيار بول، سۆزلىسەڭ تامنىڭ تۈۋىدە،
ئارقىدا يات قۇلاق تىڭشاپ قالمىسۇن[1].

شۇنداقلا، دوستلۇقنى خار قىلماسلىق ئۈچۈن، دوست بىلەن دۈشمەننى سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئايرىشقا، دوستنىڭ كۆيۈنۈپ دېگەن سۆزلىرىنى ساختىپەزلەرنىڭ ماختاپ قىلغان سۆزلىرىدىن ئەلا بىلىشكە ماھىر بولىدۇ.

ئەمەس ماختىغان دوست، ئالدامچىدۇر،
مالامەتچىلەر ساڭا ياردەمچىدۇر.
تاتلىق بولسىمۇ قەنت كېسەلگە زىيان،
داۋا بولغاي ئاچچىق، قېرىق دورىلار[2].

9. كۆرەشتە ئېھتىياتچان بولىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرەلەيدىغان تەرەپلەردە چېلىشىدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەلۇم ئىقىملارغا ماسلىشىپ قىلچە ئەھمىيەتسىز كۆرەشلەرنى قىلمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىجتىمائىي ئىسلاھات سەپلىرىدە ئىستىھكاملارغا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان جەڭچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلسا، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بەزىلەر پايپېتەك بولۇۋاتقان تەقدىردىمۇ دورامچۇقلۇق قىلماي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يۈرىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن كۆرەش قىلغاندىمۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا، ۋاقىت شارائىتىغا، كونكرېت سورۇنغا قارىماي تەلۋە قەھرىمانلىق قىلمايدۇ، بەلكى كۆرەش جەريانىدا بىلىنى رۇسلاپ بىر باشقا چىقىش ئۈچۈن، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئېھتىياتەن ئىش قىلىدۇ.

---

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 280 ـ بەت.
② شەيخ سەئدى: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 539 ـ بەت.

— مەن ئىلگىرى مىسسۇرى شتاتىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا بۇنداق ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، — دەيدۇ زامانىمىزنىڭ دانىشمەنلىرىدىن كارنېگ، — مەن ئۇ يەردە تىككەن 20 تۈپ كۆچەت دەسلەپتە ئاجايىپ تېز ئۆسكەنىدى، كېيىن يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ، ھەربىر نوتا شاختا بىر قەۋەت قېلىن مۇز تۇتتى. بۇ كۆچەتلەر ئۈستىدىكى ئېغىرلىققا ئۆز لايىقىدا باش ئەگمەي، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇردى، نەتىجىدە ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي سۇنۇپ، يېرىلىپ، ئاخىرقى ھېساب' ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇلار شىمالدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ پاراسىتىنى ئۆگەنمىگەن. مەن كانادادىكى نەچچە يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى دائىم ياپيېشىل تۇرىدىغان ئورمانلىقتىن ئۆتكەنىدىمۇ، مۇز، قار سۇندۇرۇۋەتكەن يىڭنە يوپۇرماقلىق قارىغايلارنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ ياپيېشىل ئورمانلار قانداق ئېگىلىشنى بىلىدۇ، شاخلىرىنى قانداق ئېگىشنى بىلىدۇ، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى بىلىدۇ①.

كارنېگىنىڭ بۇ سۆزىدىكى ئىككى خىل دەرەخ دەل ياشاش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتتۇپ چىققۇچىلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئېھتىياتچان پوزىتسىيىسىنىڭ ئېنىق تەسۋىرىدۇر.

10. چىدام - غەيرەتلىك بولىدۇ. ئۇلارغا زەن قويغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ باشقىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، لاغايلاپ يۈرىدىغان، ھە دېسىلا مۈگدەيدىغان كىشىلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغان كۆتۈرەڭگۈ روھ، غەيرەت بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆز بەختىنى پېشانىسىدىكى تەردىنلا تاپىدىغان ۋە ھەرقانداق شور پېشانىلىكنى چىداملىق ئەمگىكى ئارقىلىق يېڭىدىغان

① «ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 281 - بەت.

روھ بىلەن ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇلار ئاشۇنداق تىنىمسىز ئىشلىگەنلىرىدە ھەقىقەتەن باشقىلاردىن ئارتۇق چىدام ۋە ئالاھىدە جاسارەت ئىپادىلەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلار-غا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇنداق بېرىلىشى ۋە چارچاشنى بىلمە-گەن تەرىزدە ئىشلىشى ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ھالقىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياق، ھالقىغان كۈچ دېگەن پەقەت ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە ئاز ساندىكى ئادەملەردىلا بولى-دىغان نەرسە، ئۇلاردىكى بۇنداق قىزغىنلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇش-نى، تۇرمۇشتىكى بارلىق پائالىيەتلەرنى، ئىجتىمائىي ھەقىقەت-لەرنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ۋە شۇ مۇھەببەت بىلەن تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل بېزەشكە غەيرەت قىلالايدىغان چىدامغا ئىگە بول-غانلىقىدىندۇر. ئۇلار مۇشۇنداق چىدام - غەيرەتتە بولغانلىرىدا ئاللىقانداق تاماگەر خىياللاردا بولمايدۇ، بەلكى، «ھەرقانداق بىر سەيلە - تاماشا ياكى مەئىشەت، ئاساسلىقى ئادەمنىڭ فىزى-ئولوگىيىلىك تەربىيىلىنىش پۇرسىتى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەمەلىي ئىش ئويلاش، چېنىقىش، ئىشلەش ۋە تۇرمۇشنى چوڭ-قۇرلاپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت مەنىۋى ئۆسۈش جەريانى بولىدۇ، مۇشۇنداق مەنىۋى چېنىقىش جەريانىلا ئادەمنى كامال تاپقۇزالاي-دۇ. شۇڭا، ئادەم ھەتتا سولاققا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئىشلەشكە مۇمكىن بولمىسا ئىجادىي ئويلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تالانتقا ئايلىنىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان چاغلىرىدىكى مەنىۋى پالەچلىكتىن ساقلىنىشى كېرەك» دېگەن ئويدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلىرى نېمىدېگەن توغرا - ھە! دۇنيادا ئەنە شۇنداق ئاز ساندىكى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان كۈچلۈكلەردىن باش-قا، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ئاددىي ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئاددىي ئادەملەرنىڭ چىدام - غەيرەت-تىن باشقا نېمىسى بار؟ ئوتتۇچى سەنئەتكارلار مانا مۇشۇنداق ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقتا ئۆتۈشىدىكى بىردىنبىر قورالى

«چىدام» دېگەننى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا زېرىكىش دېگەندىن ئەسەر بولمايدۇ، ئۇلار باشقىلار زېرىككەن ۋە ئىچى پۇشقانلىرىغا ئىشلەتكەن زېھنىنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىدۇ. ھامان بىر كۈن ئالاھىدە ئۈستۈن شارائىتقا ئىگە بولغان كىشىلەرمۇ غىڭ قىلالمايدىغان بىر ئۇلۇغ نىشانغا يېتىپ بېرىش كويىدا ئالغا باسىدۇ. ئۇلاردىكى بۇنداق سالماق – ۋەزمىنلىك، تىرىشچان – پىداكارلىق ئۇلارنىڭ ئەقىل – پاراسەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئۇلارنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلىك دۇنياسى پەخىرلىنىدىغان ھۆرمەت چوققىلىرىغا چىقىرىدۇ.

راست، دۇنيادا چىدام – غەيرەتنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان يەنە نېمە بار دەيسىلەر؟ تۇرمۇشىمىزدا نى – نى دۆلەتمەنلەرنىڭ بالا – چاقىسى چىدام – غەيرەتنىڭ كەملىكىدىن ئاجىزلار قاتارىغا، ئۇلار كۆزگە ئىلمىغان نامراتلارمۇ، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ چىدام – غەيرەتنىڭ خاسىيىتىدە ئۇلۇغلار قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى بۇنىڭغا پاكىت ئەمەسمۇ؟ قېنى، بىزمۇ سەنئەتكارلىقتا ئۆتۈپ چىقىش ئۈچۈن چىدام – غەيرەت توغرىسىدا زىكرى قىلايلى:

«دۇنيادا چىداملىقنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ‹ئىقتىدار› كارغا كەلمەيدۇ، ‹ئىقتىدار› لىق بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلارنى ناھايىتى تولا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. تالانتمۇ كارغا كەلمەيدۇ، ياخشىلىقنى قايتۇرمىغان تالانت بىز ھەمىشە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىدىغان پاراڭلاردۇر. تەربىيىمۇ كارغا كەلمەيدۇ، دۇنيادا تەربىيە كۆرگەن تۇرۇقلۇق ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىمەيدىغانلار كۆپ. پەقەت چىداملىق ۋە قەتئىي نىيەتلا ھەممىگە قادىردۇر. ‹باتۇرلارچە ئالغا› دېگەن شوئار ئىنسانلاردىكى نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلدى ۋە داۋاملىق

ھەل قىلىدۇ»[1].

11. مەغلۇبىيەتكە توغرا قارايدۇ. بۇنداق ئىجادكارلارنىڭ ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇش ئىدىيىسى دىئالېكتىك بولۇپ، ئىجادىيەت سىناقلىرى ئۇستىدىكى مەغلۇبىيەتلەردىن قورقمايدۇ، بەلكى بەزى مەغلۇبىيەتلەرنى قارشى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار: مەلۇم خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت شۇ ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا تەڭ ئەمەس، دۇنيادا پەقەت بىرلا مەغلۇبىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ بىرەر ئىشتا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى ياكى خاتالاشقانلىقى تۇپەيلى چۈشكۈنلىشىپ ئورنىدىن تۇرالماسلىقىدىن ئىبارەت. ئەڭ يامان ئەھۋالغا قالغان تەقدىردىمۇ: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەيدىغان غەيرەت بىلەن ئورنىدىن تۇرالايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھاياتىدا ئاز بولسىمۇ غەلىبە قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

راست، مەغلۇبىيەت دېگەن سۆز پەقەت بىراۋلارنىڭ باھالىشى ياكى بىرەر ئادەمنىڭ، بىرەر توپ ئادەمنىڭ يەنە بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى باھالىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ قازى ئاخۇنۇمنىڭ باسقان تامغىسى ئەمەس، كىشىلەر شۇنداق باھالىغان تەقدىردىمۇ ئىشنى قىلغۇچى ئۆزىنى توغرا باھالاش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، يېڭىدىن ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلسا، قارشىلىقلار بولسىمۇ ئادالەت ئۈچۈن ئەقىل بايرىقى ئاستىدا ئىشلىسە، ھامان بىر كۈنى خەلقئالەمگە ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيەتچى ئەمەسلىكىنى تونۇتقىلى بولىدۇ. كىچىككىنە مەغلۇبىيەت ۋە خاتالىقلارغا دۇچار بولغۇچى ئاق كۆڭۈل ئىجادكارلارغا قاراپ كۈلگەنلەر زامانىمىزنىڭ ئەڭ نادان گىزەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار ياشاش بابىدا سەنئەتكارلىق قىلىشنى ۋە ھەقىقىي سەنئەتكار دېگەننىڭ تەكرار مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىنكى يېڭى سىناقلار

---

[1] كالۋىن: «ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 221 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، سەنئەتكارلىق يولىدىكى ھەرقانداق كىشى بۇنداق گىزەندىلەرنىڭ گېپى بىلەن «راست مەغلۇپ بولغان ئوخشايمەن» دەپ كەينىگە داجىماي، بەلكى ئۇلار دەۋاتقاننىڭ ئەكسىچە ياندابپ ئۆتۈپ ئۆز نىشانىغا كېتىۋېرىش كېرەك. چۈنكى، مەغلۇپ بولۇش ئىجادىيەتنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى بولغانلىقتىن، ئەزىمەت سەنئەتكارلار ئۇ گىزەندىلەرنىڭ تىلىدا ھەرقانچە قەدىرسىزلەنگەن بىلەن زەرە. رىچىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. مېۋىلىك دەرەخكە تاش ئاتىدىغان، مېۋە قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە كۆپ ئادەم تاش ئاتىدىغان ھەرىكەت ئاۋامغا قائىدە بولغاندەك، ئالەم ۋە ئادەمنى تونۇپ يەتكەن ئالىملىق مەرتىۋىسىدىكى ئادەملەرگە تاش ئېتىش ھەسەتخور گىزەندىلەرنىڭ قائىدىسىدۇر. بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق.

يەنە كېلىپ، «تالانت ئۈزلۈكسىز تىرىشىشتىن ھاسىل بولغان كۈچتۇر. مەغلۇبىيەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چېگرىسى ئىنتايىن ئىنچىكە بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ھەتتا ناھايىتى ئاز سېزىمىز. ئۇ شۇ قەدەر ئىنچىكىكى، بىز ھەمىشە ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرۇپمۇ سەزمەي قالىمىز. نۇرغۇن كىشىلەر ئازراق تىرىشسىلا، يەنە بىرئاز چىدىسىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاز قالغاندا، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بۇ خۇددى دېڭىز سۈيى پۇتۇنلەي پەسلەپ، يەنە يېڭىۋاشتىن كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشايدۇ. ئىشلاردا، بەزىدە ئىستىقبال ئىنتايىن تۇتۇق كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل بۇرۇلۇش بولغان ۋاقىتتۇر. يەنە بىرئاز چىڭ تۇرسىلا، يەنە كۆپرەك تىرىشسىلا ئۈزۈكسىزلىك شانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلىنىدۇ. قايتا سىناپ كۆرمىگۈچە ئۇنى مەغلۇبىيەت ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئىچكى سەۋەب بولمىسىلا، ئۇنى ئۈزۈكسىزلىق دېگىلى بولمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن مەقسەتكە يېتەلمىگەندىن باشقا، ئاتلاپ ئۆتكىلى

بولمايدىغان ھەقىقىي توساق يوق»[1]. بۇنداق ئىكەن، ئىجادكار توساق ئالدىدا چېكىنىش ھاجەت بولمايدۇ.

12. ھوشيار، كەڭ قورساق بولىدۇ. ھوشيار بولىدىغانلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار باشقىلارغا چۈشىنىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغان ئىشلارنى ئاسانلا چۈشىنىدۇ ۋە باشقىلار ھەل قىلالماي ئۆزىنى تاشلىۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن مەسىلىلەرنى چەبدەسلىك بىلەن ھەل قىلىدۇ. قىيىنچىلىق ياكى خەتەرگە دۇچ كېلىشتىن ئاۋۋال ئېھتىياتچان بولسا، باشقا شۇ ئىش كېلىپ قالغاندا، جاسارەت بىلەن ئۇنى يېڭىپ ئۆتۈشكە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، باشقىلارنىڭ شۇ ئىشلار ئۈستىدە قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا دۈشمەنلىك نەزەرىدىكى ناپاك مۇناسىۋەتلەردىن ئۆسۈپ چىققان شۇملۇقلارنىمۇ مۆلچەرلەپ، نالايىق ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇناسىۋەتتە قەستەن قوپاللىق قىلمىسا، ھودۇقماستىن تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇپ مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىشقا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇلاردىكى بۇنداق «جاسارەت ئادەتتە كۆڭۈلچەكلىك بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن بۇ مەرد ئادەملەر باشقىلارغا قارىغاندا قىممەتلىكرەك بولىدۇ»[2]. لېكىن، ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ئەقىللىق ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەردلىكىدىن تەسىرلەنگەن ئادەملەر ماختاپ قويغان ھامان خۇش بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كەتمەيدۇ، ياكى باشقىلار يەنە گەپ تېرىمىسۇن دەپ شۇبھىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى جان ـ جەھلى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمايدۇ، بەلكى: «ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز قاراشلىـ

---

[1] ئىلبېرت ھوبباد: «ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 49 ـ بەت.

[2] شېللىگو: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 677 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىدا تۇرايلى، قايسىسى ھەقىقەت بولسا، ۋاقتى كەلگەندە شۇ يانغا ئۆتەرمىز» دەيدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى توختىتىشقا، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىنمۇ بىلىملىك ۋە ئىجادچان ئادەملەرنىمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى ھەم ئىلمىيلىكىدۇر. نەۋائى ئۇتقۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئالىملىق دەرىجىسىنى مۇشۇنداق كەڭ قورساق ئىلمىيلىككە سىمۋول قىلغان. ئۆزبېك ئالىمى ئىبرا-ھىم ھەققۇلوۋ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىراۋكى قىلسا ئالىملەرگە تەئىزىم،
قىلۇر گوياكى پەيغەمبەرگە تەئىزىم.

نەۋائى «پەيغەمبەر» گە دېگىنىدە قۇرۇق ماختاش ۋە تار مەنپەئەتلەرگە ئەسلا ئالدانمايدىغان، ئەلگە، ۋەتەنگە خىيانەت قى-لمىشنى ئۆلۈم بىلىدىغان ئالىيجاناب سىمانى كۆزدە تۇتقان. دۇن-يانى مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق ئىدراك قىلغان ئادەم باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلۇغلار: «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى — ئالەم-نىڭ ئۆلۈمى» دېيىشكەن. بىر ئالىم ئۆلگەن بىلەن پۈتۈن ئالەم ئۆلۈپ كەتمىسىمۇ، ھەقىقىي ئالىمدىن قانچىلىك كۆپ ئىلمىي مىراس قالمىسۇن، لېكىن ئۇ بەرىبىر ناھايىتى چوڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. ئوتتا كۆيدۈرۈلۈۋاتقان ئالىمنىڭ: «ھەممىسى ئۆزۈم بىلەن بىللە!» دېگەن پىكرىدە باشقا مەنىمۇ بار. بۇنى نەۋائى بىر ھېكايەت ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن. ئۇ ھېكايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: زامانىسىنىڭ چوڭ ئالىمى پەخرىدىن رازى ئۇزاق يول يۈرۈپ خارەزىمگە كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئالىمغا ھېچقانداق پەرۋا قىلمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھ بىلەن ئالىم كۆتۈلمىگەندە مۇنچىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا خارازىمشاھ قىيامەت ئىشلىرى توغرىسىدا رازىغا سوئاللار بېرىدۇ. «ئەي قىيامەت

كۆڭۈلنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىغان ئادەم، — دەيدۇ ئالىم ئۇنىڭغا، — سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇناسىپ جاي مۇشۇ مۇنچىدۇر. قىيامەتتىمۇ شاھ ۋە گاداي، ھەممىسى بىرخىل ئەھۋالدا — يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار — ھېچكىم ھېچنەرسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ ھېچنېمىنى! تاج - تەخت، خەزىنە دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم ھۈنەر - ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىللە»①.

راست، ئۇلاردىكى كەڭ قورساقلىق، ھەتتا ئاشۇنداق پادىشاھلارغىمۇ نەسىھەت قىلغۇدەك دەرىجىدىكى بىلىم كامالىتىدىن چىققانلىقتىن، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىنى قايىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، باشقىلارنى مەجبۇرلاشقا ئانچە ھاجەت ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار ھەرقاچان كەڭ قورساق بولىدۇ..

بۇلاردىكى بۇنداق ئالىيجاناب خىسلەت نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە! ناۋادا بۇلارنىڭ ھوشيارلىق ئاساسىدىكى كەڭ قورساقلىقى بولمىسا، يەنە قانچىلىغان جاھىللار چىقىپ ئىلمىي دېموكراتىيىنى باساتتى، قانچىلىغان سۇخەنچىلەر چىقىپ بۇنداق سەنئەتكارلار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوتقا ئوتۇن سالاتتى- ھە! بىز بۇ تەرەپلەرنى ئويلىغاندا، ئۇلاردىكى مەردلىكنى ياشىسۇن دەپ توۋلايمىز، ئەلۋەتتە.

13. ئىنسان سۆيگۈسىدە ئالىيجاناب ئىدىيىللىقتا بولىدۇ. ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ بارلىق قوغلىششلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولغانلىقتىن، بۇنداق ئىجادكارلار ئۆزلىرىنى ئائىلىسى، مەھەللىسى، مىللىتى ھەم دۆلىتىگىلا مەنسۇپ قىلىۋەت-

---

① ئىبراھىم مەتتۇلۇۋنىڭ «نادانلىق - ياۋۇزلۇق» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەيدۇ، بەلكى ئىنسانىيەتكىلا مەنسۇپ قىلىندۇ. چۈنكى، تۇر-
مۇش سەنئەتكارلىقىنى ھەربىر شەخسىي يەككە - يەككە قىلىند-
مۇ، بۇنداق سەنئەتكارلىق شۇ شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى، خاس-
لىقى، قىممىتى، ئالاھىدە تالانتىنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، سەن-
ئەت مەھسۇلاتى شەخس بىلەن چەكلەنمەستىن، ئىجتىمائىيەتتە
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەتنىڭ چې-
كىنىپ كېتىش ياكى زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزى-
پىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇ سەۋەبلىك سەنئەتكارلىق
ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان، باشقا دىن، باشقا مەدەنىيەت، باشقا
مىللەت ئادەملىرىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئالىيجاناب ئىدى-
يىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولۇشى كېرەك بولىدۇ. ئېينىشتېيىن
بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن مۇنداق دېگەن: «ئىنسا-
نىيەت ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەڭ
ياخشى تۆھپە قوشالىغان ئادەم ئەڭ قەدىرلىك ئادەم بولۇشى
كېرەك. گەپنىڭ پوسكاللىسى مانا مۇشۇنداق ئېيتىلىدۇ. ئەمما
كىشىلەر بۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، ئاز بولمىغان قىيىن-
چىلىقلارغا يولۇقىدۇ. . . شۇڭا، مەن شۇنىڭغا سەمىمىيەت بى-
لەن ئىشىنىمەنكى، بىر ئادەمنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلىپ بېرىد-
غان ئەڭ ياخشى خىزمىتى — سەنئەتكارلارنىڭ ئىدىيە ھالىتى-
نى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم خىزمەتلەرنى ئىشلەش ھەمدە شۇ
خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيە ھالىتىنى ۋاستىلىك
ھالدا ئۆستۈرۈش بولىدۇ. بۇنداق قىلىش خۇسۇسەن بۈيۈك
سەنئەتكارلارغا، كىچىكرەك دائىرىدە ئالىملارغا مۇۋاپىق كېلى-
دۇ. بىراق، بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە ھالىتىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە
ئۇنىڭ تەبىئىيىتىنى بېيىتىش پەن تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن
بولمايدۇ، بەلكى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزغىنلىق،
ئىجادىي ياكى ئۈيغىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ئەقلىي ئەمگەك

ئارقىلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە»[1]. دېمەك، ئېينىشتېين ئالىم، سەنئەتكار بولغاندىمۇ بۇلاردىن چوڭ ئۇتۇق قازىنىدىغانلىرى ئەدىبىيۋى ھالىتى ئۇستۇن — ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان ئالىيجاناب ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، ياشاش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئۆزىنى خەلققە، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە تەقدىم قىلىش روھىنى ئۇستۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۇرگەن. بىز تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا «ھەربىر ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىش، يىلىغا مىڭ فوندسېتىرلىڭغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئەلا»[2] ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز، سەنئەتكارلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى تۇرمۇش سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنى سۆيۈش، تۇرمۇشنى سۆيگەندىمۇ پۇتكۇل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۈستۇرۇلىدىغان تۇرمۇشنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ياخشى تەرىپىنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

زامانىمىزدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى ئىسلام تۇرك ئالىمى ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىنسانىيەتنى سۆيۈشنى ئىماندىن ئىجتىمائىيەتكە، ئىلىم - پەنگە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە، ھەتتا ھازىرقى كۇندە بىز ئويناۋاتقان ساما ئۇسسۇلىغىچە قانات يايدۇرۇشىدىن مەلۇمكى، ئادەمنى قەدىرلەش، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش، ئىنسانلار ئارىسىدا نىزا ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش بىرخىل تارىخىي ئىزچىللىق بولۇپ، ئۇ مەيلى ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا تەۋرىنىشكە بولمايدىغان، ھەتتا ئىمان

---

① «ئېينىشتېين ئەسەرلىرى»، جۇڭگو خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 36 - بەت.

② جولپۇس: «ئەقىل - پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 112 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۈملىسىدىمۇ مۇبارەكلىنىدىغان سەنئەتكارلىق ئىدىيىسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىدىيىنى كىشىلەرنىڭ ئەركىگە ھۆرمەت قىلىش يولى بىلەن ئالغا سۈرۈپ، سەنئەتكارلىقتا ئىنسانىيەت دوستلۇقىغا ياردەم بەرمەسلىك ئەقىلسىزلىقتۇر.

14. نوپۇزلۇقلارغا چوقۇنمايدۇ. ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇقلارغا چوقۇنماسلىقى بىرىنچىدىن، ئىلىمنىڭ مۇنازىرىسىز تەرەققىي قىلمايدىغانلىقىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، ئادەملەرنى باراۋەر كۆرۈشنىڭ ئادالەتنىڭ باش مىزانى ئىكەنلىكىدىندۇر.

ئىلىم - پەننى مۇنازىرە ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەندە، ئىزدىنىش، يېڭى بىلىم ساھەلىرىنى ئېچىپ، دۇنيانىڭ سىرلىرىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان، پەن تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندىمۇ كونىلىقتا يېپىشىۋالىدىغان بىرمۇنچە خاتا ئىدىيىلەرنى رەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئويغىتىش، كۆزىنى ئېچىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، ھەرخىل جەمئىيەتلەردە بۇرۇن تىكلەنگەن بەزى نوپۇزلۇقلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇنداق يۆنىلىشتە ئاۋانگارت بولسىمۇ، ئايرىملىرى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك غورۇرىغا تېگىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ نام - شۆھرىتىنى دەسمايە قىلىۋېلىپ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسىدۇ، ھەتتا ئىلمىي نوپۇزىنى ھوقۇق تۇتۇش ۋە مال - دۇنيا توپلاشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، تەرەققىياتنىڭ يولىدا توغرىسىغا يېتىۋالىدۇ. شەيخ سەئىدىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق نوپۇزلۇقلارنىڭ بەزىلىرى «پەرھىز قىلمايدىغان ئالىم مەشئەل كۆتۈرىۋالغان قارىغۇ، ئۇ باشقىلارغا يول باشلايدۇ - يۇ، ئەمما ئۆزى توغرا يولدا ماڭمايدۇ» دېگەن قاتاردا تۇرۇپ، بۇرۇن دېگەن گەپلىرىدىن يېنىۋېلىپ، بۇرۇن ئۆزى ۋەدە قىلغان ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىيات يولىدا ماڭمايدۇ. يەنە بەزىلىرى: «كىمكى پەرھىز، ئىلمۇ تەقۋادارلىقنى سېتىپ پۇل قىلار، بىر دۆۋە

خامانني تويلاپ ئوت يېقىپلا كۆل قىلار» دېگەن قاتارغا كىرىۋې-
لىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تازىلايدىغان ۋە دۇنيادىكى بارلىق
يامانلىق ئۇرۇقىنى كۆيدۈرىدىغان ئىلىم نۇرىنى نەپسى ئاۋارىچى-
لىق قىلىپ كۆلدەك سورۇپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ پەيتى
ئىجادىي ئىقتىداردا تېز چېكىنىپ، دەسمايىسى غالتەككە چىققاندىن
كېيىن مەنمەنچىلىككە چۈشكەن پەيتىدۇر. بۇرۇنقى پەرھىز
تەقۋادارلىقلىرى ۋە ئىجادىي مېھنەتلىرى ئارقىسىدا تىكلەنگەن
نوپۇزىنى بۇزغان بۇنداق ئادەملەرگە چوقۇنۇش بولغاندا تەبىئىي-
كى ئىلىمنىڭ مۇنازىرە ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى
تامامەن بوغۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇنداق نوپۇزلۇقلارنىڭ بەزى-
لىرى تېخى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ئاتالغان ئالىملارنىڭ ھەرقاندىقى
باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش توگۇل، ئۆزىنىمۇ تەشۋىق قىلد-
مىغانلىقىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش ئۈچۈن
تۈرلۈك نەيرەڭلەرنى ئوينىتىدۇ. ناۋادا بۇنداق نوپۇزلۇقلار ناھا-
يىتى چوڭ ئادەم بولغاندا، مىڭلاپ ئادەم لايدا ياسىۋالغان بۇتقا
چوقۇنغاندەك ئىجتىمائىي ئەخمەقلىق كېلىپ چىقىدۇ – دە،
ئۇنداق نوپۇزلۇقلارنى «ئۇلۇغ» دەپ تۇۋلىغانسېرى ئەخمەقلىق
كېسەلگە ئايلىنىپ، داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان مەدەنىي
راك كېلىپ چىقىدۇ. راست، بۇ دېگەن راك ھەتتا راك، ئەيدىز-
لەر دەرىجىسىدىن ھالقىغان ئاپەت! چۈنكى بۇنداق «ئۇلۇغ» لار
رول ئېلىۋاتقان سەھنىدە ئادەملىك قىياپەت ساقلانسىمۇ، ئىجا-
دىيەتتىن ئىبارەت ئادەملىك ماھىيەت بارغانسېرى ئاجىزلاپ كې-
تىدۇ. چوقۇندۇرغۇچى ئاڭلىق بولسىمۇ، چوقۇنغۇچىلار نادان
بولغانلىقتىن، ئاما بىلەن نوپۇزلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەت مەبۇد بىلەن چوقۇنغۇچىلار مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.
بۇنداق ئويۇن قانچە ئويناڭغانسېرى، نوپۇزلۇقلار نامىدىكى «مە-
بۇد»لارنىڭ ئورنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىماي ئۆسۈۋېرى-
دۇ، چوقۇنغۇچىلاردا «مەبۇد»نىڭ كەيپىياتىنى ھېسابقا ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئىلاھىي» سۆزىنى ئاڭلاش دەرىجىسى ئۆسۈپ بارىدۇ ـ دە،
مېڭىلىغان ـ ئۇنىمىڭلىغان بۇ بىچارىلەرنىڭ مېڭىسى ئۆز ئالدىغا
تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ، ئۆزلىرىدىكى ئەقلىي ئىقتىداردا
ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش فۇنكسىيىسىنى
قارىغۇلارچە ئاشۇ سۇنئىي مەبۇدنىڭ خوجايىنلىق قىلىشىغا ئۆت-
كۈزۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ـــ چېكىنىش پەيدا قىلىپ، مىڭلاپ
سەنئەتكارنى كاردىن چىقىرىش بولماي نېمە؟
ئادەملەرنى باراۋەر كۆرۈش دېگەندە، ئۇلار ۋاقتىنچە تۆۋەندە
تۇرغان ئادەمنى مەڭگۈلۈك پەگاھ ساقچىسى دەپ قارىمايدۇ،
بەلكى ئادەم دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئادەم. ئادەملىك ئىز-
زىتىگە كەلگەندە، ئۇ مۇھىم ئادەم، بۇ مۇھىم ئادەم ئەمەس
دېيىش نائىنساپلىق دەپ قارايدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەممىلا يەردە
باللارنى بويلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندەك سېلىشتۇرۇپ
تەپتەك تۇرۇشنى ئويلىمايدۇ. ئىقتىدار سالاھىيىتى بارلارنىڭ
ئۆرلىگىنىنى كۆرسە، خۇشال بولۇپ چاۋاك چالىدۇكى، ھەسەت
قىلمايدۇ، ئۆزى بىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشسە، رىقابەتچىسى-
نىڭ ئۆزگىچىلىكىنى كۆرۈشنى ئويلايدۇكى، كارامىتىنى كۆر-
ستەلمىسە ئىكەن دېگەن ئۈمىدتە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ
ماھارىتىگە تايىنىپ ئۇتۇپ چىقىشنى ئويلايدۇكى، رىقابەتچىسى-
نىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇتۇپ چىقىش تەمەسىدە بولماي-
دۇ. ھە دېسىلا باشقىلارنى باھالاپ يۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ باشقىلار-
نىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە خۇشال بولمايدۇ، باراۋەرلىكنى ھەر-
گىز ھەممە ئادەمگە تەڭ مۇئامىلە قىلىش دەپ چۈشەنمەستىن،
ئاساسلىقى، ئادەمنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە ھۆرمەت قىلىش
چۈشىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى سۆيۈش، خورلۇقنى
قىلماسلىق، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق
نىيەتلەردىن پايدىلىنىپ كامالەتكە ئىنتىلىش دەپ چۈشى
بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن ئەقلىي قابى

ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىجادىي قابىلىيەتتە تەڭ بولمى-غانلىقتىن، ئاددىي ئادەملەرمۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەت-سە، بولۇپمۇ ئۆزىدىكى ھېچقانداق ئادەمگە ئوخشىمايدىغان تۇغما قابىلىيەت ئارتۇقچىلىقىنى نىشانلىق تەربىيىلىسە ۋە ئۇنۇملۇك ئاچسا، قىممەت جەھەتتە ئۇستۇن تۇرىدىغان ئۇلۇغلارغا يېقىنلى-شىپ بارالايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەرقاچان ئۆزىنىڭ سۈپ-يېكتىپ شەرتلىرىنى ھازىرلاش ئارقىلىق چوڭىيىش، ئەتىۋار-لىنىش غورۇرىنى ئۆستۈرۈپ ماڭىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار بىر ئادەمنىڭ سەنئەتكار بولۇ-شىدا ئۇنىڭ ئاللىقاچان يارىتىپ بولغان نەتىجىلىرىلا ئەمەس، ئاساسلىقى ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ داۋاملىق تۇردە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلىنىشى ئاساس بولىدۇ، شۇڭا، بىر ئادەمنى سەنئەتكارلىق بابىدا باھالاشتا ئۇنىڭ كەچۈرمىشى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە؛ ئۆزىنى مۆلچەرلەش ۋە ئۆز ئال-دىغا ئېنىق نىشان ۋە ئارزۇغا ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىغا؛ مۇستەقىللىق ۋە خاسلىقىغا؛ تۇغما قابىلىيەت ۋە ئەقلىي قابىلى-يەت ئەھۋالىغا؛ ئاتا - ئانىسىنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراش كې-رەك. مۇشۇ تەرەپلەر بىرلىكتە ئادەمنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەق-قىيات ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، ئەگەر كىمدە - كىم مۇشۇ جەھەتلەردە بىرقەدەر تولۇق ئاساسلارغا ئىگە بولسا، كەلگۈسىدە چوقۇم تىرىشچانلىق ئارقىسىدا كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇڭا، ئۇلار ئادەمنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ھەتتا باشقىلار ھۆرمەت قىلىشقا ئاتسىمۇ ئۆزىنى چاغلىمايدىغان نوپۇزلۇقلارغا قايىل بولمايدۇ. بۇنداق باراۋەرلىك قارىشى كىشىلەرنىڭ تەييار نوپۇز-لۇقلارغا چوقۇنماي يېڭىلىق يارىتىپ چوڭىيىش تەلپىگە ئۇيغۇن بولۇش ھەممىمىز ئۇچۇن قەدىرلىك، ئەلۋەتتە.

15. ئۇلار دىققەتنى يىغىش ماھارىتىنى بىلىدۇ. ھەممىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلۇم، ئىجادىي پائالىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرىنى باشقا ئېلىپ
چىقىش ئۈچۈن، كۆڭۈلنى كۆپ ئىشلارغا بۆلمەسلىك، نىشاندى-
كى ئىشقا بېرىلىش كېرەك. ئەمما، دۇنيادا شۇنداق كىشىلەر
باركى، ئۇلار ھەرقاچان ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردا سىركە -
پىيازلىق قىلىپ قالماي، ھەتتا كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە تې-
گىدىغان ئىشلارنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر-
نىڭ دىققەت - ئېتىبارى ئەنە شۇنداق ئۇششاق ئىشلاردا بولغانلى-
قى ئۈچۈن، ئۇلار ھەرقاچان چارچاپلا قالماستىن، تېخى كىشى-
لەرنىڭ نەزەرىدە «ئۇششاق سۆز»، «ئىچى يامان» دېگەندەك،
دوختۇرلارغا «بېشىم ئاغرىيدۇ» دەپ بېرىپ كېسەل كۆرسەتسە
دوختۇرلار كېسەلنى تەكشۈرۈپ تاپالمايدىغان ياكى دوختۇرلۇق-
تىن خەۋىرى يوقلار ئۆز تەجرىبىلىرى بويىچە بۇيرىغان دورىنى
يېسە پايدا قىلمايدىغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئارتۇقچە ئىشلارغا
ئىچى تىت - تىت بولۇپ يۈرىدىغان «ئۇششاق سۆز» لەردۇر.
تازا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدىكى بەزى ئادەملەر
ھە دېسە ئانچىكى كېسەللەرنى باھانە قىلىپ خىزمەتتىن رۇخسەت
سورايدۇ. بىردەم بېشى، بىردەم چىشى ياكى قورسىقى ئاغرىپ
قالىدىغان كىشىلەر ھازىرقى زامان رىقابىتىنىڭ بارغانسېرى
جىددىيلىشىۋاتقان تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئىجادىي خا-
راكتېر يارىتىشقا ئىنتىلمەستىن، ئۆزىنى ئاشۇنداق ئۇششاق
كېسەللىكلەر بىلەن دالدىغا ئېلىۋاتقانلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە
فىزىئولوگىيىلىك ئاغرىماي، پسىخىك ئاغرىيدۇ. بۇنىڭدىن
كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۇختا قىلماي ئارتۇقچە
ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئۆزىنى ئەيىبكار، كېسەل قىلىۋې-
لىشتىن باشقا يەنە ۋاقتىنى، زېھنىنى، ھەتتا پۇلىنى ئىسراپ
قىلىۋېتىپ، بىرەر مۆجىزە يارىتالمايدۇ. ياكى ئۆزلىرىنىڭ
كەسپىي خىزمەتلىرىنىمۇ ئىجادىي ھەم دادىل ئىشلىيەلمەيدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر ئىجادىيەتنى باشقا ئېلىپ چىقىش ياكى

خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن دىققەتنى يىغىش كېرەك. پسىخولوگىيىدە كىشىنى مۇنداق مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان قابىلىيەتنى دىققەت قابىلىيىتى دەپ ئاتايدۇ. دىققەت قابىلىيىتىنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ساقلاشنى ھوشيارلىق دەپ ئاتايدۇ. دىققەت قابىلىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى زېھنىنى يىغىش ياكى دىققەتنى يىغىش دەپ ئاتايدۇ. دىققەت قابىلىيىتى تۈرلۈك نەرسىلەرنى كەمتۈك كۆرۈپ قېلىش، خاتا كۆرۈپ قېلىش، كەمتۈك ئاڭلاپ قېلىش، خاتا ئاڭلاپ قېلىش، ئۇنتۇپ قېلىش، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەت تامامەن بىردەك بولماسلىق ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىدىغان قابىلىيەتتۇر. مەسىلەن، 1982 - يىلى 11- ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە ياپونىيىنىڭ دابەن شەھىرىدىكى فۇلى تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى كۆپ قېتىم چېمپىيون بولغان ياپونىيە ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئالدىنقى ئىككى مەيداندا ئۇتۇپ، غەلىبە قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى مەيدانلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئۇتتۇرۇپ قويغان. مۇتەخەسسىسلەر بىردەمدىلا بۇنچىۋالا جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبىنى جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىدىكى چوكان - قىزلارنىڭ تۇنجى قېتىمقى چېمپىيون بولۇشىدىن ئىزدىگەن: ئۇلار تۇنجى قېتىم چېمپىيون بولغاچقا، خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي تايتاڭلاپ كەتكەن. كەيپىياتىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ئاخىرقى مەيدانلاردا ئۇتتۇش ئىشىغا دىققىتىنى يىغالمىغان، ئۇلارنىڭ ھاياجان ئىلكىدە چېچىلغان زېھنى يىغىلىپ بولغۇچە ياپونىيە كوماندىسى ئۇلارنى بېسىپ كەتكەن.

خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا، ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە چوڭلار ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىمتىھاندىن بۇرۇنقى تەكرار جەريانىدا كەيپىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئىمتىھان مەيدانىدا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي، ئوقۇغانلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئېسىدە بارلىرىنى ئويلىيالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن نورماللىقنى يوقاتقان باشقىچە بىر خىل خاھىش كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دىققەتنى يىغىشقا ۋە دىققەتنى يىغىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ، پەقەت دىققەت يىغىلغاندىلا، ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ. تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىدىغانلار ئەنە شۇنداق دىققەتنى يىغىش ماھارىتىنى بىلىدىغان ئادەملەردۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدا مېڭىش ئۈچۈن كەلسە — كەلمەس ئىشلاردىن كۆڭلىمىزنى ئىجادىي ئەمگەككە يىغىش، دىققەتنى يىغىپ، چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ قىلغان ھەرقانداق ئىجادىي ئەمگەكنى شائىرانە دەرىجىگە يەتكۈزۈش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك.

16. ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەيدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار تۇرمۇشنى دېڭىزدەك دولقۇنلاپ، چەكسىز داۋاملىشىدىغان ھاياتلىق جەريانى ھېسابلاپ، كۆڭلىدە مۇنۇلارنى ئويلاپ تۇرىدۇ: «تۇرمۇش گويا بىر دېڭىز. دېڭىز بەزىدە خۇددى چېكى يوق چوڭ ئەينەكتەك تىنچ كۆرۈنىدۇ، گىرزى كەلگەندە غايەت زور دولقۇنلارنى كۆتۈرۈپ، خۇددى تۇمەنلىگەن تۇلپارلار بەيگىگە چۈشكەندەك ھەيۋەتلىك ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بەزىدە جىمجىت ئەينەكتەك كۆرۈنۈشى ئۆركەشلەش ئۈچۈن كۈچ توپلاش، چېكى كۆرۈنمەسلىكى بىپايانلىقى بولسا، قاتمۇ قات دولقۇنلار ياساپ ھەيۋەتلىك ھالغا كېلىشى يەنە چەكسىز غايىلەرگە تولغانلىقىدۇر. دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرى مانا مۇشۇنداق بىر — بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ، مەڭگۈ تىنماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى سەنئەتكارلىق غايىلىرىمۇ بىرىگە يەنە

بىرى ئۈلىنىپ تۈرمۈش دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلى-
دۇ، مۇشۇنداق دولقۇنلار ئۈزۈلمەي داۋام قىلغاندىلا، گۈزەللىك
تالالاش ھەرىكىتىمىز مەڭگۈلىشىپ، تۈرمۇشنىڭ مەلۇم بىر.باس-
قۇچىدىكى كىچىك بىر گۈزەللىكنى مەڭگۈلۈك قىلىۋېلىشتەك
توختاپ قېلىش نۇقتىئىنەزەرىنىڭ قۇلى بولۇش ئاقىۋىتىدىن
قۇتۇلالايمىز».

راست، تۈرمۇش سەنئىتى ئالدى بىلەن باي مەزمۇنغا ئىگە.
شۇڭا، بىر تال گىياھ، بىر تال گۈل، بىر تال بېلىق، بىر
تال قۇرت ياكى ھاشارات ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھېچ-
نېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە بولسىمۇ، تۈرمۇشنى سەنئەت نۇق-
تىسىدىن چۈشەنگەن سەنئەتكارلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن
چەكسىز ھاياتىي كۈچكە، يۈكسەك ھۆزۈر بېرىش قىممىتىگە
ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەنە شۇنداق مول مەزمۇنى
بىلەن مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ، ئۇنىڭدىكى خىلمۇ خىل مەزمۇنغا
ئىگە ناخشىلار گويا: «مەن ئەقىل بىلەن جاسارەتكە تولغانلارغا
قاراپ ياڭرايمەن» دېگەندەك قىلىپ، تۈرمۇشنى سەنئەت ئورنىدا
بېزەش يولىدا نىشان قوغلاشقۇچىلارغا ئىجادىي سىگنال بېرىپ
تۇرىدۇ.

بىراق، ھەرقانداق سەنئەتكار جاپا چەكمەي، قاتمۇ قات
توسقۇنلۇقلارنى يەڭمەي بۇ مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ ۋە
ئۈزمەي جەڭ قىلىش روھى بولماي تۇرۇپ، تۈرمۇشتىكى يېڭى
ناخشىلارغا جور بولالمايدۇ. بىز چوڭ ئىجادىيەتچىلەرنى قويۇپ
تۇرۇپ، ئۆزىمىزدەك نورمال كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ھەم خىز-
مەت پائالىيىتىگە قاراپ باقايلى، بىر ئادەم ئۆز ئۆمرىدە بىر-
ئىككى خىل پەننىي بىلىمنى ناھايىتى تەستە ئىگىلەيدۇ. ھا-
زىرقى كۈنگە كەلگەندە ئەھۋال تېخىمۇ ئۆزگەردى. ھا-
زىرقى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى پەنلەر ئارا چېگرىنى
بۇزۇپ تاشلىماقتا. بۇ ھال ئالىم ۋە سەنئەتكارلاردىن تېخىمۇ

كۆپ پەننى بىلىملەرنى ئىگىلەشنى ھەمدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىد- ۋاتقان ساھەلىرىدە ئالاھىدە كۆز قاراشلارغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تېخى يالغۇز بىر كىشى بەزى ئىجاد- يەتلەرنى ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بىر كىشىنىڭ خىلمۇ خىل كەسپىي بىلىملەر بىلەن يۈزەكىلا تونۇشۇپ ئۆتۈشى مۇمكىن بولىسمۇ، لېكىن ھەممىگە پىشقان بولۇشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئالىم - سەنئەتكارلاردىن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، كەمچىلىكلىرىنى تۈگە- تىپ، بىرلىكتە ئىزدىنىپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تېخى ئېچىلمى- غان سىرلىق ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇن- داق ئىكەن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى يولىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر قانداق شۆھرەتپەرەسلىك خۇددى يولۋاسقا ئوخشاش يول توسۇپ ياتقان دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ، ھەرقانداق ياخشى نەتىجى- گە ئېرىشىش ئۈچۈن ئازغىنە نەتىجە ۋە شان - شۆھرەتكە مەم- نۇن بولۇشتىن ئىبارەت پىسخىك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇ- چى سەنئەتكارلارنىڭ ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەسلىكى مانا مۇشۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا تاۋلىنىپ مەيدانغا چىققان يېتۈك پىسخىك پەزىلەتتۇر. بۇ قانۇنىيەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر ئادەمدە تۇرمۇشنىڭ دېڭىزدەك مەڭگۈ جەۋلان قىلىدىغانلىقى- نى چۈشىنىپ، ئۇنى سەنئەت تەرىقىسىدە بېزەشكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە يىراقنى قاراپ ئۇپۇق يارىدىغان تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولغاندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنى بايقىيالاي- دۇ، كەشىپ قىلالايدۇ ۋە ئىجاد قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، كاللىسى ئېچىلماي ھەرقانداق شەيئىنى قاراپ تۇرۇپ كۆرەلمەيدۇ - دە، ھەرقانداق ئىجادىي پائالىيىتىدە كۆڭۈلدىكى- دەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ناۋادا ئۇ بەكمۇ قورقۇنچاق، قى

يىنچىلىقلارغا تىز پۈكمىدىغان بولۇپ قالسا، ئارقىغا چېكىنىپ قابىلىيەتسىز، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا بىر باشقا چىقالماسلىقى ياكى نامى ئۇلۇغ بولسىمۇ، سۇپرىسى قۇرۇق بولۇپ قېلىشى، ئاساسلىقى، ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا باسماي، ئازغىنە نەتىجە ياكى نام - شۆھرەتكە بەنت بولۇپ قالغانلىقتىندۇر. ئەتراپىمىزغا قاراپ باقايلى، بىر قىسىم كىشىلەر شۆھرەتكە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى تۇرمۇش سەنئەتكارى بولۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، توختىماستىن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ. بىر-ئاز نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئازراق تۆھپە قوشۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىنلا بىر ئىزىدا تۇرۇۋېلىپ، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەيدىغان «كۆرگەزمىدىكى مودېل» لارغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ھالدا قول سۇنۇپ خەلق ۋە دۆلەتتىن نام - مەرتىۋە تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئېرىشەلمىگەندە بولسا، ئىنتايىن پەسكەش يوللارغا مېڭىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي سەنئەتكار بولماستىن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا مەغلۇپ بولغان، تەتقىقات، ئىزدىنىش، ئىجادىيەت ئۈستىدىكى كۈرەشتىن چېكىنىپ چۈشكەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ قايتىدىن بەيگىگە چۈشۈش جاسارىتى يوق، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ بۇرۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى داۋراڭ قىلىش ئارقىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن مول يېمەك - ئىچمەكلەرگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئەمما، كىشىلەر بۇنداق ئادەملەردىن: «سىز بۇنچىۋالا ئالچاڭلاپ كەتكۈدەك خەلققە نېمىلەرنى قىلىپ بەردىڭىز؟» دېگەن ھامان دەسمايىسى غالتەككە چىقىدۇ - دە، ئۆزىنىڭ ساختا شۆھرەتكە قۇل بولۇپ، شۇنچە ئەزىزلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش، يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا تۇزكورلۇق قىلىۋاتقانلىقىدا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بىراق، بۇ تولىمۇ بەك كىچىككىش، ئۇلۇغ ھايات دەرىخىنى دەپسەندە قىلغانلىق. بىز مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەسلىك روھىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز ھەمدە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆرلەيدىغان بەيگە ھالىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۆگىنىمىز، ئىشلەيمىز، ئىجاد قىلىمىز، ئىجادىي ۋە ساۋابلىق پائالىيىتىمىزدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر: «بەللى، ئوغۇل بالا!» دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىمىزكى، ئۇنۋان، مۇكاپات، خىزمەت دەرىجىسى... دېگەنلەر بىلەن توختاپ قالمايمىز، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ قىلىش كېرەككى، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا يۇقىرىقىدەك شۆھرەتپەرەسلەر: «تىرىشچانلىق» دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۇ دۆت ئادەملەرگە كېرەك، ئۇلار دۆت بولغاچقا، تىرىشمىسا بولمايدۇ، بىزدەك ئەقىللىق ئادەملەر ئەزەلدىن تالانتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ، مانا مەندەك ئامتى بارلار ئەمەل-مەرتىۋىلىك بولىدۇ، دەيدىغان ئاتالمىش بىلەرمەنلەر دېڭىزدەك چەكسىز ھايات ھەم شۇ ھايات گۈزەللىكى ئۈچۈن بولىدىغان ھەقىقىي تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا يېڭىلمەي قالمايدۇ. ھەشەم كۆتۈرمەي، زادىلا ھورۇنلۇق قىلماي، ساختىلىقنى، چۆرۈ
لاپ خەلق ھەم ۋەتەن ئۈچۈن دائىم كىتاب ئوق
غان، ئىشلەيدىغانلارنىڭ كارامىتى بارغانسې
بۇنداق ئادەملەرنىڭ توغما قابىلىيىتى تۆۋەن
ۋاڭلىقتىن ئەقىللىقلىقتا ئۆزگىرىدۇ، س
چىقىدۇ. ساختا شۆھرەتكە بېرىلگەنلەر بۇ
نى ھەرقانچە يامان كۆرگەن، چۆكۈرگە
دىردىمۇ، دۇنيا ئىشچانلارغا موھتاج،

چىلەرگە موھتاج بولغاچقا، بۇنداق ھەققانىي دولقۇن ئۇنداق شۆھرەتپەرەسلەرگە ۋاقىتلىق سۈكۈت قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئاشۇ تىرىشچان باللىرىنى ئارزۇلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن چايقىلىشلىرىدا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. تۇرمۇشنىڭ گارمونىستىك رىتىمى مانا شۇدۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ قۇرۇق شۆھرەتكە بېرىلىپ، يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ، ھېچ نەتىجە يارىتالمىغىنىدىن كۆرە، جامائەت بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، پۇختىلىق بىلەن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغىنى تۈزۈك – تە!

خەلقىمىز تارىخىدا نۇرغۇنلىغان ئەزىمەت ئوغلانلار ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەي، خەلق كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات – ماماتىنى بىر ياققا قايرىپ قويغان ھالدا ۋەتەن ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ ئىلىم – پەن بىناسىنى قۇرغان ساغلام پىسخىك كۆرۈنۈشلەر بار. ھازىرقى كۈندىمۇ جاپادا خەلقنىڭ ئالدىدا، ھالاۋەتتە خەلقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، تەپەككۇر ئۇپۇقلىرىنى بويلاپ دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن پاك قەلب، شەخسىيەتسىز روھ، ئالىيجاناب خىسلەت بىلەن ئىلىم – پەن بوستانىمىزغا پەرۋىش قىلىۋاتقان نەۋقىرانلار ۋە بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقان نۆۋەي پەرزەنتلەر بار. بۇلار بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئۆلگىمىز. تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىمىز دېسەك، بىزنى ساختىپەز قىلىۋېتىدىغان ساختا شۆھرەتكە قارشى تۇرۇپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۆلگىلەرنى قەدىرلەيلى. ئۆزىمىزنى خەلققە تاپشۇرايلى، چىن يۈرىكىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى، خەلقىمىزنى سۆيەيلى. چۈنكى، «سەنئەتكار — خەلقنىڭ پەرزەنتى، خەلق پىكرىنى بايان قىلغۇچى، سەنئەتكارنى خەلق يارىتىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇناسىۋەت نورمىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ھاياتى خەلقنىڭ ھاياتى، خەلقنىڭ مەنىۋى ۋە تارىخىي ھاياتى سەنئەتكار خەلقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەقدىرىنى كۆزەتكۈچى، ئۇنى چۆرىدەپ، ئۇنى ئىپادىلىگۈچى. جەمئىيەت ئۆز قەلبىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمىگەچكە، ئۇ سەنئەتكارغا موھتاج. جەمئىيەت ئۆز قەلبىنى بىلمىگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئالداپ قويىدۇ، مۇنداق نادانلىق ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ كېسەللىك — ئاق چىرىش كېسەللىكى، بۇنى داۋالىغۇچى — دورا — سەنئەتكاردۇر، شۇڭا، جەمئىيەتنى بىلىش ئۈچۈن خەلقنى بىلىش لازىم. خەلقتىن ئايرىلغان، خەلقنى ئاددىي ئاۋام، ئاددىي كىتابخان، شۆھرەت ئوبيېكتى دەپ چۈشەنگەن كىشى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ. خەلقتىن، خەلق قەلبىدىن، خەلق يۈنىلىشلىرىدىن ئايرىلغان سەنئەتكار ئۆلگەن، چىرىگەن سەنئەتكاردىن ئىبارەت»①.

توغرا، بەرپاچىلىقتا ئۇتۇق قازانغۇچىلاردا بىزگە ئۆلگە بولىدىغان پسىخىك پەزىلەتلەر يوقىرىدا تونۇشتۇرغان بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، شۇنداقلا بىز بۇ تەرەپلەرنى توغرا تونۇشتۇرالىغان بولۇشىمىزمۇ ناتايىن، ئەمما، بۇلار تالانتشۇناس، ئىجادىيەتشۇناس ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىزگە ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرستىپ، ئىجادىي مۇھىتنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى ياخشىلاشقا مەسلىھەت بېرەلەيدۇ.

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئىستىتىكا»، 427

# ئۈچىنچى قىسىم

## ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىش

# I ئۆزىنى تونۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ مۇھىملىقى

دانىشمەن ئادەملەرنىڭ ياشاشتىن مەقسىتى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھايات قېلىشتىن ئىبارەت. ئەمما، ئۆلگەندىن كېيىن ھايات قالىدىغان ئامەتلەر دانىشمەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە كېلىۋەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يوق بولۇپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە ئىتائەتمەن بولۇپ قېلىپ، ئۇلۇغ ئىجادىيەتلەر ئالدىدا ئۆزىدىكى ئەڭ ياخشى خىسلەتلەرگە تايىنىپ ياشاشتىن داجىيىدىغان ئىرادىسى بوش ئادەملەر بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىم - پەندە كەشپىيات يارىتىش، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە ئىجاد قىلىش، تېخنىكا جەھەتتە ئىختىرا قىلىشقا ئوخشاش ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ئۈستۈرۈپ بارىدىغان تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى ساھەسىدە بۇنداق ئىرادىسىزلىك ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، تاڭلا كۈنلەردىن كېيىن كىشىنى «ھەي، ئىسىت، چىڭ تۇرسام بوپتىكەن» دېگەن ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ. دۇنيادا نى، نى تالانتلىقلار سەنئەتكارلىق (مەن تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىنى بېزەيدىغان بارلىق ئىجادىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى شۇنداق ئاتاۋاتىمەن) بابىدا تاپا - تەنە، غەيۋەت - شىكايەت، ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ باشقىلارغا پوپوزا قىلىدىغان ۋە ياكى ئۆمۈر بويى ئۆزى ئىجاد قىلمىسىمۇ، ياچاقلىرىنى ئىجاد قىلغانلارغا بەتلەپ يۈرىدىغان «ئالاھىدە مۇئەللىملەر» كەلتۈرىدىغان ئاۋارىچىلىكلەر ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، نام - شەرەپلىرىنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان پۈرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغان. بىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن سەنئەتكارلىق ھاياتىمىزنىڭ ئاشكارا

يوشۇرۇن ئالەمنى گۈزەللىك روھى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي تاشقى قىياپىتىنى ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان تېخىمۇ ئىلغار سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇشتا نېگىزلىك تەربىيىلىنىش بىلىملىرى بىلەن ئۇچرىشالىساقمۇ، ئەمما، سەنئەتكارلىق روھى پىكىر - ھېسسىياتىمىزدا نىسپىي ئۆزگىرىشچان بولغانلىقتىن، ئىجادىيەت ئىرادىسىنى ئۆستۇرۇشكە ئائىت روھىيەت بىلىملىرى بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرمايدىكەنمىز، يەنىلا سەنئەتكارلىق سېپىدىن چۇشۇپ قېلىپ نام - شەرەپلىرىمىزنى مەڭگۈلەشتۇرەلمەيمىز. شۇڭا، پىكىر - ھېسسىياتتا ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىمىزنى خۇددى جىسمانىيىتىمىزنى كۈندىلىك ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن كۈچەيتىپ ماڭغاندەك كۈچەيتىپ مېڭىشمۇ ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى تەبئىي تەلەپتۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدىكى ئىجادىيەتتە ئۆزگىچىلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئورتاق رىئايە قىلىدىغان بىر ئەدەب بار، ئۇ بولسىمۇ «ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش» دەپ قارايمەن. مەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان كۈنلەردىن باشلاپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كۇڭفۇزىنىڭ «ئۆزۈڭنى تونۇت، ئەدەبكە قايت» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى گۈللىنىشىگە ۋەكىل جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەبلىرىگە قايتىش كېيىنكى سۇلالىلەرنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىسى دېگەندەك مەزمۇننى ھېس قىلاتتىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئۆزىنى تونۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىمۇ، كۇڭفۇزى سۇلالىلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەكىتلىگەن مىللەتنىڭ ئېسىل ئەدەب - يوسۇنلىرىدەك، سەنئەتكارلىقنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە باب كېلىدىغان ئەدەب - يوسۇن ئىكەن. ئىلىم - پەندە، ئەدەبىيات - سەنئەتتە، تېخنىكىدا ئۆلگەندىن كېيىن خەلقنىڭ قەلبىدە ھايات قالغۇدەك ئىجادىيەتتە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىشلىرىدا يادىكارلىق بولۇپ قالىمەن دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادەم مۇشۇ ئەدەبكە قايتىش، سەنئەتكارلىقنىڭ قىيىن ئۆتكەللەرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە يارىغۇدەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيەتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك ئىكەن. جۇڭگودا يەن - مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ھەممىمىز ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» يۆنىلىشى بولسىمۇ، بۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلمايدىغان بەغەرەزلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن نامدا كۆتۈرۈلگەن تەتۈر قۇيۇندا يۇرت تۇزگۇچى ئۆلىما - ئالىملارغا، ئۆزلىرىنى پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلىگەن ئۇستازلىرىغا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى، ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن قورقماي خەلققە يولباشلىغان ئىنقىلابىي داھىيلار - گېنېراللارغا، پەنگە، پەن ھەقىقەتلىرىگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرىدىغان ھەققانىيەتچىلەرگە يوق يەردىن تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلار ئۈستىگە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شۇملۇقلارنى ياغدۇرغان رەزىللىكلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، ئالىملار، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋە ئىلىم - پەننىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە كەشپىيات، ئىختىرا، ئىجاد قىلماقچى بولغان ئادەمگە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن.

مەن بۇ ھەقىقەتنى كۆپلىگەن ئۆلىما - ئالىملارنىڭ بىۋاسىتە سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق تونۇپ يەتتىم. ئالايلۇق، ئۆزىنى ئەڭ قاتتىق تەلەپلەر بىلەن تۇتۇۋېلىپ دۇنياغا مەشھۇر بولغان يازغۇچى ئېبى. ھېمىڭۋاي «ئۆز روھىي ھالىتىنى بويسۇندۇرغان كىشى شەھەرلەرنى بىنا قىلغان كىشىدىنمۇ كۈچلۈكرەكتۇر»[1] دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، سەنئەتكارلىق بابىدا يە

---

① ئېبى. ھېمىڭۋاي: «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى 662 - بەت.

قەت ئۆزىنى باشقۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ ماڭالىغان، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى سەنئەتكارلىق تۇرمۇشى ئۈچۈن بويسۇندۇرغان كىشىلەرنىڭلا بارغانسېرى كۆچىيىپ بارىدىغانلىقىنى، «ھاياتتىكى ئەڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاساسىي نەرسە ئۆزىنى تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىش»① ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. بىز «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندە، مانا مۇشۇنداق تەبىئىي تەلەپ بويىچە پىكىر - ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ ماڭالماي، بۇرۇنقى سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىدا نى - نى پايدىلىق ئىجادىيەتلەرنى قىلغان ۋە شۇنداق ئۇيلىغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە شەخسىي ھەۋىسىگە بويسۇنۇپ، نەپسى ئارزۇسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى خالىغان تەرەپلەرگە ئەركىن قويۇۋېتىش بىلەن باشباشتاق، يۈگەنسىز يۈرۈپ، تۇرمۇش سەنئەتكارلىق قەلبىنىڭ گۈزەللىكىگە بىمەنە روھىي ئەخلەتلەرنى چۈشۈرۈپ، ھاياتىمىزدىكى رەزىللىككە قارشى تۇرۇپ گۈزەللىكنى قوغداش قۇدرىتىنى يوقاتقان، خەلقىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان دەۋر كۈيلىرىگە جور بولالماي، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دېگەن پاسسىپ ھايات يولىغا مېڭىپ كېتىۋاتقان ئاتالمىش زىيالىيلار ۋە ئۆلىما - نازىنىلارنىمۇ نەزەردە تۇتىمىز.

راست، «قەلب گۈزەللىكى ھەتتا سەت بەدەننىمۇ كۆركەملىك بەخش ئېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك قەلب بىمەنىلىكى ئەڭ ئاجايىپ قىياپەتكە ۋە بەدەننىڭ ئەڭ دىلبەر ئەزالىرىغىمۇ قانداقتۇر ئالاھىدە داغلارنى چۈشۈرىدۇكى، ئۇلار بىزدە تاسادىپىي

① ۋ. كومبولدىت: «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 662 - بەت.

يېرگىنىش ئويغىتىدۇ»[1]. بىزنىڭ ياشاش سەنئەتكارلىقىدا بۇ-
رۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمىز بىزنىڭ ئەيىبلىرىمىزنى يېپىپ
بىزنى خەلق كۆزىگە كۆركەم كۆرسەتتى. تەبىئىيكى، ئۇ بىزنىڭ
قەلب گۈزەللىكى دەپ ئاتىلىۋاتقان ھەقىقىي سەنئەتكارلىق رو-
ھىدا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشنى بىلگەنلىكىمىزدىن ئىدى. بۈگۈن-
كى كۈندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ
پۇل، مەنسەپ، مەئىشەت قۇللىرىغا ئايلىنىپ كېتىشىگە قارى-
ماي، تار شەخسىي مەنپەئەتلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ خەلقىمىز-
گە، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئىنتىلىپ تۇرىدى-
غان ھەقىقىي سەنئەتكارلىق روھىدىكى قەدىردانلىرىمىز بولسى-
مۇ، خەلق ئۇلاردىن يەنە خەلقىمىزدىن ئىبارەت ئەزىز قان -
قېرىنداشلىق بىلەن تولغان بۈيۈك ئەمگەكچىلەر ئائىلىسىنىڭ
ئەزاسى، بىزنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن گويا سېغىن كالىدەك
تۇرۇپ بېرىۋاتقان ۋەتىنىمىزنىڭ خىزمەتچىسى سۈپىتىدە ئۆزىنى
سەنئەتكارلىق روھىدا جۇشقۇن تۇتۇش ۋە روھىيىتىمىزگە ھۇ-
جۇم قىلىۋاتقان ئەجنەبىي روھىي ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش-
نى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ پىكىر يوللىرىدىكى
چىگىشلىكنى يېشىش، قارىمۇقارشىلىقنى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن
ھەل قىلىش، تۇتۇقلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىكنى ئىشەنچ ۋە جاسارەت-
كە ئايلاندۇرۇش، كەملىك، ئاجىزلىقلارنى تولۇقلاش ۋە ھەل
قىلىش ئۈچۈن، پىكىر - ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى تۇتالماي،
خەلق نەزەرىدە تاسادىپىي يېرگىنىش ئويغىتىپ قويىدىغان قەلب
بىمەنىلىكىدىن ھەزەر ئەيلەشنى، ئىشنىڭ ۋاقتىنچە ئوڭ كەل-
مەسلىكىگە، تۇرمۇشتا كۆرۈلىدىغان ئەنسىزلىكلەرگە، تاشقى

---

① لېيىنتىس: «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 74 -، 75 - بەتلەر.

مۇھىتتىن كېلىدىغان زەربىلەرگە، تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئۈستىدىكى ئىزالارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سەنئەتكارلىق ھاياتىدا «كۆلگە سىيىدىغان موللا» بولۇشتەك پاسسىپ يولغا مېڭىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنى، تۇرمۇشنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقان دەۋر روھى بويىچە ئۆزىنى قايتا بىلىش، ئۆزىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىش، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى بىلىم ۋە قابىلىيەت سەۋىيىسىدىن ھالقىپ، خەلقىمىزنى دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قويىماسلىق رىغبىتىدە تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈنكى، سەنئەتكارلىق دېگەن ئالدى بىلەن خەلقنىڭ دەۋر قەدىمىدىن چۈشۈپ قالماسلىقنى كۆزلەپ پىكىر قىلىش كەسپىكى، ئاللىقاچان يارىتىلىپ بولغان سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۇرۇنقى بىلىم سەۋىيىسى بىلەن بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمەس. ھەقىقىي سەنئەتكار سەنئەت يارىتىدۇ، ئەمما سەنئەتنى ھەممە يەردە كۆز - كۆز قىلمايدۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يوق ئاغزىدا شەھەر ئالغۇچىلار سەنئەتنى ھەممە يەردە كۆز - كۆز قىلىدۇ، ئەمما سەنئەت ياراتمايدۇ. مانا بۇ سەنئەتكارلىق سېپىدىكى ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ پاسىل تېشى. بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكار بولۇشىمىز ياكى ئاغزىدا شەھەر ئالغۇچى بولۇشىمىزدىكى تارازا. سەنئەت ئەسەرلىرىگە كەلسەك، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ماددىي ھەم مەنىۋى ئەسەرلەردىكى گۈزەللىك ئىككى خىل قىممەتكە ئىگە، بىرى، ھۇزۇرلىنىش قىممىتى، يەنە بىرى، ساقلاش قىممىتى. بىز ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، دىققەت قىلىدىغىنىمىز — ئەسەرنىڭ ئۆزى بولىدۇ، بىز ساقلاش قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، دىققەت قىلىدىغىنىمىز — شۇ ئەسەرنىڭ كىمنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

ھاياتىمىزدىكى گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئەمما ياشاش سەنئىتىدە ئىپادىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل شەيئى بولۇشى ناتايىن. ئەگەر ئىجادىيەتتە ئىختىراچى، ئالىم ياكى سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى بىردەملىك بولىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئەگەر ئىختىراچى ئالىم ياكى سەنئەتكارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشى ئۇزاققا سوزۇلىدىكەن، ئۇلۇغلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ئىختىراچى، ئالىم، سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ سىرتىدىكى تەشۋىقاتى ۋە داۋراڭ سېلىشىغا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە باغلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، تارىخ كىمنىڭ سەنئەتكار، كىمنىڭ ئىختىراچى، ئالىم، ناتىۋان ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە پەزىلەتلىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھامان بىر كۈن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بارلىق غوجىكودىلەرنى سەنئەتكارلىق سېپىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش تەلەپلىرى بويىچە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز بويسۇنۇشنى ۋە ئۆز قارارىمىزغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز ھەمدە بۇ تەلەپلەر بويىچە سەنئەتكارلىق سېپىدە داۋاملىق ئۆرلەپ مېڭىش ئۈچۈن تەمكىن بولۇشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە كىتابىمىزدا ئېيتىلغان ۋە كىتابىمىزدا ئۇلگۇرەلمىگەن نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىسىمۇ، ئىجادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلاتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇتتۇقنىڭ مېخانىزمىنى ئىگىلەش؛ ئەنسىزلىككە توغرا قاراش؛ ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىنى تۈگىتىش؛ روھىيەتتىن چۈشكۈنلۈكنى ھەيدەش قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەكىتلەش مۇمكىن.

# I تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇتۇقنىڭ مېخانىزمىنى ئىگىلەش

ياشاشنىڭ مەنئەتكارلىق بابىدا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىشىمىز ئالدى بىلەن بىزنى تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىزدە بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەھۋاللاردىن قۇتۇلدۇرىدىغان جاسارەت ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى قولغا ئېلىشتۇر. بۇنداق جاسارەت ۋە مېخانىزم نېمە؟

## 1. پەلەك ۋاقىتلىق تەتۈر ئايلانسىمۇ، ھاياتنىڭ ئۆز قائىدىسى بويىچە ئىلگىرىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش

پەلەك ئاجايىپ نەرسە، بەزىدە ئۇنىڭ گەردىشى ئامەتنى ياپساچىلارغا، ئاپەتنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئەزىمەتلەرگە سوۋغا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا مەدھىيىلەر ئوقۇلسىمۇ، ئۇلارنىڭ دانىشمەنلىك باسقۇچلىرىغا تاپا - تەنە بىلەن مالالچىلىقنى ھامىي قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئېھتىمال پەلەكنىڭ ئىنسانلار تەبىئىتىدىكى ئۆزىگە كۆرەڭلىك قىلىپ باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان شۇملۇقنى جازالىغانلىقىدۇر. بىراق، ئىنسانىيەت تارىخ تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلسە ئىدى، جازا قامچىسى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ھارۋىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئاشۇ شوتا ئاتلارغىلا تەگمىگەن بولاتتى. ئىنسانىيەتتىكى بۇ ئورتاق كېسەل بەكرەك يامرىغان مىللەتلەر ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۆپكىسى يوقلۇق قىلىپ، ئامەت كەتكەندە قولىنى چىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەپ قالمىغان بولاتتى.

ئەنە قاراڭلار، تارىخنىڭ بەتلىرىدە سىياسىي جەھەتتە ئالدىغا ھالقىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكىدىن قان ئاققان، ئىدىيە جەھەتتە مۇتەپەككۇرانە پىكىردىكىلەر قىيىن - قىستاقتا قالغان، پەن - تېخنىكىدا كەشپىيات - ئىختىرا ياراتقانلار خېيىمخەتەردىن خالىي بولالمىغان. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت ئالىمىگە ئېلىپ كەلگىنى شانلىق نۇر بولسىمۇ، ئۇلارنى كۈلكە قىلىدىغان، تىللاپ قارغايدىغانلار خۇددى چوڭ يولغا ئۇشتۇمتۇت ئۈنۈپ قالغان تىكەنلىك چاتقاللاردەك ئىنسانىيەتنىڭ داغدام تەرەققىيات يوللىرىنى تىكەنلىك يوللارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن، 1814 - يىلى، ستېفېنسون بىرىنچى پويىزنى ئىجاد قىلىۋېدى، ئۇ پويىز گەرچە 30 نەچچە توننا ئېغىرلىق سۆرەپ ماڭسىمۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەقىللىق ھېسابلىدى - دە: «ھە، نوچى، بۇ پويىزنىڭ ئات ھارۋىسىدىنمۇ ئاستا ماڭىدىكەنغۇ؟»، «ئۇنىڭ گۈركىرىشىنى دېمەمدىغان تېخى، پويىزىڭنىڭ گۈركىرىشى مال - چارۋىلىرىمىزنى ئۈركۈتىۋەتتى»، «تۇمشۇقىدىن ئوت پۈركۈپ باغۋارانلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى»... دېگەندەك تاپا - تەنىلەر، ھەزىل - كۈلكىلەرنى ئۇنىڭغا ئوق قىلىپ ئاتتى. ھەتتا نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللارمۇ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆزىنى مۇتەخەسسىس، ئالىم دەپ يۈرگەن بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ شۇنداق ھۇجۇملارغا بولۇشۇپ بەردى. ئاۋستىرىيىدىكى دوختۇرلار: «ئىنسان بەدىنى سائىتىگە 24 كىلومېتىردىن يۇقىرى سۈرئەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر بۇ ئالۋاستى سۈرئەتلىك مەخلۇق ئاۋستىرىيىدە قاتنايدىغان بولسا، يولۇچىلىرىمىزنىڭ يەتتە ئەزايىدىن قان كېتىدۇ. ئۆلمىدى دېگەندىمۇ، تونېللاردىن ئۆتكەندە بوغۇلۇپ تۈگەيدۇ. ئەمەلىيەتتە پويىز دېگەن مېيىت قاچىلايدىغان ساندۇق» دېسە، روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتچىلىرى: «ھازىرقى جەمئىيەت بارغانسېرى

جىددىيلىشىپ كەتمەكتە، ئادەملەرنىڭ روھى هارغىن هالەتكە يېتىپ قالدى. ئەگەر پويىز بۇ جىددىيلىك ئىچىدە گۈركىرەپ يۈرسە، ئىنسانىيەت بىراقلا ساراڭ بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى.

كۆلكە ۋە تاپا ـ تەنە قىلىسىمۇ قىلسۇن، بۇنىمۇ «بوپتۇ» دەيلى. بىراق، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشتىكى ئىجادىي ئىلگىرىلەشلەرنى ھەتتا بەزى گۇرۇھلار مەخسۇس پېيىگە چۈشىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇنداق تەتۈر پەلەك قانچىكى ئارقىدا قالغان مىللەتلەردە شۇنچە چۆرگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى خورلاش بىلەن ئاياغلاشماي، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق چولپانلىرىغىمۇ خىيانەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان مەلئۇنلۇقۇقا يېتىپ باردى. زامانىنىڭ سەركىسى مەن دەپ يۈرگەن مىللەتلەرمۇ ئىنسانىيەتتىكى مۇنداق ئاجىزلىقلارنى تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئالتۇن كۇسىلاردا ئولتۇرغان پادىشاھلىرىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تەنتەكلىك قىلىپ بەزى رەزىل ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان كولۇمبۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق چولپانى ئىدى. ئۇ گەپ توشۇغۇچىلار دەستىدىن شۇنچە ئۇلۇغ سەپەردىن قايتۇرۇلدى. سىنزورلار كىچىككىنە گەپنى كۆپتۈرۈپ، ئۇنى ئىسپانىيە پادىشاھىغا چېقىپ قويغانلىقتىن، ئىسپانىيە پادىشاھى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قولغا ئالدى ۋە قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىپ ئىسپانىيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ مۇنداق شۇملۇقلىرىنى كىشىلەرگە تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، «بۇ جازا قورallىرىنى مېنى دەپنە قىلىدىغان مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ قويۇڭلار» دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئامېرىكا ئەنە شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ياۋروپالىقلارغا زېمىن بولغان ئەمەسمىدى؟ 1919 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېينىشتېيىننىڭ «تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» بىلەن «كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» تەجرىبىدىن ئۆتۈپ پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. 1921 ـ يىلى 42 يېشىدا نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەمما، ئۇنىڭغا كۆپلەپ ئادەم قارشى چىقتى. گېرمانىيىدە مەخسۇس تەشكىللات قۇرۇپ ئۇنى تەنقىدلىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەزى ئالىملار ئۇنى بۇرژۇئا ئالىمى دەپ تەنقىدلىدى. دېمەك، ئالىم ـ سەنئەتكارلار ئۇتقا تاشلانغان، تىرىك كۆمۈلگەن، جازا تۈۋرۈكلىرىگە مىخلانغان، تەنقىدلەنگەن بىلەن ئۇلار يەنىلا دۇنياغا شانلىق نۇر تارقاتتى. بىراق، بۇ نۇرنىڭ تىكەنلىك چاتقال بىلەن قاپلانغان يوللاردىكى قان داغلىرى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ زامان ئېتىبارىدىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىگە تۇتقان جاھىلانە پوزىتسىيىسىدىن ناھايىتى ئاچچىق بىر ساۋاق قالدۇردى. نادان كىشىلەر مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلەرنىڭ بېشىدا چۆرگىلەۋاتقان تەتۈر پەلەكنىڭ تەسىرىدە «دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭساق بەختسىزلىككە ئۇچرايمىز، كەينىدە قالساق دۇمباللىنىمىز، ئوتتۇرىدا ماڭساق ئارامخۇدا ئۆتىمىز» دېگەن نىشانغا يۈزلىنىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق خاتا يەكۈن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات سەپىرىنى ئەسىرلەپ كېچىكتۈردى.

بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئىجادچانلىق بىلەن ئىجادىيەتكە قارشى كونىلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولدى. ئىلىم ئەربابلىرىنى ۋە ئارسلان بوۋىلىرىنى بايراق قىلغان ھالدا پىكىر مەھبۇسلۇقىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئىجاد قىلغان، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى باشقا مەدەنىيەتلەرگە قوشۇۋەتمەي يىپەك يولىنى ئاچقان كونىلاردە خەلقىمىز شۇ زاماننىڭ ئۆتكۈر رىقابەت جەڭگاھىدا ياشاپ، يىپەك يولى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆزىنىڭ ئىرپان ھۆجەيرىلىرىنى قاتتى. «قۇت» ئىزگۈلۈكىنى قەلبىگە پۈكۈپ، تاغ ـ جەزىرىلەردىن ئېشىپ، مەغرىب ـ مەشرىق ئىستىھكاملىرىدىن ئۆتۈپ، يىراق زېمىننىڭ «سىم تانابى» نى تارتىپ، مۇساپىرەت مەنزىلگاھلىرىدىن بوستانلار، مۇساپىرلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن

بولغان بېلىقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان سۇپسۇزۇك دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بىراق، ئۆزىنى ھايات قائىدىسى بويىچە تۇتۇۋالمايدىغان بەزى تەنتەك ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا ئىدىيىسى جانلىق كىشىلەرنى «ئېزىتقۇ» دەيدىغان چەمبىرەك بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇنداق تەرەققىياتنى كۆزلەيدىغان ھايات قائىدىلىرىنى كۆرمەيدۇ. ئۇلار چەمبىرەكلەنگەن ئىدىيىسى بويىچە ئەڭ ئالدى بىلەن سەنئەتكارلىق مېۋىلىرىگە «كۈندۈزدە چۈش كۆرگەنلىك»، «ئەقەللىي بىلىمنىمۇ بىلمەيدىغان ساراڭنىڭ ئىشى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن شىددەتلىك قارشى تۇرىدۇ. ھەقىقەت خېلى ئايدىڭلاشقاندا بولسا، «خېلى يوللۇق بولسىمۇ، ھۆججەت ئاساسى يوق»، «سۆزلىرى چىرايلىق بولغان بىلەن ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپتۇ، نەزەرىيە ئاساسى ۋە مەنتىقلىق باغلىنىشى ئاجىز» دەپ كەينىگە چېكىنىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار زۇۋان سۈرۈپ گەپ قىلمىسىمۇ، پىكىر - ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالمايدۇ - دە، كۆڭلىدە: «ھەي، قارا بۇ ساراڭ بالىنى، كىچىككىنە تۇرۇپ ئاقساقاللارغا نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ - ھە؟»، دەيدۇ - دە، ئىدىيىدە جانلىق بولغانلارنى ئۆز چەمبىرىكىگە كىرگۈزەلمىگەنلىكىگە ھەسرەت چېكىپ، بىردەم: «بۇنداق جاپا تارتقۇچە تەييار ئۇقۇملارنى قوراشتۇرۇپ ئادەم بولۇشنىڭ ئېپىنى ئىگىلىۋالسا بولماسمىدى»، «دېگىنى ھەق بولسىمۇ، بېشىغا بالا تېرىۋالغۇچە، ئاغزىنى يۇمۇپ يۈرسە بولماسمىدى» دەپ ئۆزلىرىنى خەيرىخاھلىق قىلغۇچى مېھرىبانلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋالسا، يەنە بىردەم ئۆزلىرىچە ئۇلارنى «تەنتەك»، «خام سويما»، «چوڭ ئىشقا يارىمايدىغان» قاتارىغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقىملاشقان ئەندىزىلىرى ئىچىدە ئامان - ئېسەن ياشىغانلىقىنى، بۇنداق ئېسەنلىكتە راھەتلىك تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، سەنئەتكارلارنى «ئەخمەق» لەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتارىغا قوشۇپ قويىدۇ. بىزنىڭ بىزنى روھىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتە شۇ قەدەر زەئىپ، ئىچىنىشلىق ۋە پاجىئەلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان ئىللەتلىرىمىز ۋە ئۇنىڭدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرى ھەققىدە — زەھەرلىك ئۆسمىدەك ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالغان، مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، ئاخىر بىر كۈنى جېنىمىزغا زامىن بولىدىغان خەتەرلىك مەنىۋى كېسەللىكنىڭ مەنبەسىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىدا داۋاسىنى قىلىپ ساقايتىشنىڭ يولىنى قىلىش ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئويلاۋاتقانلىقىمىز ئەنە شۇنداق چەمبىرەكچىلىكنىڭ ئارىمىزدىكى ئىپادىسىدۇر.

بىراق، ھايات قائىدىسى ماھىيەتلىك ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش بويىچە ئىلگىرىلەش بولغاچقا، ئۇ ئۆز يولىدا بىرمۇنچە ئىختىرا، كەشپىياتلارنى مىڭلىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە سۇنىدۇ. ئىختىرا كەشپىياتلارنىڭ نەق پايدىسىنى كۆرۈشكە باشلىغان كىشىلەر ئۇنى قوغداش تەرىپىگە ئۆتكەندە، ئۇلار يا: «ئۇ دېگەن بۇرۇنلا بار نەرسە ئىدى. مىسىر ئېھراملىرىدىنمۇ تېلېۋىزور چىقىپتىكەن، كىرورەن گۈزىلىنىڭ قورسىقىنى ئوپېراتسىيە قىلغانلار بولغانىكەن، بۇنىڭ دەلىلى كونا كىتابنامىلەردە مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئېھتىمال كۆچۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ ياكى بولمىسا، XX ئەسىردىن بۇرۇن ئادەمنىڭ ئاسمانغا، كائىناتقا ئۇچۇشىنى «بىمەنە سەپسەتە» دېگەن كىشىلەر ھازىرقى كۈندە «مۇتلەق ھەقىقەت» دېگەنگە ئوخشاش ھەقىقەت تەرەپكە ئۆتۈۋالىدۇ - دە، «مەن بۇرۇنلا شۇنداق ئويلىغان، بۇ دېگەن دەۋر بۆلگۈچى كەشپىيات، مۇتلەق ھەقىقەت» دەپ بارىكاللا توۋلاش بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ.

ئۆزگىرىشنىڭ مۇنداق قەدەممۇقەدەم بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقانداق كەشپىيات ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان تەقدىردى-

مۇ، ئۇ مۇتلەق ھەقىقەتكە يېقىنلىشىپ بارىدۇكى، تامامىلانغان
مۇتلەق ھەقىقەت بولمايدۇ. ئۇ ھەقىقەت سېپىگە قوشۇلۇپ بول-
غۇچە، خۇددى ئەمدىلا ماڭغان بالا ھە دېسىلا يىقىلىپ تۇرغاندەك
مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدا يەنە تۇزىتىشكە تېگىشلىك خاتا
تەرەپلەر بولىدۇ. بۇلار چەمبىرەكچىلەرگە ۋاقىتلىق دەسمايە
بولۇپ بېرىش بىلەن ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. ناۋادا سەنئەتكار-
لاردا بۇنداق ئاۋارىچىلىكتىن قورقۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان
تەنتەكلىك بولسا، سەپسەتە سورۇننى ئىگىلەپ كېتىدۇ ـ دە،
كىشىلەر سەپسەتىگە ئەگىشىپ ھەقىقەتكە قارشى مۇقاملارنى توۋ-
لىشىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئىجاد قىلىش ۋە بەرپاچىلىق ياكى كونا
ئادەتلەردىن بېكىتىلگەن پىكىر يۇزلىنىشلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ
ياكى ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن شەيئىلەرنى مەيدانغا كەلتۇرۇپ ئىن-
سانىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ
باشقا كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ياكى چۈشەنمەي تۇرۇپ
جۆلۈيدىغانلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ قېلىپلاش-
قان ئىشلاردىن مەنپەئەتدار ئادەت كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى بى-
لەن ئىقتىسادىي شارائىت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ھەتتا ئائىلە
مۇناسىۋەتلىرىدە ئىجادكارنى زىددىيەتلەر قاتلىمىغا تىقىپ قويى-
دۇ. شۇڭا، سەنئەتكارلىقنى چەمبىرەكچىلەردىن قۇتۇلدۇرۇش-
نىڭ چارىسى ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ ھەر زامان ئۆزگىرىپ
بارىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ ھەرقانداق يېڭى ئىدىيە كىشىلەرنىڭ
نەزەر دائىرىسىنى يېڭى مەنزىرىلەرگە ئاچىدىغان بولغاچقا، تەييار
ئەندىزىلەر بىلەن ھەر كۈنى ئوخشاش بىر قېلىپتا ئىش قىلىش
ئىدىيىسىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە جۇشقۇن بولىدىغانلىقىنى، ئەن-
دىزە بىلەن ئىش قىلىدىغان چەمبىرەكچىلەرنىڭ تىم ـ تىم
ماڭغان بالىلاردەك يىقىلىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىماسلىقى ئۇ-
لارنىڭ تىم ـ تىم مېڭىشقا تېگىشلىك چاغدا، يىقىلىپ كېتىش-

تىن قورقۇپ يەنىلا ئۆمىلىگەنلىكىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇش؛ ھەرقانداق يېڭى ئىدىيىنىڭ مەيلى ئۇ ھەقىقەت بولسۇن ياكى ھەقىقەتكە يېتىش يولىدىكى بىر قېتىملىق يېڭىلىش بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئىدىيىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر تاللاشقا باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ۋىنتا بولىدىغانلىقىنى تونۇشتۇر.

چۈنكى كىشىلەر مانا مۇشۇنداق تونۇش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان سەنئەتكارلار سەۋەبلىك ھەقىقەتكە ئېرىشىش بىلەن شادلىقتا چۆمىدۇ، يېڭىلىش بىلەنمۇ يېڭى تاللاشقا ئۆتىدۇ، ئۆزى ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرۇۋېلىپ باشقىلارنى سۆكۈش بىلەن ئۆتىدىغان پەتىۋاچىلار بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

يەنى، تەتۈر ئىش ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش — ئىدىيىدىكى جانلىقلىق ئارقىلىق ئوڭغا بۇرۇلىدۇ. مانا بۇ ياشاش سەنئەتكارلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى — ئادەمنىڭ تۆۋەن تەبىئەتلىك ھايۋانلاردىن ھەرقاچان ئۈستۈن تۇرۇشىدىكى نېگىزلىك سەۋەبتۇر. مەلۇم ئادەم ئىدىيە جەھەتتە جانلىق بولۇپ ئىجاد قىلغانلىقى تۈپەيلى «پىشىپ يېتىلمىگەن» دەپ كۆرۈنسىمۇ، دەل مۇشۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئىدىيىدە چەمبىرەكچىلەرنىڭ توساقلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە جانلىق بولالمىغانلىقىنى، جانلىقلىقىنىڭ ھەقىقەت سېپىنى تۇتۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەرگىزمۇ ھېچنېمە ئىجاد قىلمايدىغان پەتىۋاچىلارنىڭ ئالتە ئېشەككە يۈك گەپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ. چۈنكى پەقەت ھەقىقەت ئىگىلىگەن، ھەتتا ئاز بولسىمۇ ھەقىقەت ئىگىلىگەن ئادەملا، ئاندىن پىشىپ يېتىلگەن ياكى پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

ئىدىيىدە جانلىق ئادەملەر تۈپەيلى بىرەر «چاتاق» چىقىپ قالارمىكىن، «بالا - قازا» بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشىدە يۈرگەن ئادەملەر بولسا، دەلمۇدەل قورسىقىدا جىن بار ئادەملەر

بولۇپ، ئۇلارنىڭ «ئوغرى گۇمانخور» دېگەندەك ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ قولىدا ھەقىقەت يوقلۇقىنى، شۇ سەۋەبتىن نېرۋىسى ئەدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ھەقىقەت دېگەن خۇددى مېكىيان تۇخۇم باسمىسا چۈجە چىقمىغاندەك، پائال، جانلىق پىكىر قىلىدىغان ئادەم بولمىسا مەيدانغا چىقمايدۇ. كىمىكى، ئىدىيىدە پائال ئويلايدىغان جانلىق ئىدىيىگە ئىگە بولسا، سەپسەتىدىن ئۆزىنى بۇرۇنراق ئازاد قىلىپ ھەقىقەتكە يېقىنلايدۇ، ھەقىقەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق سەنئەتكار بېشىدا تۈگمەن چۆرگىلىتىۋاتقان تەتۈر پەلەكنى ئوڭغا بۇراش ئۈچۈن ئىدىيىدە بۇرۇنقىدىنمۇ جانلىق بولۇپ، پەتىۋاچىلار خاپا قىلىۋاتقاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەقىقەتكە تېخىمۇ ئېرىشىشنىڭ كويىدا تىرىشىپ ئىجاد قىلىش كېرەك. بىراق، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ياشاشنىڭ سەنئەتكارلىقىدىكى مەغلۇبىيەت كۆپ ھاللاردا بىز پەلەك دەپ ئاتاۋاتقان تاشقى مۇھىتتىكى ھاسىلاتلار، بولۇپمۇ قورسىقىدا جىن بار ئادەملەرنىڭ قوچىشىدىن كېلىپ چىقسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىدە بەزى خاتا سەپسەتىلەر بىلەن بوغۇلۇپ قېلىشىدىن، جاھىللىق بىلەن بىر خىل پىكىردە تۇرۇۋېلىشىدىن، بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۇلات ئالدىدا تېز پۈكمەي ئېلىشىش روھىنىڭ كەم بولۇشىدىن، يېڭى ئۇسۇل ـ چارىلەرنى ئىجاد قىلالمىغانلىقىدىن، تۈرەلمە ھالىتىدە تۇرغان يېڭى ئىلمىي ئىدىيىلەرنى تونۇپ يېتىشنىڭ كەمچىلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئىكەن، سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىدا ئادەمگە پەلەك تەتۈر ئايلانغاندا، ئۇنىڭغا توغرا قاراش ۋە ئۇنى ئوڭغا بۇراشقا ئىنتىلىش زورۇر بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەغلۇبىيەتتىن ئۆتۈپقا ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۆزىدىكى خاتالىقتىن ۋاقتىدا قول ئۈزۈش كېرەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلمىي ئىزدىنىش داۋامىدىكى ئۇتتۇق ۋە مەغلۇبىيەتكە توغرا
مۇئامىلە قىلىدىغان ئالىملار ئەزەلدىن ئۆزى سادىر قىلغان خاتا-
لىقلارنى ۋە مەغلۇپ بولغان تەرەپلىرىنى يوشۇرمايدۇ. چۈنكى،
ئىجادىيەت ئۇستىدىكى ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق ماختاش ئادەمنى
مەستخۇش قىلىپ ئۇخلىتىپ قويىدۇ - دە، «قۇرۇق ماختاشنى
ئەخمەقلەر ياخشى كۆرىدۇ» دېگەندەك، بۇنداق ماختاشنى ياخشى
كۆرگەن ئالىملارمۇ ئەخمەقلىشىپ ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.
خاتالىقنى يوشۇرماسلىق ئالىملارنىڭ ئادەم تەبىئىتىدىكى ئۆزد-
ىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش ۋە ئۆزىگە پايدىلىق مەيداندا تۇرۇۋېلا
گەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ زور ئاجىزلىقنى يەڭگەنلىكى
بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى ئىلىم - پەن ھەقىقەتلى-
رىنى تارقاتقانغا ئوخشاش ئالىيجاناب ھەرىكەتتۇر. چۈنكى، ھەم-
مە ئۇتتۇقلار ئادەمنىڭ ئۆزى ئۇستىدىن قازانغان ئۇتتۇقىدىن،
ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق ئۆزىنى تونۇشنى بىلىشتىن باشلانغانلىقتىن،
ئىجادىيەتچىنىڭ ئىدىيىسىدە خاتا ئىدىيە، مۇددىئا تۇرغاندا ۋە
ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا
غەلىبە قىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان خاتا رامكىلار تۇرغاندا،
ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرەلىشى ۋە ئۇنى تارقىتا-
لىشى مۇمكىن ئەمەس. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر
پسىخولوگى باتلىت: بىر ئالىمنىڭ ئەقىل ۋە ماھارىتىنى ئۆل-
چەيدىغان ئالامەت ئۇنىڭ سەپسەتىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش سۈرئى-
تىدۇر، دېگەن. قاراڭلار، دۇنيانىڭ بۈيۈك چولپانلىرىدىن ئېيد-
ىنشتېيىندەك ئادەممۇ «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا
قويغانلىق شەرىپى بىلەن فىزىكىدا ئەڭ چوڭ نوپۇز ئىگىسى
بولغاندىن كېيىن، تارتىشىشتا كۈچ دولقۇنى مەۋجۇت بولمايدۇ،
دېگەن خاتا نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۆز نۇقتىئىنەزەرد-
ىنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلانغان ھامان، ئۇ خاتالىقنى ئاشكارا ئېتىد-

ـراپ قىلىپ تۇزەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، خاتا ئىدىيە ھەم سەپسەتىلەرنى رەت قىلغان ۋە چۆرۈپ تاشلىغاندىلا، ئادەم ئۆزىنى ھەقىقەتنى بايقايدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان دائىرىدە تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇۋالغاندا ئىجادىيەتـتىن توختايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھازىر بىز يەنە ئىجاد قىلماي تەييار ئەندىزىلەرنى تەكرارلاپ ئولتۇرساق سەپسەتىلەر بىزنىڭ كەلگۈسى تاكامۇللۇقىمىزنى خام خىيالغا ئايلاندۇرۇۋېتىمىز قويماـدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# III ئەنسىزلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىككە توغرا قاراش

خاتىرجەملىككە كىممۇ قىزىقمايدۇ دەيسىز. بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللەردە مۇدھىش كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن بولسا كېرەك، «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دېگەن ئەقىدە بىلەن تۇرىمىز ۋە ھەرقانداق بىر ياخشى ئادىمىمىزنى كۆرگەندە: «تىنچلىقمۇ؟» دەپ ھال سوراپ، تىنچ ياشاشنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا قويىمىز. بىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر بەختنىمۇ خاتىرجەملىك دەپ چۈشىنىدۇ. بىراق، بەختلىك پەيتلەر، ئاجايىپ چوڭ ئامەتلەر، ئۆمۈرلۈك خاتىرجەملىكلەر مانا مۇشۇ چۈشەنچە تۈپەيلى قولدىن كېتىپ قالىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش دېگەندە، تىپتىنچ ئۆتكىلى بولامدۇ؟ سەنئەتكارلىق بابىدا يالغۇز خاتىرجەملىكنى مىزان قىلىۋالساق، بىرەر ئەنسىزلىك يۈز بەرسىلا ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالمىساق بولامدۇ؟ تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئەنسىزلىكنىڭ ھەممىسىلا يامان نەتىجە بېرەمدۇ؟ خاتىرجەملىك بىلەن ئەنسىزلىك رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ قوشبۆرەك مەزمۇنى بولۇۋاتقان يەردە، بىز بۇنىڭ بىرىنى چەتكە قاقالامدۇق؟

بۇ سوئاللارغا بىز دۇنيانىڭ ئىجادىيەت چولپىنى بولغان ئوسبورىننىڭ تىلى بىلەن جاۋاب بېرىدىغان بولساق، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى قەدىرلەيدۇ. ئەمما ئەنسىزلىكنى ئىجادىيەتنىڭ ئاكتىپ ئىلھامچىسى دەيدۇ. ئۇ مور دېگەن بىر ئالىمنىڭ «نامراتلىق، مۇشكۈلات ئىچىدە تۇرغاندا بىزگە ئەركىن ئىلھاملار ھەمراھ بولىدۇ، باي بولۇپ كەتكەندە بولسا، ئىلھام بىز بىلەن

خوشلىنىشىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئالاھىدە ھېرىس بولۇپ، بىزنى ماددىي نەرسىلەرگە بولغان ئەنسىرەشلەر تۇگەپ كەتكەندە، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىپ قويۇشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەرقاچان ئەسەر يېزىش، ئىگىلىك تىكلەش، كارخانا قۇرۇش، مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتتە باي بولۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە جاپالىق كۈنلەرنى ئۇنتۇماي ھەرىكەت قىلىدىغان مۇددىئا تۇرغۇزۇپ، ئۆزىگە ئۆزى بېسىم قىلىش بىلەن ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، ياشاش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتتۇپ چىقىش ئۇچۇن، بىزنىڭ ئەنسىزلىكتىن قورقۇشىمىزلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئەنسىزلىك يۈز بېرىۋاتقاندىمۇ ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئەنسىزلىكتىكى پايدا - زىياننى توغرا تونۇپ، ئەنسىزلىكنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى ئالغا سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىزمۇ زۆرۈر بولىدۇ.

ھازىرقى كۈندە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر تېخىمۇ كۆپلەپ پۇل تېپىش، تېخىمۇ كۆپ مەئىشەتلەرگە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن تېپىرلاپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلاردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ھەرىكەتلەرنى ھەتتا دانالارمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن، ئۇلاردىكى بۇنداق ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى پۇلغا بولغان ئاشۇ قىزغىنلىق، مەئىشەتكە بولغان ئېھتىياج كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىراق، ئەتراپلىق قارىغاندا، ئادەمدە ئىجادىي ئىدىيە ئۇچقۇنلىرىنى قوزغايدىغان نەرسە بەلكىم پۇل قىزغىنلىقىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان ئەنسىزلىك ۋەھىمىسىدۇر.

ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، مەن 60 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ چاغدا خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەريالىرىدا دەھشەتلىك كەلكۈن ئاپىتى بولۇپ، دەريا ۋادىسىدىكى پايانسىز زېمىننى سۇ بېسىپ كەتكەنىكەن. شۇ تۈپەيلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تارىختا ئاز كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇلىدىغان ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، بۇ يەرلەردىكى كىشىلەر جان ساقلاشقا ئىمكان بار يەرلەرنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بىر تۈركۈمى كەلگەنىكەن. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جۇڭگودا خەلق تۇرمۇشىدا ئۇچرىشىدىغان دەرىجىدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ھەر يەر ئۆز ئەھۋالى بويىچە چارە - تەدبىر قوللىنىۋاتقانىكەن. شۇ كۈنلەردە بۇ ئاچارچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئانا يۇرتۇم بەشكېرەمدىكىلەر چوڭ - كىچىك بىرىپ يۇرتىمىزنىڭ ئاياغ چېكىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ باشقۇرغان شانۇشەۋكەتلىك قاراخانىيلار خارابىسى «خان ئۆيى» دېگەن يەردە بوز يەر ئېچىشقا كىرىشتى. بۇ يەردە دادام تولىمۇ جاپالىق ئىشلىمەكتە ئىدى. بىز ئالتە بالا ئانامدىن يېتىم قالغان بولۇپ، دادام بىزگە ھەم دادا، ھەم ئانا ئىدى. دادام تارتىۋاتقان جاپا - مۇشەققەت ھەممىمىزنى بىئارام قىلاتتى. يازلىق تەتىل بولۇشىغىلا مەن دادامنىڭ ئورنىدا ئۇ يەرگە ئىشلەشكە باردىم. بىر كۈنى مەن ئەتىگەندە بوز يەر مەيدانىغا كېتىۋېتىپ، بوز يەرگە تارتىپ چېپىلغان ئېرىقنىڭ ئەتراپىدا ئاق سۆپۈرگە مايسىلىرىنىڭ بولۇق ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. كەچقۇرۇن ئىشەككە مىنىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ قارىسام، ئۇ سۆپۈرگە مايسىلىرى كۆزۈمگە چېلىقمىدى. مەن يېنىمدا كېتىۋاتقان تاغامدىن سورىدىم: «بىز ئەتىگەندە كۆرگەن سۆپۈرگە مايسىلىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئەتراپتا ياكى چارۋا مال بولمىسا، ئۇلارنى نېمە يەپكەتكەندۇ؟» تاغام ماڭا مۇنداق دېدى: «ھەي، بالام سورىمايلا قوي. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بىچارىلەر ئۇنى يەيدىكەن، ئۇلار ئەتىيازدىن بېرى قارا ياغاچنىڭ پوستىنى، ئاكاتسىيە چېچەكلىرىنى يېدى، ئىچىمىز ئاغرىپ ئۇلارنى تاغ بويىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئورمىغا بارغاندا، بۇ دەردتىن بىر دەك قۇتۇلۇپ كېتەرمىز». مەن ئادەمنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى يەپ ھايات كەچۈرۈشىنى تۇنجى قېتىم

لىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش تەشنالىقى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بايلىققا بولغان قىزغىنلىقىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىر خىل غىدىقلاشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ خىل غىدىقلاش تەشنالىق بىلەن ئۇلاردا يوشۇرۇن ياتقان ئىجادىي قابىلىيەتنى بىرلەشتۈ- رۈش رولىنى ئوينىغان. ئەتراپىمىزغا تازا زەن قويۇپ قاراپ باقايلى: مەشھۇر ئادەملەردىن جاپا تارتمىغانلار يوق. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يازغۇچىلار، ئالىملار، رەھبەرلەر ۋە بايلار نامرات- لىق، ئاچارچىلىق ياكى سىياسىي زىيانكەشلىك ئەنسىزلىكى بىلەن قوزغىلىپ چىقىپ باش كۆتۈرگەنلەر بولۇپ، نامراتلىق، ئاچارچىلىق، زۇلۇم، خورلۇق ئۇلاردا جاپا ـ مۇشەققەتكە چىد- داپ كۈرەش قىلىدىغان، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەيدى- غان، قىيىن كۈنلەردىن مول تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق ئىجادىي يول بىلەن قۇتۇلىدىغان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك ئاپەتلەر ۋەھىمىسى ئۇلارغا نورمال كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالماي- دىغان شىجائەت بىلەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان تالانت ئاتا قىلغان. خەلقىمىزنىڭ «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس، جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس» دېگەن ھېكمەتلىك قوشىقى تامامەن مۇشۇ مەنىدە بولمىسىمۇ، ئەنسىزلىككە يولۇقۇۋاتقان سەنئەتكارلار «جاپا چەككەن ئاشىقلار» قاتارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولى- سى ئەنە شۇنداق مۇشكۈل خەتەرلەر داۋامىدا ئۇزاق قىينالغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش تەشنالىقى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئىجادىي تە- سەۋۋۇرلاردا بولغان. مۇشەققەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسى چىڭىپ، نەپسى ئاۋارىسى ئادەملەر ئويلىيالمايدىغان ئىجادىيەتلەرنى قىلىشىغا سەۋەب بول- غان. ئۆزىمىزنى سىلىشتۇرۇپ باقايلى، بىزمۇ ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندە، كاللىمىزدا بۇرۇن زادىلا ئويلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

باقمىغان تەسەۋۋۇرلاردا بولىمىز. بۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ كال-
لىمىزدا پەيدا بولۇشى قورقۇنچ بىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىمىز-
نى ئۆستۈرۈپ قويغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى شۇ قور-
قۇنچتىن قۇتۇلۇش ئېھتىياجى بىزنىڭ ھېسسىيات كۈچىمىزنى
زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇن-
داق كۈچىيىۋاتقان ھېسسىيات ئىجادىي قابىلىيەت بولماي نېمە؟
جەڭنى مىسالغا ئالساق، جەڭ تولا ھاللاردا ئۇشتۇمتۇت بولىدى-
غان نەرسە، ناپالېئون جەڭ تارىخىدىكى شۇنداق ئەنسىز ھېسسى-
ياتلارنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇمۇ ئەنە
شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. روھىي
ھاللىقتىكى قوزغىلىشنىڭ ئېرىشكەن بىلىم بىلەن يېڭى تەسەۋ-
ۋۇر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا ھەمدە
ئۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئادەمنى ھوشيارلاشتۇرۇپ ئۇتۇققا ئېلىپ
بارىدىغان تاكتىكا قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا
چىن دىلىدىن ئىشىنىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى،
بىزنىڭ سەنئەتكارلىق بابىدا قولغا كەلتۈرىدىغان ھەربىر ئۇتۇقى-
مىز يالغۇز خاتىرجەملىككىلا باغلىق بولماستىن، ئەنسىزلىك-
تىن كېلىپ چىقىدىغان روھىي قوزغىلىشقىمۇ باغلىق بولىدۇ.
كۆپرەك ئۇتۇقلار قەلبىمىزدىكى زادىلا باسقىلى بولمايدىغان
كۈچلۈك ئارزۇ بولغان شارائىتتا، ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرگەن تى-
رىشچانلىق ئادىتىمىزنىڭ ئىتتىرىشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلى-
دۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەم مەلۇم
ئىقتىسادىي ئېھتىياج ياكى مەلۇم ئەنسىزلىك ھېسسىياتىدا مە-
لۇم ئىجادىيەتكە قوزغالغاندا، ئۇنىڭدىكى تىرىشچانلىق ئادىتى
ئىجادىيەت مېۋىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ھەرقانداق ئادەمدە
ئەگەر تۈرلۈك ئاپەتلەر كەلتۈرگەن قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كې-
تىشكە ئىنتىلىدىغان تىرىشچانلىق ئادىتى بولىدىكەن، ئۇنىڭ
خىزمىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن تىنچلاندۇرغۇچى، غىدىقلىغۇچى،

دەم ئالدۇرغۇچى، خۇشال قىلغۇچى، چېنىقتۇرغۇچى ھەتتاكى
ئىجادىيەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئىشق - مۇھەببەتكە ئايلى-
نىپ كېتىدۇ - دە، بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ۋەھىمە،
غەزەپ، قايغۇ - ھەسرەت ۋە ياكى باشقا ئارزۇ - ئارمانلارمۇ ئۇنىڭ
تىرىشچانلىق ئادىتىگە يول بېرىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى
ئۆستۇرىدىغان ئامىللارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەرقاچان
دائىم خاتىرجەملىكنى كۆزلەپ توخۇ يۈرەكلىك قىلىدىكەن،
ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارغىمۇ ئەن-
سىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىكەن، بۇنداق ئەنسىزلىك ئۇنى رو-
ھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىزگە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاشۇن-
داق ئەرزىمەس ئىشلارغا ئەنسىرەپ ئۆزىنى خارابلاشتۇرىدى-
غانلارغا قاراپ باقايلى، ئۇلار مىڭلىغان ئىشسىزلار بىرەر خىز-
مەت ئورنى تاپالماي يۈرگەندە، بىر ئوبدان خىزمەت ئورۇنلىرىغا
كىرىپ بولۇپمۇ يەنىلا ئەنسىرەپ يۈرىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە
رىقابەت شۇنچە كەسكىن تۇرسا، مەن ئىشلەۋاتقان شىركەت رو-
ناق تاپالارمۇ، بۇنداق شىركەتتە ئىشلىسەم ئىستىقبالىم قانداق
بولار، قاچان ئۆيلىنەرمەن، قاچان ئوبدانراق ئۆيگە ئېرىشەلەر-
مەن، قاچان خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولۇرمەن؟ دېگەندەك
خىياللار بىلەن كاللىسىنى چىرمىۋېلىپ، كۈن بويى ئەنسىرەپ
يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئەنسىرەشلىرى كاللىدىن سىرتقا چىق-
قان ھاياتنى ياخشىلاش پائالىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا
ھېچقانداق خۇشاللىق بېغىشلىيالمايدۇ. ئۇلاردىكى بۇنداق تۇيغۇ
قانچە ئېغىرلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى بېسىمى
شۇنچە چوڭىيىدۇ، كەيپىياتى مۇقىم بولمايدۇ، كىشىلىك مۇنا-
سىۋەتتە چاچقۇن بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا بۇنداق ئەنسىز تۇيغۇلار-
نىڭ ئېغىرلىشىشى ئۇلار كۆزلىگەن ئىشلاردا يامان ئەھۋال-
لارنىڭ ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرى-

www.uyghurkitap.com

دۇ. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئەنسىزلىكتىن بىزار بولغانلىرى، قانچە قورققانسېرى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىشى يۇقىرىدىكى ئۇتتۇق قازانغۇچىلاردەك ئەنسىزلىك يۈز بەرگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قىيىنچىلىقنى تىرىشچانلىق بىلەن يېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەنلىكىدىن بولغان.

كۈن بويى ئەنسىرەپ يۈرىدىغان ئادەملەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئەنسىرەيدۇ؟ بۇنداق كىشىلەر: «ئەگەر خاتىرجەم بولغان بولسام، مەندە چوڭ ئىلگىرىلەش بولغان بولاتتى» دەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇۋالالمىغانلىقتىن، نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاشۇنداق دەپ يۈرۈپ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. «ئۇتتۇق قازانغانلار جەزمەن ھەر تەرەپتىن خاتىرجەم ئادەملەر» دەيدۇ. ئەمما، ئۇتتۇق قازانغانلارنىڭ بېشىدىمۇ بەزىدە تونۇر كۆيۈۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالمايدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇش دېگەن راست دېگەندەك ئەنسىزلەر دېگەندەك بولامدۇ؟ ياق، تۇرمۇش دېگەن كۈرەش قاينىمى، كۈرەش قاينىمىدىن تولۇق يېتىلگەن خاتىرجەملىكنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى ئويلاپ باقايلى، بىزنىڭ ئوقۇش، خىزمەت تارىخىمىزدىمۇ ئىزچىللاشقان تولۇق خاتىرجەملىك يوقتۇ؟ خىزمەتلىرىمىزدە ئەنسىرىگەن، كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىمىز بارغۇ؟ تۇرمۇش ھەمىشە بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز بويىچە داۋام قىلىۋەرمىگەنلىكتىن، مەغلۇپ بولغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولغانغۇ؟ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رېئال تۇرمۇشتا مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ۋە مەڭگۈلۈك خاپىلىق بولمايدۇ، خۇشال كېتىۋاتقان باياشات تۇرمۇشتىكى ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئاز - تولا خاپىلىق پەيدا بولىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ، بەزى ئالىي زاتلارنى كۆرگەندە سىز «مەنمۇ شۇنداق بولغان بولسام ـ ھە!» دېگەن بىلەن، ئۇلارمۇ بەزىدە ئاجايىپ مۇشكۈلات، سىز زادىلا چىدىيالمايدىغان دۈشمەنلىككە ئۇچرايدۇ. سىز

جاپا تارتىۋاتقاندەك، تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك قىلد-
ىغىنىڭىز بىلەن دۆلەتمەن ئادەملەر تېتىقسىز سورۇنلاردا هاياتد-
ىنىڭ خاتىرىسىنى ئۇچۇر ۋۇۋاتقاندا، سىز شۇ خاتىرجەملىكىڭىزنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئەڭ ئەهمىيەتلىك ئىشلارغا ئۆزىڭىزنى
بېغىشلىسىڭىز بەلكىم تارىخ ئۇلارنى ئەمەس، سىزنى تونۇيدۇ.
تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى مانا مۇشۇ. شۇڭا، تامامەن خاتىرجەم-
لىكنى كۆزلەش زىيانلىقتۇر. چوڭ تەرەپتىن جاۋاب ئىزدىسەك،
بىز جۇڭگولۇقلار هەدېسلا خاتىرجەملىكنى كۆزلەپ تاجاۋۇزچى-
لىققا قارشى تۇرمىغان بولساق، چىرىك چىڭ خاندانلىقىنىڭ
ئەجنەبىيلەرگە تىز پۈكمىدىغان ساتقىن شەرتنامىلىرىگە قارشى
تۇرمىغان بولساق، هازىرغىچە جاهانگىرلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا
خورلىناتتۇققۇ؟ دېمەك، بەخت هەرقاچان بىزدىكى بىر تەرەپلىمە
تىنچلىق كۆزقارىشىدىنلا ئەمەس، مۇهىمى ئەنسىزلىكنى پەيدا
قىلىۋاتقان مەنبەلەرنى تېپىپ كۈرەش قىلىشتىن كېلىپ چىقد-
دۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئەنسىزلىكنىڭ هۇجۇمىغا ئۇز-
لۇكسىز ئۇچراپ تۇرۇشىمىز تۇرغان گەپ. بىراق، تىرىشچان
كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئەنسىز تۇرمۇش ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ
كەسپىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مول ئىجادىيەت
مېۋىلىرىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق تىرىش-
چانلىق ئادىتى بار ئادەملەرنىڭ ئۇتۇقلىرىغا قاراپ، ئەنسىزلىك-
مۇ ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېگەن
مەۋقەدە تۇرىمىز. بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ بىر ئويلىنىپ
باقايلى، بۇنداق نەتىجىلەرنى كۈن بويى قورسىقى توق يۈرىد-
غان، هېچنېمىدىن غەم يېمەيدىغان بىپەرۋا ئادەملەرنىڭ يارىتا-
لىشى مۇمكىنمۇ؟

ياق، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە، بىر ئادەم، بىر مىللەت،
بىر دۆلەتنىڭ ئۇتۇپ چىقىش قابىلىيىتى تامامەن ئاشۇنداق ئەن-
سىزلىكلەرگە تەۋەككۇل قىلىدىغان، كامال تاپقان ئىنسانلىق

دەرىجىسىگە، راۋاج تاپقان مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئەنسىزلىكلەردىن قورقماي كۈرەش قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىگە باغلىق. «ۋەھالەنكى، پۈتۈن ھاياتىي كۈچ – ئىقتىدارنىڭ مەركەزلىشىشى، مۇجەسسەملىشىشىدىن تەشكىل تاپىدىغان مۇنداق ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچى ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن، ھەربىر مىللەت ئۈچۈن، ھەربىر مەملىكەت ئۈچۈنمۇ ئاساسلىق ھايات ۋە قابىلىيەت دەرىجىسىدۇر. ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىممۇنىتېت ھالىتى، مىزاج – خىلىتلىرى ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدا مۇجەسسەملىشىپ، بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نۇر چەمبىرىكىدە جىلۋىلىنىدۇ. بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆتمۈش تارىخى ئەمەس، ھازىرقى ئائىلە — جەمئىيەت – مىللەت ئەھۋالى، مەنىۋى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار ھالىتى ئۇنىڭ ھاياتىي سۈپەت، ئىقتىدارىنى، رىقابەت ئىقتىدارىدىكى ئەۋزەللىك ياكى زەئىپلىكىنى بەلگىلەيدۇ. پۈتۈن مىللەتتىكى ھەر خىل ئىقتىدار ۋە سۈپەتنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى – قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىغا مەركەزلىشىشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەر يۈزىدىكى نەچچە مىڭلىغان مىللەتنى، تارىختا نامى ئۆچكەن ياكى ھاياتىي ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلغان مىللەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچەيدىغان، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ‹پال› ئاچىدىغان بىرلا مىزان بار، ئۇ بولسىمۇ ئەنسىزلىكلەردىن قورقمايدىغان ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ھەربىر ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ تۇغما كۈچتۈڭگۈر ياكى ساھىبجامال بولسۇن، مەيلى ئۇ ئىقتىساد ياكى ئىلىم – سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسۇن، مەيلى ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىئون ياكى جامائەت ئەربابى بولسۇن، ئۇنىڭ كامالەت ياكى مەئىشەت دەرىجىسى، شەخسىي ئىززىتى ۋە رىقابەت كۈچى، بەختى ۋە تەقدىر – قىسمەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ياكى

مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالقىپمۇ، قاڭقىپمۇ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، ئۇ تەۋە ئىتنىك تۈركۈمنىڭ ئومۇمىي ھالەت چەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مانا بۇ شەخس تەقدىرىنىڭ مىللەت ھالىتىگە بېقىنىش قانۇنىدۇر»①. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ھەرقانچە ئۈستىكارلىق بىلەن شەخسىي پايدا ئالىدىغان خاتىرجەملىكنى كۆزلىگەنسېرى، مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئۈچۈن زىيان سالغۇچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995 - يىل 5 - 6 - سان، 38 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# IV ئۆزىنى كەمستىش تۇيغۇسىنى تۈگىتىش

## 1. ئۆزىنى كەمستىش تۇيغۇسىنى ئىرادە پەزىلىتى ئارقىلىق تۈگىتىش

ياپونىيىنىڭ لىڭۋاڭ شىركىتى هازىرقى دۇنيا بازىرىدا تاۋارلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىكى بىلەن داڭلىق ئىكەن. بۇ شىركەتنىڭ شۇنداق داڭلىق بولۇپ كېتىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان شى سۇنچىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرەلمىگەن. كېيىنچە خانئانىكىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقىنىدا ئامېرىكا سەنئەتچىلىرى ئۇنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئويۇن قويغان. ئويۇن بېلىتى بەش تىيىن بولۇپ، شى سۇنچىڭ ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن خانئانىكىسىدىن بەش تىيىن سورىغان. ئەمما، بىر نەۋرە ئاكىسى ئۇنىڭغا: «سېنى ئانام پۇل چىقىرىپ ئوقۇتۇۋاتسا، يەنە ئويۇن كۆرۈشكە پۇل دەيسەنغۇ؟» دەپ سوغۇق گەپ قىلغان. شى سۇنچىڭ بۇ گەپتىن بەكمۇ رەنجىگەن ۋە بۇنداق خورلانغۇچە ئوقۇمىغىنىم ياخشى ئىكەن دەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن. ئەمما بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نى ـ نى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆز ئىچىدە: «توختا، مەنمۇ شۇنداق ئادەم ئەمەسمۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلسام بولامدۇ» دېگەن، ھەمدە بىر ئاماللار قىلىپ بۇنداق خورلۇقتىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ ئەربابقا ئايلىنىشقا بەل

باغلىغان. دېمەك، شى سۇن ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىدىن خور-لۇققا ئۇچراپ ئۆزىنى كەمسىتىپ بويىنىنى قىسىپ قېلىش ئەھۋا-لى يەنە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى بەرگەن. ئۇ ئاشۇ غەيرەت بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ كەچ كۇرسىدا ئوقۇغان، شىركەتكە كىرىپ خىزمەتمۇ قىلغان، ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا كىچىك چېغىدا خور-لانغان مەنزىرە ۋە بۈيۈك ئادەم بولۇپ چىقىشقا بەل باغلىغان ئىرادىسى ھەمراھ بولغان.

دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان، بۈ-يۈك ئادەملەرنىڭ ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ كىشىلەردە ئاشۇنداق ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بولۇپ، بەزىلەر سىياسىي زەربىگە ئۇچرىغان، بەزىلەر نامراتلىق ئازابىغا قالغان، بەزىلەر ئىمتىھان-دىن چۈشۈپ قالغان، بەزىلەر مەرتىۋىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن خورلانغان. قىسقىسى، ئۇلار پەقەت ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا چۆكتۈ-رۈۋېتىدىغان كەمتۈكلۈك ۋە ئاجىزلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قى-لىپ، ئۆزىنى تولۇقلىغان.

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزىدە كەمتۈكلۈك بار شارا-ئىتتا، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ تالانتلىق ئادەم بولۇپ چىقىشتىكى ئاساسلىق مەسىلە ــ ئىرادە پەزىلىتىدىكى مۇستەھكەملىك بولۇپ، بۇنىڭدا پسىخىك ئامىللار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. يېقىندا ئېلىمىزدە «دانىشمەن باللار» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «دانىشمەن باللار» نىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇلارنىڭ زېھ-نىي بۆلۈنمىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىلا بولماستىن، بەلكى ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىرادىسى، تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيە-سى، ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇش ئېڭى قاتارلىق غەيرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقلىي ئامىللار ئىكەن. ئالىملار بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، خېنەن ئۆلكىلىك شىنشياڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇسمۇرلەر تەجرىبە سىنىپىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن.

1989 - يىلى، شىنشياڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن 11 ياشتىن تۆۋەن بولغان 30 نەپەر «دانىشمەن بالا» نى قوبۇل قىلىپ، تۆت يىل ئىچىدە ئۇلار-غا تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى ئۆتۈپ، تېز سۈرئەتتە تالانتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بالىلىرىنىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈمىدىگە زىت بولغان، كىشىنى ئويغا سالىدىغان نەتىجىگە ئېرىشكەن.

فۇخۇا ئۇسمۇرلەر سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى توققۇز يېرىم ياش بولۇپ، سىنىپتىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 128، ئاتا - ئانىسى ئادەتتىكى ئىشچى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئائىلىدە دەرس تەكرارلىشىغا ھېچقانچە ياردەم قىلالمايتتى. لېكىن، بۇ ئاتا - ئانا يالغۇز قىزىنىڭ كۆزىگە بەكمۇ قاراپ كەتمەستىن، ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلدۇرغان. بۇ ئائىلىدە دېموكراتىك كەيپىيات ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، مەسىلىلەر ئۈس-تىدە دائىم بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈر-گەن، ئۆز تۇرمۇشىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان، كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. تۆت يىل ئىچى-دە ھېچقانچە كۈچىمەيلا سەككىز يىللىق دەرسلەرنى ئۆگىنىپ بولغان ھەمدە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان.

يەنە بىر ساۋاقداش B نىڭ مەكتەپكە كىرگەن چاغدىكى زېھنىي بۆلۈنمىسى 134 بولۇپ، سىنىپ بويىچە 2 - ئورۇندا

تۆرىدىكەن. كومپيۇتېرغا ھېرىسمەن بولغانلىقتىن، ھەم ئېلىش
كۈنلىرىنى ئاساسەن كومپيۇتېرخانىدا ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا شە-
ھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كومپيۇتېر مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجە-
لىك مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشكەن. 1 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلە-
دە بىر پروفېسسور ئۇلارنىڭ سىنىپىغا كېلىپ خەلقئارا ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئولىمپىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە-
كى قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويۇۋاتقاندا، بۇ ساۋاق-
داش پروفېسسورنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا، ئۇ ئوتتۇرىغا قوي-
غان قىيىن مەسىلىنى توغرا يېشىپ بېرىپ، پروفېسسورنى
ھەيران قالدۇرغان. ئۇنىڭ ماتېماتىكا، تىل - ئەدەبىيات، بىئو-
لوگىيە دەرسلىرىدىكى نەتىجىسى سىنىپ بويىچە 1 - ئورۇندا
تۇرغان. ھالبۇكى، بۇ ساۋاقداش ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان
بولغاچقا، ئۆسمۈرلەر سىنىپىدا ئوقۇغان تۆت يىل ئىچىدە،
نېمىگە قىزىقسا، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلغان. دەرس
ۋاقتىدا ئويناپ ئولتۇرغان، چامباشچىلىق كىتابلىرى ۋە باشقا
كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇغان. ئاخىر بېرىپ، ئۆگىنىش نەتى-
جىسى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى يوقاتقان.

ساۋاقداش 14 C ياش بولۇپ، تەجرىبە سىنىپىغا قوبۇل
قىلىنىش ئىمتىھانىدىكى نەتىجىسى سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئى-
دى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلاپ، دەرسكە قۇلاق سال-
مىغان، تىرىشمىغان، بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىمىگەن،
مەكتەپتىن قايتىپلا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا يۈگۈرۈيدىغان
بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى ئاچچىقىغا پايلىماي مەكتەپكە كېلىپ،
ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى دۇمبالىغان، كې-
يىن ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئىدارىسىدىن رۇخسەت سوراپ،
ئوغلىنىڭ مەكتەپتىكى ھەرىكىتىگە كۆز - قۇلاق بولغان. لې-
كىن، كەپسىز ئوغلى ھەر ئامالالارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى
غەلىتە قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئالداپ، يەنىلا ئېلېكترونلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويۇنچۇقخانىغا بېرىۋالغان. نەتىجىدە، ئۆگىنىش نەتىجىسى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىدىن، ئاتا - ئانىسى باشقا مەكتەپكە يۆتكىۋەتكەن.

ساۋاقداش L D 15 ياش بولۇپ، ئۆسمۈرلەر سىنىپىنىڭ تۇۋجى سىنىپ باشلىقى بولۇپ، ئائىلە شارائىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ئۇ ئۆسمۈرلەر سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى شەھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە پېئونېرلار ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان، نەۋرىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان مومىسى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن مەخسۇس ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەسئۇل بولغان. نەۋرىسى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ناشتىلىقىنى تەييارلاپ قويغان؛ ھاۋا رايىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا، مەكتەپكە قېلىنراق كىيىم ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ بىر ئاي ئىچىدە مۇسابىقە ۋېلىسىپىتىدىن ئىككىنى يىتتۈرۈۋېتىپمۇ قىلچە ئۆكۈنمىگەن. بۇ بالا كىچىكىدىنلا گەپنىڭ يۇمشىقىنىلا ئاڭلاپ، مېنىڭ راست دەپ ئۆگىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكـ

«دانىشمەن بالا» لار ؛

ئالدىراڭغۇلىشىپ، ،

يوقاتقان، بۇنىڭ بىلە

دىكى ئالدىنقى 10 -

باشلىقلىق «ئەمەل» دى

مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتە

چىسى قاتتىق ئۆكۈنگەن ھا

بالىنىڭ ئىـ ... نابۇت

ئىنسان ... يېزد

دەملەر ۋە ھاز ... لانتلىق

تەربىيە كۆرۈۋاتـ ... ئۇس

مىدىن مەلۇمكى ...

ياشاش شارائىتىلا ھالقىلىق رول ئوينىمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم-
مى ئۇنىڭ پسىخىك پەزىلەتلىرى ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. شۇن-
داق بولغانلىقتىن، قىيىن شارائىتلاردا قالغان ياكى قىيىن
ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى
بۇيۇك ئادەم بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھېسسىياتىغا ئالماش-
تۇرۇشى ياكى شۇنداق تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە چۈشكۈنلىشىپ كېتى-
شى شۇ ئادەمنىڭ پەزىلەت جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە باغلىق
بولىدۇ. ناۋادا ئادەمنىڭ ئەسلى تۇرمۇش ئاساسى ياخشى بولسى-
مۇ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاپ كەتكۈ-
دەك كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئوينىيالمىسا، ئۇنداق ئادەملەر ئەس-
لىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان يۇقىرىدىكى ئوقۇغۇچىلاردەك
تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، تەبىئىي شارائىتلار پەيدا
قىلغان كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلايدىغان كۈچلەندۈرۈش پسىخىكى-
سى ناھايىتى مۇھىمدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شى سۇندا
شۇنداق غەيرەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كەمسىتىشتىن كې-
لىپ چىققان قۇدرەتنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە
ئىشلىتەلىگەن.

ئادەتتىكى ئىشچىنىڭ بالىسى ھەمدە سىنىپ بويىچە يېشى
ئەڭ كىچىك بولسىمۇ مېھنەت سۆيىدىغان ئائىلە تەربىيىسىدە
تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت كۈچلەندۈرۈش پەزىلىتى يېتىل-
دۈرگەن فۇخۇادىمۇ ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ تۆۋەنچىلىكتىن
قۇتۇلۇش، تېخىمۇ بۇيۇك نىشانغا ئىنتىلىش غەيرىتى قوزغال-
غان. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، پەزىلەت
جەھەتتە چېنىققان ئادەملەردە ئۆزىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلاش
ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇلار قانچە تۆۋەندە قال-
غانسېرى، ئىلگىرىلەش ھېسسىياتى جەھەتتىمۇ شۇنچە كۈچىيى-
دۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ھەرقاچان ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇ-
سىدىن بۇيۇك ئادەم بولۇشقا، ئۆتۈپ چىقمىدىغان ئادەم بولۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىرادە قىلىدىغان كۈچلەندۈرۈش كاتالىزاتورى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىغا قۇل بولغان، ئۆزىنى: «بولغان يېرىم شۇ» دەپ تاشلىۋەتكەن ئادەم-لەردىكى ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ئۆزىنى كەمسىتكەنسېرى كۈچىيىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ.

«كۈچلەندۈرۈش» — يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ھەرىكەت ئىلمىدىكى بىر ئۇقۇم بولۇپ، تۈرلۈك ۋاسىتە ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكەت جەريانىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلى-تىش، قوزغاش ياكى بېسىش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئادەم-نىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدىغان، قوزغايدىغان ۋاسىتە ۋە ئۇ-سۇللار مۇسبەت كۈچلەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەمنىڭ ھەرى-كىتىنى ئاجىزلىتىدىغان، باسىدىغان ۋاسىتە ۋە ئۇسۇللار مەن-پىي كۈچلەندۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، رەھبەرلىك ئەتىۋارلاش، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىش قاتارلىقلار مۇسبەت كۈچلەندۈرۈش بولۇپ، ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-شىدا كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينايدۇ؛ فىزىئولوگىيىلىك كەم-تۈكلۈك، ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر، بەختسىزلىكلەرگە يو-لۇقۇش، مەغلۇپ بولۇش، مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش، تۆھمەتكە ئۇچراش، نامراتلىشىپ كېتىش ۋە بۇلار ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغان كەمسىتىلىش، خورلىنىشلار مەنپىي كۈچلەندۈ-رۈشكە كىرىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق مەنپىي كۈچلەندۈرۈش ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدا ناھايىتى ئېغىر بېسىم ھاسىل قىلىدۇ، ئەمما يەنە مۇنداق بېسىم ھەرىكەتلەندۈر-گۈچى كۈچكىمۇ ئايلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەنپىي كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئادەمنىڭ سەنئەتكارلىقتا غەلىبە قىلىشىدىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. مانا بۇ ئۆزىنى تونۇۋېلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ھالقىسىدۇر. پسىخولوگ ئادلېرنىڭ: «ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى تولۇقلاش قۇدرىتى ئىنسانلار ھەرىكىتى

ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچىنىڭ ئاساسى» دېگەن ھۆكۈمى ئەنە شۇ يەردىن كەلگەن.

بۇنداق تولۇقلاش شەخسلەرگە ئەمەس، مىللەت، دۆلەتكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغان ئومۇمىي قائىدىدۇر. ياپونىيىدە تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق تولۇقلىشى نەتىجىسىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاۋات بازارلىرىنى ياپونىيىنىڭ ئەرزان ھەم چىداملىق ماللىرى ئىگىلىۋالغان. ئەگەر ئۇلار بايلىقى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان خەلق بولسا ئىدى، ئېھتىمال ئۇلاردا: «بىزنىڭ يۇرتتا ھەممە نەرسە بار» دېگەن ئىدىيە پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل مىللەتتە ھۇرۇنلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ قويغان بولاتتى. ھازىرقى دۇنيادا يەر بايلىقى مول بىرمۇنچە يەرلەردە نامراتلىق بولۇۋاتامدۇ؟ ئەمما، ياپونىيە يەر بايلىقى ئاز تۇرۇپ، دۇنياۋى ئىقتىسادىي دۆلەتكە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئەمەلىيەت ھەرقانداق نامرات خەلقنىڭ كۈرەش قىلىش ئارقىسىدا باي بولۇش مۇمكىنلىكىنى، پىسخىكىسى پاسكىنلىشىپ كەتكەن قالاق خەلقنىڭمۇ ئۆزلىرىنى خورلۇق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان كەمچىلىكلىرىنى تۈزەتكەندىن كېيىن كۈچىيىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۇرىدۇ.

ئەجنەبىيلەرنىڭ «شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى» دېگەن ھاقارىتىگە قالغاندا، بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىمىزنى كەمستىش تۇيغۇسىنى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى بولۇش غەيرىتىگە ئۆزگەرتكەنلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنداق مەنپىي كۈچلەندۇرۇش مېخانىزمىنىڭ جۇڭگولۇقلاردىكى رولىدىن بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىل 1 ـ سانىدىكى جاپپار قاسىمنىڭ ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىشىلەر مىللەتنىڭ تەبىئىتىدىكى ئىللەتلەرنى بىلىپ يېتىپ ۋە ئۇنىڭدىن سەسكىنىپلا قالماي، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتسىز، قالاق، ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جىنز مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشكە باشلىدى. مىللەت
قالاق بولسا، ئۇز تەرەققىياتىغا ئۆزى پۇتلىكاشاڭ بولۇپلا قال-
ماي، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پۇتلىكاشاڭ بولىدى-
غانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىلغار،
مەدەنىيەتلىك بولۇشنى، ئىلغار مىللەتلەردەك دۇنياغا يۈزلى-
نىشنى، دۇنياغا تونۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولىدۇ». بۇ
سۆزنى گەرچە مىللەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە پىسخىكىلىق توغرا
ھۆكۈم قىلغان دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەنە شۇنداق ئۆزىنى كەمسى-
تىش تۇيغۇسىنى تۈگىتىشتىكى مەنپىي كۈچلەندۈرۈش كاتالىزا-
تورنىڭ رولىنى بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن ئىچىپ بەرگەن دېيىشكە
بولىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ھەر تەرەپتىن كۆ-
رۈلۈپ تۇرغان ئاجىزلىقلىرىمىزنى تونۇپ يەتسەك ۋە بۇ ئاجىز-
لىقلار بىزدە ھاسىل قىلغان ئۆزىمىزنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن
بۇيۈك مىللەت بولۇش غەيرىتىگە كەلسەك، بىزدىمۇ دۇنياغا
يارامىلىق سەنئەت گۈللىرى ئېچىلىدۇ.

### 2. ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى ھەر ئادەم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا تۈگىتىش

تالانت تەتقىقاتىدا بىزگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ۋە بىزنى
ئادەمدىكى غايەت زور يوشۇرۇن قابىلىيەتكە تەسلىم قىلدۇرىدى-
غىنى ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ كۆپچىلىكىدىكى جىسمانىي ئاجىز-
لىقتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلغان ئاشۇ ئاجىز-
لىقلار ئۇلارنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب
بولغان بولسا كېرەك. دۇنيادا «ئىنگلىك باشقۇرۇش ئىلاھى»
دەپ ئاتالغان سوڭشياڭ شىڭجىجۇدىن كىشىلەر: «دۇنياۋى كاتتا
كارخانا بەرپا قىلالىشىڭىزنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز» دەپ
سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تېنى ئاجىزلىقتىن ھاسىل بولغان كەم-
سىتىلىشتىن پەيدا بولغان تىرىشچانلىقنى ئىشقا سالغانلىقىنى

ئېيتقان. راست دېگەندەك، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى يالغۇز ئادەمنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق تۇغما فىزىئولوگىيىلىك ئەيىبلەرمۇ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ، بۇ تۇيغۇ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن يۇقىرى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ھەركىم ئۆز ئەھۋالى بويىچە ئۆزىنى تولۇقلاش، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش كويىدا بولىدۇ. ئالايلۇق، مىلادىدىن بۇرۇن (384 ـ 322) ئافىنادا ئۆتكەن دىمۇ ستىنىس كېكەچ بولمىغان بولسا ۋە يەنە دادىسىدىن 14 تالانت بايلىقنى قانۇن ئارقىلىق مۇنازىرە قىلىپ قايتۇرۇۋېلىش ئېھتىياجى تۇغۇلمىغان بولسا، ئۇستا ناتىق بولالمىغان بولاتتى. بېتخوۋېن گاس بولمىغان بولسا، مۇزىكىدا ئۇنچىۋالا ئۇتۇق قازانمىغان بولاتتى.

ئالايلۇق، مىجەز جەھەتتىكى ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى جىمغۇرلۇق، تارتىنچاقلىق، تەڭقىسلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇش تارىخىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇشىمۇ ئادەمدە ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرمىگەنلەردە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيالمىغانلاردىمۇ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بولىدۇ. يېزىدىن كەلگەنلەردە شەھەرلىكلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەشھۇر ئادەملەر ياكى پۇلدارلار بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا يېتەلمىگەنلىكتىنمۇ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللىقانداق نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلاردىن كۆرۈپ، شۇ تۈپەيلى غەم يەيدۇ؛ ئۆزىنى كەمسىتىش شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى-

نى يوقىتىش ئۇسۇلىنى تاللاپ بەس - بەس بىلەن مېڭىشىدۇ، بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قاملاشمايدىغىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا قالغانلار ئۆزلىرىدىكى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى يۈرىكىدىن چىقىرىپ تاشلاشقا ئاسانلىقچە ئامال تاپالمايدۇ. بۇ بىر خىل ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق بولغاچقا، ئۇلار بۇنداق ئاجىزلىق ئالدىدا تەسلىم بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ - دە، بۇنداق ئادەملەردىكى ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۆچىيىپ كېتىپ، تۈگەتكىلى بولمايدىغان پالاكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزىدىكى ئاجىزلىق ھەرقانچە كۈچلۈك، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى قورقۇنچلۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز مەيۈسلەنمەسلىك، بەل قويۇپ بەرمەسلىك، بىر ئامال قىلىپ ياشاش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىدىغان قىزغىنلىقنى يېڭىۋاشتىن قوزغاش، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بارلىقىغا، كۆرەش قىلسا ئۆز قولىدىكى ئىشنى (پەقەت توغرا بولسىلا) باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

چۈنكى، سىزنىڭ مېڭىڭىز ھەرقانچە تۆۋەن تەبىئەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ بىر تۆمۈر تۈمشۇقنىڭكىدىن مىليون ھەسسە ياخشى. بىر تۆمۈر تۈمشۇق ھەر يىلى كۈزدە 30 مىڭ دانە قارىغاي ئۇرۇقىنى ئالتە - يەتتە مىڭ يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، قىش كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئازماستىن كۆمۈپ قويغان يەرلىرىدىن ئېچىپ يەپ قىش چىقىرىدۇ. سىزنىڭ مېڭىڭىز بولسا 6000 دىن ئارتۇق نېرۋا ھۈجەيرىسى بىلەن 1000 تىرىليون خاتىرە بىرلىكىنى ھاسىل قىلالايدۇ. سىزنىڭ كالليڭىزدىكى بۇنداق زور ئىقتىدارغا يېتىدىغان كومپيۇتېر تېخى دۇنياغا كەلمىدى. سىز تېخى مېڭىڭىزدىكى قۇۋۋەتنىڭ بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە پىرسەنتىنىلا ئىشقا سالدىڭىز، قالغىنى سىزنىڭ

كاللىگىزدا ئۇخلىماقتا.

كاللىگىزدا مانا مۇشۇنداق تولۇق نېرۋا ھۆجەيرىلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق سىز تېخى: «مېگەم ياخشى ئىشلىمەيدۇ» دەمسىز؟ ئويلاپ بېقىڭا، كالا ئۇسىدۇ، ئات تېپىدۇ، پىل چەيلىۋېتىدۇ، ئىت چىشلىۋالىدۇ دېگەن يەردە، شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ تەنتەربىيە ۋە سېرك مەيدانلىرىدا ئۇلار بىلەن شۇنچە ئەپلىك ئويۇنلارنى چىقىرىۋاتقىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە سېلىۋاتقىنىنى. ھەتتا بەزىلەرنىڭ دۇنيادا ئەڭ ۋەھشىي كۆرۈمسىز بولغان زۇلۇكلەرنىمۇ كۆندۈرۈپ بېقىۋاتقىنىنى كىنولاردىن كۆرگەنسىز؟ سىزمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەر قىلالمايدۇ دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلالايدىغان ھوشيار ئادەم. باشقىلار سۇ ئۈزەلمەيسەن دېسە، سۇغا چۈشمىسەك، ئات چاپالمايسەن دېسە، قورقۇپ ئاتقا مىنمىسەك، بىزنىڭ كاللىمىز نەگە كەتتى؟

كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ يالغان گېپىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دۆت ھېسابلايدىغان، كىشىلەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ ئىشلىنيەلمەيدىغان ئادەملەر بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار پەقەت ئاشۇنداق يالغانچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىرىپ قالغان. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئادەم، بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم ئەمەس، گۇناھتىن خالىي ھەممە ئادەم ئۇلۇغ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىمۇ توۋا قىلىپ گۇناھىنى يۇسا، يەنىلا ئۇلۇغلۇق يولىغا ماڭالايدۇ. ھەقىقىي تىرىشچان ئادەمنىڭ ھەرقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە يېتىپ بارالماي قالمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ قائىدە دۆلەت چېگرىسى ئايرىمايدۇ، ئىرق، سىياسىي چەكلىمىلەر بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. قاراپ باقايلى، دۇنياغا داڭلىق قەدىمكى گرېك شائىرى گومېرمۇ قارىغۇ ئەمەسمىدى؟ كىمدەكىم مەسىلىنى بۇنداق ئويلىماي، مەن ئۇنىمۇ قىلالمايمەن، بۇنىمۇ قىلالمايمەن دەپ يۈرىدىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يولۋاستەك كۈچى، ئالىمدەك زېھنى بار بو
ئۇنىڭ شۇنداق دەپ يۈرگىنىنى كۆرگەن مايمۇن سۇ
شۇ هامان قوزغىلىدۇ ـ دە، خەنزۇ خەلق ماقال
يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ» دېگەندەك
ۋە سىزدىنمۇ قابىل دانىشمەنلەرنىڭ ئورنىنى ئى
«ھە، قانداق، ئاۋۇ قىلالمايتتى، مانا مەن مۇنداق ق
جامائەت ئالدىدا «باتۇر» بولىدۇ. سىزنىڭ بۇرۇن
لىرىڭىزنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىپ داپ چالىدۇ. سىز
ئىشلارنى ئاز كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، بىلىپ
سىز لېيى خاملىق قىلغان هامان بۇنداق مايمۇن
يەرلەردىمۇ دەرهال هازىر بولۇپ، كىچىك چوققىلار
ئىگىلەيدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بىز بۇنداق تۆۋەن تەب
لاردا بولماسلىقىمىز كېرەك، بۇنداق كەمچىلىك هە
نىڭ ئۆزىدە بولۇپ، باشقىلاردا يوق، باشقىلاردا بى
مايدىغان ئاجىزلىق بار. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى باش
لىشتۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك، چۈنكى، باش
كەمسىتىۋاتقان چاغدا، بىز باشقىلارنىڭ ئارتۇقچى
سېلىشتۇرغانسېرى، شۇنچە جىددىيلىشىپ كېتىمىز
قانچە قىلغان بىلەنمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ناهاي
كەتكەنلەرگە تېزلا يېتىشەلمايمىز، پەقەت ئۆزىمىز
دىن قول سېلىپ، ئىقتىدارىمىزنى قەدەممۇقەدەم
ماڭساق، بىزنىڭ پۇختىلىقىمىز خۇددى خىزمەت
تاشلاپ پۇل تېپىۋاتقانلار ئۇزاقتا بارمايلا ئىلىم ـ پە
دە چېكىنىپ كەتكەننىڭ ئەكسىچە، ئىقتىدارنى خو
ۋاتقانلارغا يېتىشەلىدۇ ياكى ئېشىپ كېتىدۇ.

ھەربىر ئادەمنىڭ بىر كىشىلىك قانۇنىي هوق
دېهقان دېهقانچىلىقنى، موزدۇز موزدۇزلۇقنى، مۇ
لىمچىلىكنى، سودىگەر سودىسىنى، هەرقانداق ئى

زى قىلىۋاتقان ئىشنى ساختىلىقتىن خالىي پۇختا قىلسا،
گەپ - سۆزدە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ. ئەمگەك
ھەقىقىي قەدىرلەنگەن يەردە نامراتلىق، خورلۇق بولماسلىقى
مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ خەلق ئۆز ۋىجدانىنىڭ قايناق ئىنتى-
لىش كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. چۈنكى، ئەمگەك ھالاللىق ۋە
جۇشقۇن ھاياتىي كۈچتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەزىم دەريانىڭ جۇش-
قۇنلۇقى تامچىلاردىكى ئۇششاق كۈچلەردىن ھاسىل بولىدۇ.

ھەرقانداق ئىشتا پۇختا بولۇش كېرەك. شان - شەرەپ
پۇختىلىقنى ئەگىپ كېتەلمەيدۇ①.

ئۇيغۇرلار «ئالدىرىغان يولدا قالۇر» دېگەندىمۇ، ئاشۇنداق
پۇختىلىق — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەكلى-
كىنى نەزەردە تۇتىدۇ. باشقىلار شاپاشلاپ كەتسە كەتمەمدۇ،
ئەمما مەن مەڭگۈ سەن ئەمەستە. ھەر ئادەم ئۆزىگە نىسبەتەن
بىر سىرلىق دۇنيا. ئەگەر ئۇسۇل ئۇنىڭدىن ياخشى تاللانسىلا،
سەن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىسەن، ئۆتۈپ كەتسەڭمۇ ئوركېستىر
ئىچىدىكى باشقىچىرەك بىر سۇنايىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلاپ تۇر-
ساڭ بولمىدىمۇ؟ داڭلىق بىر ئىسكىرىپكا مۇئەللىمىدىن بىر
ئوقۇغۇچى: «بۇ پەدىنى چېلىش بەك تەس ئىكەن، مەندە ئىسكى-
رىپكا چېلىشقا يارىمايدىغان بىر تۇغما ئاجىزلىق بولسا كېرەك،
ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ بىكارغا كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ
سورىغان. مۇئەللىم: «ياق، گەپ سىزنىڭ تۇغما ئىقتىدارسىز-
لىقىڭىزدا ئەمەس، بەلكى ئۇسۇلىڭىزنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدا»
دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە شۇ ھامان «مانا مۇنداق چالىسىز» دەپ
ئۇنىڭغا توغرا چېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويغان، ھەمدە ئۇ-
نىڭغا: «مۇشۇ چېلىش ئۇسۇلى بويىچە دەسلەپ ئۈچ كۈن ئاستا

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1995 - يىل 5 - 6 - سان، 101 - بەت.

www.uyghurkitap.com

- ئاستا چېلىڭ، ئاندىن ئىككى كۈن سۈرئەتنى بۇنىڭدىن سەل تېزلىتىڭ، ئاخىرقى كۈنى ئىمكان بار تېزرەك چېلىڭ» دېگەن. بۇ ئوقۇغۇچى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە بىر ھەپتە تىرىشىپ مەشىق قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر خۇددى مۇئەللىمى ئېيتقاندەك، ناھايىتى ئوبدان چالالايدىغان بولغان.

شۇنداق، مۇئەللىم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ جۈرئەتلىك بولۇشىغا ياردەم بەرگەن، ئاندىن توغرا ئۇسۇلنى ئۆگىتىپ قويغان، دەسلەپتە ئۇ ئوقۇغۇچى بۇ خىل چېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ سۈرئىتى بويىچە مەشىق قىلغان، ئاندىن سۈرئەتنى ئاستا - ئاستا تېزلەتكەن، ئالتە كۈنلۈك ئاساسىي مەشىق ئارقىلىق ئۇنىڭدا شەرتلىك رېفلېكس پەيدا بولۇپ ئۆز ئالدىغا بىر خىل سەزگۈ ياراتقان. شۇنداق قىلىپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي - تېنىمەي ھەم ياخشى، ھەم تېز چالالايدىغان بولغان.

لېكىن، ياخشى چالالمىغان باللارغا ھەمىشە مۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن مەشىق قىلىش روھى بولمىغان. دوستلىرى ئۆزىدىن ياخشى چالسا ھە دېگەندىلا ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىرىغان، ئالدىرىغانسېرى جىددىيلەشكەن، جىددىيلەشكەنسېرى ياخشى چالالمىغان - دە، ئۆزىگە ئەنسىزلىك تېپىۋالغان.

شۇڭا، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى بار كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە ئالدىرىماسلىقى، نىشاننى زىيادە يۇقىرى بەلگىلىۋالماسلىقى، بەلگىلىگەن نىشانغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىمەن دەپ زورۇقماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇنداق قىلغانسېرى ئۆزىنى، ئوي - خىيالىنى شۇنچە ئەركىن تۇتالمايدۇ، ئىشنىڭ ئۈنۈمىمۇ شۇنچە ناچارلىشىپ كېتىدۇ.

بۇنداق چاغدا خۇددى ئاشۇ ئەقىللىق مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسىغا ئېيتقاندەك، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆزىنىڭ كونكرېت

ئەھۋالى بويىچە ئاساسىي مەشىقتىن باشلاش كېرەك. بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ قارىشىچە ئاۋارىچىلىكتەك بىلىنىسىمۇ، لې‍كىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئادەم بارا ـ بارا ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ، ئىشلەي دېسىلا ئۆزىنىڭمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، تىرى‍شىشنى خالايدىغان بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ. بىر ئادەمدە، بىر دۆلەتتە، بىر مىللەتتە ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى تونۇتىدىغان قۇدرەت بولۇ‍شى، ئۆزىنى ئۆزى تەشۋىق قىلىدىغان روھىيەت بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# V روھىيەتتىن چۈشكۈنلۈكنى ھەيدەش

بىزنى تېزلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ھالغا كەلتۈرىدىغان يەنە بىر نەرسە چۈشكۈن روھتۇر. چۈنكى، ھاياتلىق تۇرمۇش دېڭىزىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمە بولسا، چۈشكۈن روھ كېمە ئاستىغا ساقىپ قالغان مەينەت سۇ. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىش ئۈچۈن، روھىيەتتىكى كېمىگە ساقىپ قالغان مەينەت سۇغا ئوخشايدىغان چۈشكۈن روھنى تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. ئادەم كەيپىياتىدا خۇشلۇق، خاپىلىق، قايغۇرۇش، ئويلىنىش، رەنجىش، قورقۇش، چۆچۈش قاتارلىق ھېسسىيات دولقۇنلىرى بولۇپ، بۇ دولقۇنلار ئادەمنىڭ ئۆز كەيپىياتىنى باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە قاراپ ياخشى ياكى يامان تەرەپكە ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئادەم كەيپىياتىنى ياخشى باشقۇرۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندا، ھايات كېمىسىنىڭ ئاستىغا ساقىغان مەينەت سۇنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك چۈشكۈن روھ جۇشقۇن روھقا ئورۇن بەرسە، ئادەم ئۆز كەيپىياتىنى ياخشى باشقۇرالمىغاندا، چۈشكۈن روھ جۇشقۇن روھنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ھايات كېمىسىنىڭ دولقۇن يېرىپ ئالغا بېسىشىنى توسۇپ قويىدۇ. بۇ يەردىكى ھەقىقەت شۇكى، ئادەمنىڭ كەيپىياتى تاشقى مۇھىت غىدىقلىشىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، ئۇنى تىزگىنلەش ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىشى بولىدۇ. شۇڭا خۇشلۇق، خاپىلىق قاتارلىق كەيپىيات دولقۇنلىرى ھەممە ئادەمنىڭ كەيپىياتىدا يۈز بەرسىمۇ، ئەمما ھەر ئادەمدە ئوخشاشمايدىغان نەتىجە بېرىدۇ. بەزىلەر يامان كەيپىياتلارنىڭ توسقۇنلۇقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ

ئۆزىنى تۇتۇۋالسا، بەزىلەر يامان كەيپىياتىنىڭ ئىختىيارىي دول-
قۇنلىشىغا يول قويۇپ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ.
شۇڭا، كەيپىياتتىكى چۇشكۈنلۈككە تەۋە يامان تەرەپلەرنى تىز-
گىنلەپ ساغلام كەيپىيات يېتىلدۈرۈش ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش
سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇقىا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا بەھرىنى ئاچىدى-
غان خۇشاللىقنا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم ھالقىدۇر.

## 1. روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالامەتلىرى

بىز ھەر كۈنى چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقىد-
مىز. بىزنىڭ كەيپىياتىمىزدا بۇ ئىشلارغا قارىتا ئوخشىمىغان
ئىنكاسلار بولۇپ تۇرىدۇ. ناۋادا بىر ئادەمدە كەيپىياتنى تىز-
گىنلەش ياكى باشقۇرۇش قابىلىيىتى ئاجىز بولىدىكەن، پىسى-
خىك تۇسالغۇلار ئىلكىدە ئاۋارە بولۇپلا قالماي، تۆۋەندىكى يامان
كەيپىياتلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرايدۇ:

ئاچچىقلايدۇ: كىچىككىنە بىر ئىش ياكى بىر ئېغىز گەپ
كۆڭلىگە ياقمىغان ھامان ئاچچىقلايدۇ. ئاچچىقلاش كىشى يۈرد-
كىنى سىقىدىغان كەيپىيات بولۇپ، بۇ كەيپىيات ئۇزاققىچە داۋام
قىلسا، ئادەم قەلبىدە خېلى ئۇزاققىچە چىقمايدىغان كۆڭۈل
ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاشقى مۇھىتتىكى بىرمۇنچە
نەرسىلەرگە ئاچچىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كىشىلەر بىلەنمۇ
مۇناسىۋەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋالىدۇ ـ دە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ-
دىن يىراقلىشىشى ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈككە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

غەزەپلىنىدۇ: غەزەپ ئادەم بىرەر زىيانغا ياكى بىرەر نەر-
سىگە نارازى بولغاندا قوزغىلىدىغان كەيپىيات بولۇپ، بۇ كەيپى-
يات ئاچچىقلىنىشقا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولغانلىقتىن، كۆپ
ھاللاردا كىشىنى باشقىلارغا ھۇجۇم خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنى
قوللىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى باشقى-
لارغا چېپىلىش، بىراۋنى تىللاش، ئۇرۇش قاتارلىقلارنى ئەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇ كەيپىيات كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق بولغاندا، ئاچچىقلانغۇچى ئىشتىن كېيىن پۇشايمان قىلسىمۇ، ئورنىغا كەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. روھىي جەھەتتە چۈشكۈن تەرەپكە ئاغىدۇ. كۆڭلىدىكى غەزەپنى چىقىرىدىغان يەر تاپالمىغاندا، دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ، ئىچىگە يۇتۇلغان بۇ دەرد تامامەن بىر تەرەپنىڭ تۇيغۇ ۋە ئوي - پىكىر ئادىتى تەرىپىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنى باشقا ئادەم بىلىپ كېتەلمىسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋالغۇچىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلىشىگە، تەپەككۇر قابىلىيىتىگە ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇ ئادەمنى روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە ئىتتىرىدۇ.

ھەسرەت - نادامەت قىلىدۇ: بۇ — كەيپىياتنى ياخشى باشقۇرالمايدىغان ئادەم مەلۇم ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ پايدا ئالالمىغان ياكى بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىدا زىيان تارتىپ قالغانلىقتىن پەيدا بولىدىغان قايغۇلۇق كەيپىيات بولۇپ، بۇنداق ئادەم بىرەر قىيىنچىلىقتا يولۇققان ھامان غەم قىلىپ كېچىسى ئۇخلىيالمايدۇ، چارچاش، ھارغىنلىق ئۇنى چىرمىۋالىدۇ. بۇنداق كەيپىيات ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئاقسىتىپلا قالماستىن، سالامەتلىكىگىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ.

تىت - تىت بولىدۇ: بۇنداق كەيپىياتتىكى ئادەم كەيپىياتتىكى ئەسەبىيلىك تۈپەيلى روھىي تىرەكلەردىن ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن ھەتتا ئادەملەردىن بىزار بولۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىچىدىكى دەردىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالماي تىت - تىت بولىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالىدىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن تەپەككۇر قىلىش، ياخشى ھەرىكەتلەر بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلىۋېلىشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. روشەنكى، ئادەمدىكى كەيپىيات بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ناھايىتى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ.

قىسقىسى، ئاچچىقلاش، غەزەپلىنىش، ھەسرەت چېكىش، تىت-تىت بولۇش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ئالدىراڭغۇ ئادەمنىڭ چۈشكۈنلۈك تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان كەيپىياتلار بولۇپ، ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق چۈشكۈن روھنىڭ زىيانلىرىنى تولۇق تونۇش، ئۆزىنى بۇنداق كەيپىياتلارنىڭ يۆنىلىشىگە قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

— سىزدە ئالدىراڭغۇلۇق ۋە ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان مىجەز بارمۇ؟ — دەيدۇ ئامېرىكا ئالىمى ئۆرىلىن مارتىن: «ئەگەر شۇنداق مىجەز بولسا، بۇ خىل مىجەزنىڭ قوزغىلىشى بەئەينى مىڭ چاقىرىملىق پۇختا قورغاننىڭ چۈمۈلە ئۇۋىسىدىن ۋەيران بولۇپ كەتكىنىدەك يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ. بەزى چاغدا، ئاچچىقلىنىشتىن چىققان بىر ئېغىز سۆز ئايىغى ئۈزۈلمەس ماجىرا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، غەزىپىنى، ۋارقىراش-جارقىراشلارنى قايتا قوزغايدۇ، ئەگەر سىز ئاچچىقىڭىز كەلگەندە ئۇنچىقماي تۇرۇۋېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلىۋالالىسىڭىزلا، غەزەپ يالقۇنلىرىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنالايسىز. كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق غەزەپ يالقۇنلىرى ئىچىدە قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلغانلىق مىساللىرى خېلى كۆپ، ھايات قالغان تەقدىردىمۇ غەزەپ ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك كېسەلگە گىرىپتار قىلغان. ۋىبوست «ئېغىرلىق قىل، چۈنكى، غەزەپلىنىش — يوللۇقلۇقنىڭ نامايەندىسى ئەمەس» دېگەنىدى. جورجى خوبوت: «بەس-مۇنازىرە سوغۇققانلىق بىلەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەسەبىيلەرچە غەزەپلىنىش ئانچىكى سەۋەنلىكنىمۇ زورايتىۋېتىدۇ ۋە ھەقىقەتنى قوپاللاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئاجىزلارغا غەزەپلىنىشنىڭ سىنىڭ كۆچلۈكلەردىن ئىكەنلىكىڭدىن دېرەك بەرمەيدۇ» دېگەن. ۋادگىراسمۇ: «غەزەپلىنىش نادانلىقتىن باشلىنىپ پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ» دەپ ئېيتقان. شۇڭا، سىز بىر

ئادەمنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇنى ئۆلچەيدىغان مىزان قىلىشىڭىز، ھەرگىز ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ھېسسىياتى ئارقىلىق ئۆلچىمەسلىكىڭىز كېرەك»[1]. ئەگەر ھېسسىيات بىلەن ئۆلچەشكە توغرا كەلسە، كەيپىياتنىڭ دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق تەرەپكە ئۆرلىگەن قىزغىنلىقى بىلەن ئۆلچەش كېرەك. چۈنكى، جايىدا قىلىنغان بىر جۈملە دوستلۇق سۆزى ئادىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان رەزىل نەرسىلەرنى گۈلگە، ئاچچىق تەرەپلەرنى تاتلىق يەملىگۈچىگە، يۈرەكتىكى زىمىستاننى باھار ئىللىقلىقىغا، تۇمان كۈننى ئوچۇق - يورۇقلۇققا، ھۇرۇنلۇقنى ئىشچانلىققا، قوپاللىقنى شەرمى - ھاياغا، قورقۇنچاقلىقنى جاسارەت - غەيرەتكە، نادانلىقنى ئەقىللىقلىققا، قىسقىسى يامان تەرەپتىكى بارلىق ئىشلارنى ئوڭلاپ ياخشى تەرەپكە، گۈزەللىككە يېتەكلەيدۇ.

توغرا، روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ باشقا ئالامەتلىرىمۇ بار. يۇقىرىدىكىلەر بولسا تېخىچە پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن ھەمدە دىققەت قىلسا تۈزىتىپ كېتەلەيدىغان كەيپىياتلار بولۇپ، كەيپىياتتا ساغلام ئادەملەر ئىبرەت ئېلىشقا، بۇنداق كەيپىيات ئىلكىدە بولۇۋاتقانلار تولۇق چۈشكۈنلىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن دەرھال ئۆزىنى تارتىشقا تېگىشلىك نۇقتىلاردۇر. ئۇنداق بولسا، بۇنداق يامان كەيپىياتلار كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى قانداق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىقىدۇ؟

## 2. روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بەزى سەۋەبلەر

باشقۇرۇش پسىخولوگلىرىنىڭ قارىشىچە، نورمال بولغان يۇقىرىقىدەك چۈشكۈن كەيپىياتلار تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن

[1] «شىنجاڭ ياشلىرى» 1995 - يىل، 9 - سان، 43 - بەت.

شىپ كېتىدۇ.
تۆتىنچى، دىققەتنى چېچىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. بىز ھە-
مىشە دەۋرنىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇھىم ئىشلار ئادەمنى كۈتۈپ تۇر-
غاندا، ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋاتقانلارنى، قارتا - بىليارت، دامكا ياكى
ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقانلارنى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىد-
رىش ئۈچۈن ئەتەي ئىچىپ يۈرگەنلەرنى ئۇچرىتىمىز. شۇنداقلا
كۈن بويى تېلېۋىزور ئالدىغا كېلىۋېلىپ، خىزمەت ۋە كۈندىلىك
تۇرمۇشقا پايدىسىز چۈشكۈن فىلىملەرنى چالا قويماي كۆرۈۋاتقان-
لارنىمۇ ئۇچرىتىمىز، بىز تېخى ئىلىم - پەندە نى - نى جەۋھە-
رى بىلىملەرنى ئۆگىنىش شۇنداق زۆرۈر تۇرغان، ئىجادچانلىق-
نى ئۆستۈرۈپ كىرىزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەخىرسىز بولۇۋات-
قان بۈگۈنكى كۈندە، ھەتتا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا پەن -
تېخنىكا ئورنىغا يىللاپ شاھمات ئويناشنى ئۆگىتىدىغان بىرلا
نومۇرنى بەرگەن ئەخمەقلەرنىمۇ كۆردۇق. بۇنداق ئۇششاق ئىش-
لارغا مەشغۇل بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش تاماكىغا ياكى ھاراققا ئاندا -
مۇندا چېكىش، ئىچىش بىلەن ئادەتلىنىپ قالغاندەك، بەزى
ئادەملەردە ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلاردىكى بۇنداق ئادەت
ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى سەنئەتكارلىق بابىدا ئۇتتۇق قازانغان ئا-
دەملەرنىڭ ئەكسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
چۈنكى ئىجادىيەت بابىدا ھەر ئادەم ئۆزى مۇھىم دېگەن
نەرسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل قويىدۇ. بىر كۈنى تۆت ئادەم تۆت
شەھەردە كوچا ئايلانسۇن دەيلۇق، ئەگەر بۇ تۆت ئادەم توت
ساھەنىڭ ئادىمى بولسا، ھەرقايسىسى ئۆز ساھەسىدىكى ئىشلارغا
ياكى ئۆزى ئىجاد قىلماقچى بولغان ساھەدىكى ئىشلارغا ئالاھىدە
كۆڭۈل بۆلىدۇ. سودىگەر بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن تىجارەت
سارايلىرى ياكى سودا دۇكانلىرىغا قاراپ، كۆڭلىدە تىجارە ھەق-
قى ياكى پايدا - زىيان ھەققىدە ھېساب - كىتاب قىلىدۇ؛ يول
ئاسراش ئىنژېنېرى بولسا، يولنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاللىسىدا رېمونت قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسىنى ئويلايدۇ؛ بىرىنىڭ ياش خوتۇنى بولسا، ئۇ سودا دۇكانلىرىنىڭ يولغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلىرىگە مودېل قىلىپ قويۇلغان تۈرلۈك مودا كىيىملەرگە مەپتۇن بولىدۇ؛ بىر كىچىك بالا بولسا، كۆزىگە كۆرۈنگەن ياخشى يېمەكلىك ياكى ئويناشقا ئەپلىك بولغان تۈرلۈك ئويۇنچۇقلارغا مەپتۇن بولىدۇ. مانا مۇشۇ كوچىدا ئايلانغان تۆت ئادەمدەك، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدىكى ئىجادىيەتچى ئۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا دىققەتنى يىغىپ ئىشلەۋاتقاندا، ئۇششاق ئىشلارغا مەستانە بولغانلار كۈندىلىك خىزمەتلەرنى غوجىكودىلىك بىلەن «كونا ئۇياققا، پۇل بوياققا» دەپ ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزى مۇھىم دېگەن نۇقتىدىن كۆڭلىنى خالىغان نەرسىلەرگە يۆتكەپ، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرگەنلىكتىن، مۇھىم نۇقتىغا تىكىلگەنلەردەك نەتىجە قازىنالمايدۇ ـ دە، بارغانسېرى روھىي جەھەتتىن تۆۋەنگە سىيرىلىپ، ئاخىرىغا بارغاندا، «ئۇنى قىلالمايمەن، بۇنى قىلالمايمەن» دېگەن يەرگە بېرىپ، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ھەر تەرەپكە چېچىپ يۈرىدىغان يامان ئادىتى تۈپەيلىدىن ئۆزلۈكسىز روھىي زەربىگە ئۇچراپ چۈشكۈنلىشىدۇ.

بەشىنچى، باشقىلارنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن زەربە يەپ چۈشكۈنلىشىدۇ. بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنى مۇھىم ئادەم دەپ بىلىمىز، ھەرقاچان باشقىلارنىڭ بىزنى ھۆرمەت قىلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنداق ئىكەن، ئەگەر كىمىكى بىز بىلەن دوستلاشماقچى ۋە بۇنداق دوستلۇقتىن بەھرىمەن بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارماقچى بولىدىكەن، ئۇ جەزمەن بىزنى ئۆزىدەك مۇھىم دەپ بىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەگەر بىراۋ سىزنى مۇھىم ئادەم دەپ قارايدىكەن،

سەنمۇ: «راست، مەن مۇھىم ئادەم» دېگەننى كۆڭلۈڭدىن كە-
چۈرسەن ـ دە، ئۇنىڭغا شۇ ھامان ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە باشلاي-
سەن. شۇ چاغدا، ئۇ سېنى سېنىڭ بىلەن بىرەر ئىشنى بىرلىك-
تە ئورۇندىماقچى بولىدىكەن، سەن ئۇنىڭ ھۆرمەت قىلغانلىقىنى
ھېسابقا ئېلىپ دەرھال ماسلىشىسەن. سەن بىرەر ئىشنى ئۇنىڭ-
غا تەكلىپ بەرسەڭ، ئۇمۇ سەندىن ھۆرمەت تەمەسىنى قاندۇر-
غانلىقتىن، شۇ ھامان ساڭا ماسلىشىپ بېرىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭ-
دىنمۇ ئېسىل كۆڭۈل ئازادىلىكى بولامدۇ؟

روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدىغان ئادەملەر ئىنسانىيەت
دۇنياسىدا پەقەت باشقىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ھاسىل بو-
لىدىغان مۇنداق ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئۆزى تەرەپتىنلا ئېتىراپ
قىلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلپەتچىلىك-
نىڭ شەرتى كۇلپەتنى تەڭ تارتىش تۇرسا، ئۇلار باشقىلارنىڭ
كىچىككىنە ئېغىرچىلىقىنى تارتماي تۇرۇپ تادانلىق قىلىدۇ،
سىپايىگەرلىك قىلىپ باشقىلارنى قورقۇتۇش ياكى بويسۇندۇ-
رۇش بىلەن ئۆزىگە ھۆرمەت تىكلىمەكچى بولىدۇ. ھەتتا يىلان-
نىڭ كۆشىگىنىنىمۇ بىلىپ تۇرىدىغان ئەقىللىق ئادەملەرگىمۇ
يالغان سۆزلەپ ئالدىماقچى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى
كۆز ـ كۆز قىلىپ، كەمتۈك جايلىرىنى يوشۇرىدۇ. باشقىلار-
نىڭ غۇرۇرىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈش بىلەن ئۆزىنى مۇھىم ئورۇنغا
قويماقچى بولىدۇ. ھەتتا بالا ـ چاقا، قان ـ قېرىنداشلىرىغىمۇ
ئۆزىنى كۆپتۈرىدۇ.

بىز ئادەتتە كىچىك بالىلار تىلىدىن: «مېنىڭ دادام سېنىڭ
داداڭدىن كۈچلۈك، دادامنىڭ مەنسىپى چوڭ، پۇلى كۆپ،
بىزنىڭ ئۆي سىلەرنىڭ ئۆيدىن باي» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن
ئۆزىنى كۆپتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەگەر ھەركىم ھە
دېسىلا ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئارتۇقچىلىقىنى تەكىتلەپ،
باشقىلارنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئارتۇق-
چىلىقىنى كۆرمىسە، خۇددى ئاشۇ گۆدەك بالىلاردەك خاتا ئوي-
لاردا بولغان بولامدۇ؟ ھە دېسىلا ئۆزىنى ماختايدىغان ئادەملەر-

دىن سۆز ئاڭلىغاندا، باشقىلار: «راست شۇنداقمىدۇ؟» «بۇنىڭ دېگەنلىرى ئەمەلىيەتتە شۇنداقمىدۇ؟» دېمەي قالامدۇ؟ تەبىئىيكى، بۇنداق گۇمان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ناھايىتى تېزلىكتە زېرىكىدۇ. ناۋادا بۇنداق ماختانچاق بىراۋلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەندە بولسا، ئۇلار شۇ ھامانلا ئۇنى بۇرادەرلىك دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۇ مۇنداق ئادەتنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرىدىكەن، تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدىغان تەكەببۇر خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان چۈجىدەك چۈكۈلداپ كېتىدۇكى، چۈكۈلدىغانسېرى كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئازار يېگەنلىكى بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلمايدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بۇنداق يىرىكچىلىك ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاچچىق، غەزەپ، ئۆكۈنۈش، تىت - تىتلىقنى تولدۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ شۇلار بىلەن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. نى - نى كاتتا مەنسەپلەردە ئولتۇرغان ياكى ناھايىتى باي بولۇپ كەتكەن بەزى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يالغۇزچىلىقتىن چۈكۈلداپ قېلىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى ئىللەتلەر ھايات كېمىسىنى سەنئەت بابىدا ھەيدەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ناچار كەيپىياتلار بولۇپ، ئۆتۈق قازىنىمەن دەيدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدە شۇنداق ناچار كەيپىياتنىڭ بار - يوقلۇقىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، شۇنداق كەيپىيات بولۇپ قالسا، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تازىلاش كېرەك.

### 3. ناچار كەيپىياتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇللىرى

بىرىنچى، روھىي جەھەتتىن بوشىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش. پىسخىك تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، مەلۇم شىركەتتە ئىشلەيدىغان بىر مال ساتقۇچىنىڭ ھەر ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندىلا كەيپىياتى ناچارلىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىماقچى بولۇپ، پىسخىك تەكشۈرگۈچىدىن: «مەن كەيپىيا-

تىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوراپ-
تۇ. پسىخىك تەكشۈرگۈچى ئۇنىڭغا: «كېلەر ئايلىق پىلانغا
مۇددەتتىن بۇرۇن تۇتۇش قىلىڭ» دەپتۇ.

پسىخىك كۆزەتكۈچىنىڭ يولىيورۇقىدىن مەلۇمكى، مال
ساتقۇچى ھەر ئايلىق نىشاننى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنلا خا-
تىرجەم بولۇپ كەتكەن، ئالدىنقى ئايدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان
چاغدىكى غەيرىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن كەيپى-
ياتتا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندەك جۇشقۇن بولالماي، كېيىنكى
ئايغا قەدەم قويغاندىمۇ يەنە ئۇنىڭ غېمىدە بولماي بەخىرامان
تۇرۇپ قالغان. پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە، نىشانلىغان ۋەزىپىنى
ئورۇنداۋاتقاندا، ئادەم فىزىئولوگىك، پسىخىك جەھەتلەردە
جىددىي ھالەتتە تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى
جەھەتتىن كەلگەن زەربىگە تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتىمۇ كۈچ-
لۈك بولىدۇ. نىشاندىكى ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن
خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ ـ دە، غەيرىتىمۇ بوشىشىپ قالىدۇ،
بەدەننىڭ ھورمۇن ئاجرىتىپ چىقىرىشىمۇ تولۇق بولمايدۇ، شۇ-
نىڭ بىلەن جىسمانىي ۋە زېھنىي جەھەتتىن ئاسانلا چارچايدۇ.
شۇ ۋەجىدىن بىرەر قىيىن مەسىلىگە يولۇقسىلا تاقابىل تۇرال-
ماي، روھىي جەھەتتىن خۇش كەيپ بولالمايدۇ، كەيپىياتى
ناچارلىشىشقا باشلايدۇ. مال ساتقۇچىدا كۆرۈلگەن روھىي جە-
ھەتتىكى بوشىشىش دەل شۇنىڭ دەلىلى. ئۇ، ۋەزىپىنى ئورۇن-
داپ بولدۇم، دەپ بىرنەچچە كۈن ئەستايىدىل خىزمەت قىلمى-
غاندا، ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلغان، ئۇنىڭ زەربىلەرگە تاقابىل
تۇرۇش قابىلىيىتى ئاجىزلىغان. بۇ خىل ھادىسىنىڭ كۆرۈل-
مەسلىكى ئۈچۈن، پسىخىك تەكشۈرگۈچىنىڭ مەسلىھەتى بويى-
چە، بىر ئايلىق پىلاننى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىنلا، دەرھال
كېلەر ئايلىق پىلانغا تۇتۇش قىلغان. بۇنداق قىلغاندا، مال
ساتقۇچىدا كۆرۈلگەن ھەر ئاينىڭ بېشىدا كەيپىياتى چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەن. پىسخىك تەكشۈرگۈچىنىڭ
ئېيتىشىچە، بۇ مال سانتۇچى ئاي ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشتىن
كېيىنلا كېلەر ئايلىق خىزمەتنى نەزەردە تۇتقان ۋە بۇنىڭ بىلەن
ئاينىڭ بېشىدا كەيپىياتى ياخشى بولماسلىقتەك ھالىتىنى ئۆز-
گەرتىشكە مۇۋەپپەق بولغان. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىپ باقسا
بولىدۇ.

ئىككىنچى، قورساقنى كەڭرەك تۇتۇش. جاھاندارچىلىق
دېگەن خۇددى يول ماڭغانغا ئوخشايدۇ. دىققەت قىلمىسىڭىز
يىقىلىپ كېتىسىز، سىز شۇنى نەزەردە تۇتۇپ ئېھتىيات بىلەن
كېتىۋاتقاندا، بىرى ئۇرۇلۇپ كەتسە نېمە ئامال؟ بەزىلەر باشقى-
لار تەرىپىدىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ ئاڭلىسا، ئۇنى ھەمىشە
ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمەي تىت - تىت بولۇپ، روھىي جەھەت-
تىن ئۆزىنى ئازابلايدۇ، رەھبەرلىكتىن قاتتىقراق تەنقىدكە
ئۇچراپ قالسا، ھەتتا روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ خىزمەتتى-
مۇ بوشاپ كېتىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا
يولۇققاندا، خاپا قىلغۇچىنى قانچە تىللاپ تويغۇزۇۋەتكەن بىلەنمۇ
ئىش ئورنىغا كېلەمدۇ؟ ھەرقانچە قىيىداپ بەرگەن بىلەنمۇ ئۇ
يەنىلا بىزنىڭ رايىمىزغا باقمىدىغان ئاتا - ئانىمىز ئەمەستە!
ۋاقىت كېتىدۇ، زېھنىمىز ئۇپرايدۇ، ھەتتا: «پوقىقا چالما ئات-
ساڭ، يۈزۈڭگە چاچرار» دېگەندەك ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقى-
دۇ، قورساقنى كەڭ تۇتۇپ، بەزىلەرنىڭ ئاز - تالا ئۇششاق
گەپلىرىنى ئەپۇ قىلساق، كۆڭلىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى توغرا
ئۇسۇل تاللاپ ئۇلارغا چۈشەندۈرسەك، ئۇلارنى ھامان ئۆزگەرتە-
لەيمىز. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى ئىككى ئادەم-
نىڭ قانداق ئەپۇ قىلىشقانلىقىغا قاراپ ئۆتەيلى:

مەلۇم سودا ئىدارىسىنىڭ بىر تىجارەتچىسى سودىلىشىۋات-
قان تەرەپتىكى سېتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى «مال تاپشۇرۇش
ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇڭ» دەپ خاپا قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ

بۆلۇم باشلىقى بۇ تىجارەتچىدىن خېلى بۇرۇنلا زېرىكىپ تۇرغاندەكەن، بۇ قېتىمقى سەۋەنلىككە چىلىك ئېسىلىۋېلىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن بولغان سودا ئالاقەمنى ئۈزىمەن» دەپ پوپوزا قىپتۇ. بۇ ئىش بۇ تىجارەتچىنىڭ كاللىسىدىن زادى ئۆتمەپتۇ، ئۇ «كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى نېمىشقا ماڭىلا كېلىدىغاندۇ؟» دەپ ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ خىزمەتتىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ، باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىمۇ خالىماستىن، دائىم بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرۈپتۇ.

سىرتتىن كەلگەن زەربە تۈپەيلى كەيپىياتى ناچارلىشىپ كېتىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى ئاشۇ تىجارەتچىگە ئوخشاش دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ غەمكىن يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئەھۋالنى رەھبەرلىك ياكى خىزمەتداشلىرىغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىش كېرەك. كۆڭۈلدىكى دەرد ـ ھەسرىتىنى باشقىلارغا قانغۇچە بىر تۆكۈۋالسا ئادەم يېنىكلىشىپ قالىدۇ. رەھبەرلىك ۋە پېشقەدەم خىزمەتداشلارنىڭ كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ، تەجرىبىسى مول بولىدۇ، ئۇلار بەلكىم: «بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلەر يالغۇز سەن بىرلا كىشى ئەمەس، ئۆتكەن ئايدا x x مۇ ساڭا ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ماڭا ئېيتتى، ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن» دېيىشى مۇمكىن.

بۇنداق قىلغاندا، ئۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلەر يالغۇز ئۆزىلا ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ـ دە، كۆڭلى ئارامىغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، رەھبەرلىك يەنە بۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويسا، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن روھىي چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلالايدۇ.

بۇ تىجارەتچىنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولغان. بۆلۇم باشلىقى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە ئوبدان دىققەت

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، بۇ تىجارەتچىنىڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرگەنلىكىنى سەزگەن، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغان، تىجارەتچىمۇ ئەھۋالنى بۆلۈم باشلىقىغا قالدۇرماي ئېيتقان.

بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا: بۇنداق ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇردۇ، خىزمەتداشلىرىڭىزنىمۇ پوكۇنى - پوستانىلار بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن، دېگەن ھەمدە ئۇنىڭغا پەقەت مۇشۇنداق ئەھۋالدىلا ئالاقە قىلىدىغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويغان.

بۆلۈم باشلىقى تىجارەتچىگە مۇنداق دېگەن: سەن بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان ۋاقتىڭ دەل ئۆزۈڭنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ۋاقتىڭ بولىدۇ. مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئادەم بىلەن دائىم مۇئامىلە قىلماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ سېنى چۈشىنىشىگە يول قويۇشۇڭ كېرەك. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىجارەتچى بۆلۈم باشلىقىنىڭ خىزمىتىنى مۇشۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئىشلىگەن، بۆلۈم باشلىقىمۇ بۇ تىجارەتچىگە شۇنچە قوپال گەپ قىلسامۇ كۆڭلىگە ئالماي ماڭا يەنىلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، بۇ «ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ دەپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەتكەن. مانا بۇ ئىككى خىزمەتچى ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ قورساقلىقنىڭ نەتىجىسى.

بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە. بىر ئادەمنىڭ بىزگە قىلغان مۇئامىلىسى يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپلا چىقارمايدىكەن، ئۇنىڭغا كەڭ قورساق بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ھەر ئادەم ئايرىمچە مىجەز بىلەن بۇ دۇنياغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلى بىلەن ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ. ئۇ بىزگە يامان غەرەز بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئەقىل بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەككى، غەزەپلەنمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى غەزەپلىنىش

باشقىلارنىڭ يامان غەرەزلىك مۇئامىلىسىگە مۇكاپات بېرىپ، ئۆزىمىزنى تەكرار جازالاشتۇر. ئۇلۇغ شىكىسپىر: «دۈشمىنىڭ ئۈچۈن ئوت بولۇپ يانما، ئۇ ئوت ئاۋۋال ئۆزۈڭنى يارا قىلىدۇ» دېگەندە مۇشۇنداق ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقان. ئاچچىقى يامان ئادەملەر مەسىلىلەرگە يولۇقسىلا غەزەپلىنىدۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھېچ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئاسان غەزەپلىنىش — ئەقلىنىڭ كەملىكى، ئۇسۇلىنىڭ ئاددىيلىقى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى بولۇپ، بۇنداق ئاجىزلىق قارشى تەرەپنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ قويىدۇ. قارشى تەرەپ زادى خاتا قىلدى، ئەدىپىنى يېيىش كېرەك دېگەندىمۇ ئوبيېكتقا، سورۇنغا ۋە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىشنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بىز بۇ دۇنيادا قىسقىغىنە بىرنەچچە ئون يىل ياشايمىز، كىشىلەر ناھايىتى تېزلىكتە ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان ئۇششاق ئىشلارنى ئىچىمىزگە سېلىۋېلىپ ئۆزىمىزنى قىيىنىغىنىمىز ئاز كېلىپ، يەنە قوپۇپ غەزەپ ئوتىدا ئۆزىمىزنى كۆيدۈرسەك، ھەقىقىي ئىشلارنى، ئۇلۇغ ئىشلارنى، ئۇششاق سۆزلەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ بىزنى ياشاش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ دەپ ئالىي تىلەكلەر بىلەن قاراپ تۇرغان يارەنلەر قانداق قىلىدۇ؟

ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشىنىش. بىز كىتابىمىزنىڭ باش قىسمىدا ھەرقانداق ئادەمدە ئۆمۈر بويى ئېچىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى تەكرار قەيت قىلدۇق. بىز بۇ يەردە ھەرقانداق ئادەمدە ئۆمۈرۋايەت ئېچىشقا تېگىشلىك يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. بولۇپمۇ سەنئەتكارلىقنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدىكى بىر خىل ئىجادىيەتتە ئۇتۇق ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتتىن گۇمانلانماسلىقىمىز كېرەك. بىز پەقەت ئەتراپىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىزدىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، زېرىكمەستىن ئىزدىنىشۋېرىدىكەنمىز، ھامان ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولالايمىز. تۆۋەندىكى بىر تېخنىكنىڭ ئۆز قابىلىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش جەريانى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

بىر شىركەتنىڭ تەرەققىيات بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان بىر تېخنىكنىڭ تۈزۈكرەك بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغىنى ئۈچۈن بېشى قېتىپتۇ. ئۇنىڭ باش قېتىمچىلىقى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا خېلى مۇرەككەپ بىر تېمىنى تاپشۇرغانلىقىدىن ئىكەن. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ھەقتە تۈزۈكرەك بىر لايىھىنى ئويلاپ چىقالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «مەن زادى تەرەققىيات تارمىقىدا ئىشلەشكە لايىقمۇ، قانداق؟» دەپ ئويلاپ، بارا - بارا ئۆزىدىن ئۆزى گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ.

ئەمەلىي خىزمەتتە، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان خىزمەتنى قىلىپ كېتەلىشىگە ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ شۇ خىزمەتنى قىلىپ كېتەلەيدىغان قابىلىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقىدىن گۇمانلانغانسېرى، شۇنچە باش قېتىمچىلىقتا قالىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ تېخنىكنىڭ ئەھۋالى دەل شۇنداق بولۇپ، ئۇ ئۆز قابىلىيىتىدىن گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن كېلىپ چىققان كەيپى تۆۋەنلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئامالسىز قالغان.

بۇ شىركەتتە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كىرگەن يەنە بىر تېخنىك ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ قېلىپ: «يېقىندىن بېرى كەيپىياتىڭ تۆۋەن تۇرىدۇ، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

بۇ تېخنىك دەسلەپتە بۇ ئادەم ماڭا كۆيۈنۈۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئىزا تارتقانلىقىدىن تىلىنىڭ ئۇچىدىلا سۆزلەپ بېرىش بىلەن بولدى قىپتۇ. كېيىن قەدىناس خىزمەت-

دىشىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈش پوزىتسىيىسىدىن ھەقىقەتەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ – دە، ئۆزىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشنى ئۇنىڭغا تولۇق ئېيتىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن بۇ تېخنىكنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە تەكرار ئويلىنىپ ئاخىر ياخشى چارە تېپىپ چىقىپ ئۇ تېمىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپتۇ. باشقا ئادەملەرمۇ مۇشۇنداق ئەمەسمۇ؟

بەزى كىشىلەر ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمىسا، تېز – تېز ئالغا باسالمىسا ئۆزىدىن خاپا بولىدۇ، كەيپىياتىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، باشقىلارغا دېيىشنىمۇ خالىمايدۇ، نەتىجىدە ئوڭايلا چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا چېنىقىشنىڭ كەملىكىدىن ياكى ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، ئۇسۇللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ئالالمىغانلىقتىن بولۇپ، ئادەم بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، روھىي چۈشكۈنلۈكتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتىش، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش شۇ ئاساستا ئىزدىنىپ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش لازىم.

توغرا، مەسلىھەتلەشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە ياخشى چارە بولۇشى ناتايىن، بىراق مەسلىھەتچى بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەي، تېخىمۇ ياخشى ئەقىل كۆرسىتەلەيدىغان ئادەمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ تېپىش كېرەك. ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتقاندىن كېيىن، ھېچبولمىغاندا ئادەمدە بىر خىل يېنىكلەش ھاسىل بولىدۇ ياكى بولمىسا مەسلىھەتداشتىن يەنە بەزى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىش ئارقىلىق ئىلھام ئېلىپ ئۆز ئىشىمىزغا چارە – ئامال تاپقىلىمۇ بولىدۇ. دېمەك، بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلالمىغاندا، پىلاننى ياخشى تۈزەلمىگەندە، ماقالىنى ياخشى يازالمىغاندا، ئو-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرەلمىگەندە... ئۆز ئىچىدە بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە دەرد ئەھۋالىنى باشقىلارغا ئېيتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ ـ دە، مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئويلانغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، كۆپ ئويلاش، ئويلاپ ھەل قىلالمىغاندا باشقىلاردىن سوراش بىلىم ئېلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ، كۆڭلىدىكى باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش جەريانىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى مەسىلە قويۇش، مەسىلە ھەل قىلىشتىن بەكرەك توغرا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى سوئال مۇستەقىل تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، بۇرۇنقى بىلىملىرىگە قانائەت ھاسىل قىلماسلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، سىزنىڭ باشقىلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشىڭىز ۋە سوئال قويۇشىڭىز، سىزنىڭ تېخىمۇ قابىللىقتا قاراپ يول ئالغانلىقىڭىز بولىدۇ. سىز بۇنداق قابىللىقتا قاراپ ئىلگىرىلەشنى خالىمامسىز؟

ئۆزىنىڭ دىلخەستىلىكىدىن كېلىپ چىققان كەيپى تۆۋەن بولۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بەزىلەر بۇ ئائىلەمنىڭ ئىچكى ئىشى تۇرسا، باشقىلار چۈشەنمەيدۇ، دېگىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر پايدىسى يوق، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ، ھەرنېمىدېگەن بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر ياكى ياشقا چوڭ كىشىلەرنىڭ سىزگە قارىغاندا بىلىمى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى مول بولىدۇ، سىزنىڭ باش قېتىمچىلىقىڭىزنى چۈشىنىدۇ، ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. قىسقىسى، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش بىلەن بىرگە ئۆزىڭىزنىمۇ تەكشۈرۈپ، قايسى جەھەتلەردىن ئۆزىڭىزنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسى، باش قېتىمچىلىقىنىڭ سىزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن،

ئۆزىڭىزنىڭ ھال كۈنىنىڭ تېخى يامان ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ روھىيىتىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. شۇڭا، ھەر نېمە بولسا بولسۇن، ئۆزىڭىز يېگانە بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرمەڭ، دىلخەستىلىك بىلەن كۈرەش قىلىڭ، روھلۇق بولۇڭ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تەدبىر ئىزدەڭ، دىلخەستىلىكتىن قۇتۇلۇش ئامالىنى تېپىپ چىقىڭ.

تۆتىنچى، ھارغىنلىقنى چىقىرىپ تاشلاش. روھىي چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر ئەپچىل چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى ھەر كۈندىكى ھېرىش - چارچاشتىن قۇتۇلدۇرۇش ياكى كەيپىياتىڭىزنى باشقا ياققا بۇراش. چۈنكى ھەر كۈنى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان خىزمەتتىكى نارازىلىق، چارچاش، زېرىكىش تۇيغۇسى يىغىلىپ كۆپىيىۋەرسە، ئادەم بارا - بارا خىزمەت قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

بۇ خىل نارازىلىق، ئازاب - زېرىكىش تۇيغۇسىنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن كەيپى تۆۋەنلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنلۈك خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامال قىلىپ كەيپىياتىنى باشقا ياققا بۇراش كېرەك. ئەڭ ياخشى چارە — كۈندۈزدىكى خىزمەتكە ئوخشىمايدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشتۇر. ئەگەر كۈندۈزدە ئىشلىگەن خىزمىتىڭىز شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىشلىگەن خىزمەت بولغان بولسا، كەچتە ئەڭ ياخشىسى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىمكان بار بەدىنىڭىزنى چېنىقتۇرۇڭ. كۈندۈزدە ئۆزىڭىز يالغۇز خىزمەت قىلغان بولسىڭىز، كەچتە ئەڭ ياخشىسى كۇلۇب پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىڭ ياكى كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىدىغان دوستلىرىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ يالغۇزلۇق تۇيغۇسىنى تارقىتىۋېتىڭ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر كۈندۈزى جىسمانىي ئەمگەك ياكى سىرتتا سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىڭىز، كەچتە ئەڭ ياخشىسى جىم ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇڭ، مۇزىكا ئاڭلاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياكى تېلېۋىزور كۆرۈڭ. ئەگەر كۈندۈزى ئىشلىگەن خىزمىتى-
ڭىز زېرىكىشلىك خىزمەت بولسا، كەچتە ئەڭ ياخشىسى ئۆزد-
ڭىز قىزىقىدىغان، يەنى رەسىم سىزىش، مۇزىكا ئاڭلاش، شاھ-
مات ئويناش ۋە ئىجادىيەت قاتارلىق ئادەمنى تۇرمۇشتا خۇشال
قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىڭ.

كۈندۈزى كەتكۈزۈپ قويغان نەرسىلەرنى كەچتە ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ، روھتىن تارتىپ تەنگىچە بولغان تەڭپۇڭلۇقنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش، روھ بىلەن تەننىڭ ساغلاملىقىغا ئوخشاش
كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ ئۆزى — ھارغىنلىقنى تۈگىتىش، خۇش
كەيپلىكنى ساقلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

بەشىنچى، ناچار ياكى نورمالسىز كەيپىياتنى ياخشىلايدىغان
ئۇسۇللارنى ئىگىلەش. بۇنداق قىلغاندا، كەيپىياتنى ياخشىلاپ
كېتىش بىلەنلا قالماستىن، سالامەتلىكنىمۇ ياخشىلاپ كەتكىلى
بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ ئۇسۇللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

ھەرىكەت قىلىش — ئايلىنىش، تېز مېڭىش، سۇ ئۈزۈش
قاتارلىق ھەرىكەتلەر نورمالسىز كەيپىياتنى ئۆزگەرتىشتىكى ئۈ-
نۈملۈك ئۇسۇل، چۈنكى ھەرىكەت يۈرەكنىڭ سوقۇش رىتىمىنى
تېزلىتىپ، قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئورگا-
نىزملارنىڭ ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ
ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ.

كۈلۈش — كۈلۈش كەيپىياتنى تەڭشەشكە، ھارغىنلىقنى
تۈگىتىشكە پايدىلىق. ئەگەر ئائىلىدە دائىم كۈلكە ئاۋازى ياڭ-
راپ تۇرسا، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كەيپىياتى نورمال بولىدۇ.

مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىش — مۇزىكا چوڭ مېڭىنىڭ تې-
خىمۇ كۆپ مىقداردا ئىچكى تىنچلاندۇرغۇچ ماددا ئىشلەپچىقىرد-
شىنى تېزلىتىپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ. كەيپىياتىڭىز ياخ-
شى بولمىغان چاغدا ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە ياقىدىغان (مىجەزد-
ڭىزگە ماس كېلىدىغان) ئىككى - ئۈچ مۇزىكىنى ئاڭلىسىڭىز،

كەيپىياتىڭىز بارا - بارا ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

گۈل سەيلىسى قىلىش — گۈل - چېچەكلەرنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقى ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش رولىغا ئىگە. كۆك، يېشىل رەڭلەر كىشىلەردىكى جىددىيچىلىكنى، غەم - قايغۇنى ئازايتىدۇ. لېكىن ئاچچىق كەلگەندە قىزىل رەڭگە، قايغۇرغاندا بىنەپشە رەڭ بىلەن قارا رەڭگە قارىماسلىق كېرەك.

سەيلى - تاماشا قىلىش — ئازابلانغان، ئىچى سىقىلغان چاغلاردا سىرتتا سەيلە قىلىپ، دەرەخلەرنى كۆرۈپ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىشىدىن ھوزۇرلانسا، كەيپىيات ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

يۇمۇر — يۇمۇر بىر خىل ئۇنۇملۇك «ئۆزگەرتكۈچ». ئۇ غەمكىنلىكنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا يۇمۇر كەم بولسا بولمايدۇ.

كىتاب ئوقۇش — كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇراپ، باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ بارىدۇ - دە، غەم قايغۇدىن ۋاقتىنچە خالىي قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى 1 - نەشرى.
2. مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى 1 - نەشرى.
3. جان سترلاۋ: «مىجەز پسىخولوگىيىسى»، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
4. ئوسبورىن: «ئىجادىي قابىلىيەت»، نوجياڭ نەشرىياتى، 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.
5. «جۇڭگو بۈيۈك قامۇسى»، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1982 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى.
6. لىن سۈڭ: «بىلىم خەزىنىسى ‹قۇرئان كەرىم›»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل 1 - نەشرى.
7. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى.
8. ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ: «نادانلىق - ياۋۇزلۇق» - نەۋائىينىڭ مەنتىقىي ئەخلاق كۆزقارىشى توغرىسىدا.
9. ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ: «ھايات ساۋاقلىرى»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1992 - يىللىق توپلام.
10. شيەنگۈجىگزاۋ (ياپونىيە): «ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش تەپسىرى»، 1988 - يىلى جۇڭگو ئىقتىساد نەشرىياتى، 1 - نەشرى.
11. ئىممانىل كانت (گېرمانىيە): «ئىستېمال ئىنسانشۇناسلىقى»، 1987 - يىلى چۇڭچىڭ نەشرىياتى 1 - نەشرى.

责任编辑：热孜万古丽·哈德尔
封面设计：艾克拜尔·沙力


# 危机与创新（维吾尔文）

斯拉木江·谢里甫 著
阿不都卡德尔·加拉力丁 审订

新疆科技卫生出版社（K）出版
（乌鲁木齐市延安路21号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行
新疆漠尔通（MORTOM）印刷有限责任公司印刷
850×1168毫米 32开本 11.875印张 2插页
2001年1月第1版 2001年1月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN 7—5372—2649—0/Z·130(民文)定价:15.00元

www.uyghurkitap.com



ISBN 7-5372-2649-0

9 787537 226493 >

ISBN 7-5372-2649-0
Z·130(民文) 定价:15.00元